


KASHGAR LITERATURE

AltunDaq


# قەشقەر ئەدەبىياتى


6

١٩٩٠



جكپ مەر-
كىزىي كومىتې-
تىنىڭ ئەزاسى،
جۇڭگو يازغۇ-
چىلار جەمئىيە-
تىنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى، ئا-
تاقلىق يازغۇ-
چى ۋاڭ مېڭ
قەشقەردە.





(سۈرەتنى باۋدى
قاتارلىقلار
تارتقان)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

(قوش ئايلىق ژۇرنال)


6

1990

19 - يىل نەشرى

( ئومۇمىي 97 - سان )


«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

AltunOq

# بۇ سانىدا


قاۋسىلقان قامىجان ........ پارتىيە رەھبەرلىكى ــ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى ... 1


## نەسرىي ئەسەرلەر


ئەخمەت مۇساقى ........ سوۋغات ........ 10
تۇرسۇنجان سىدىق ........ ئەر ـ ئاياللار ........ 18
قادىرجان مۇھەممەتئىلى ........ بۇلاق سۈيى قۇرىمايدۇ ........ 62
ئاررۇكۈل ئابدۇۋاپاي ........ دوستۇمغا خىتاب ........ 71
ئارسلان تالىپ ........ ماھارەت ........ 117


## شېئىرىيەت گۈلزارى


يالقۇنجان ئىسلام ........ بۇ پاك نىيەت، پاك سۆيگۈ (داستان) ........ 22
ياسىن زىلال، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ياقۇپ بەختى، ئۆمەرجان روزى، ئۆمەرجان نىيازى، ئابلىكىم نورۇز، يۈسۈپجان بارات، ئامىنە دۆلەت، ماخمۇت مۇھەممەت، مۇھەممەتجان ئوسمان، ياسىنجان ئوسمان، غەيرەت ھۇشۇر، پەرھات مۇھەممەت، مۇھەممەت ئەخمىدى، ئەبەيدۇللا ئابدۇلۋارى، ئەلى ئەمەت، چىمەنگۈل ئاۋۇت، ئەنۋەر مۇھەممەت، ھەزرەتئەلى ئىمىن، ھۆسەيىن ئەسئەت، ئەنۋەرجان مەتنىياز ........ شېئىرلار ........ 35


## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


كېرىمجان ئابدۇرېھىم ........ ئورۇنسىز كۆمانخورلۇق ۋە پەزىلەتسىز يېزىقچىلىق توغرىسىدا ........ 72


## ساتىرا ۋە يۇمۇر


بىدار ........ تەرامىنىش (فېلىيەتون) ........ 78
ئابلىمىت باتۇر ........ توزۇپ كەتكەن دەسمايە (فېلىيەتون) ........ 84
ئابلىمىت قۇربان، ئوسمانجان مەھەممەت ........ مەسەل ۋە ساتىرالار ........ 87


## بالىلار ئەدەبىياتى


سەلەي قاسىم ........ ئىسىم ۋەجىدىن ........ 90
تىلىۋالدى ئەيسا ........ تومۇزغا ........ 93
ئونۇلھاشىم قاسىم ........ «مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ» ........ 98
ئابلىمىم روزى، چارپانى، ھاپىزجان مۇھەممەت ........ شېئىرلار ........ 101


## سەھنە ۋە ئېكران


سەپەر ھۈسەيىن ........ «دولان مۇقامى» ۋە ئۆزىك فورماسىيىلىك مۇزىكا ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 104


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى


ئاتىكەم زەمىرى (تاجىك) ........ يامان ئاقىۋەت ........ 113
قۇربانخان ئاخۇنباي (تاجىك) ........ تاغلارنىڭ قۇدرىتى سىڭگەن تېنىمگە ........ 115
قەدىم دىرىبەنزادە (تاجىك) ........ شېئىرلار ........ 116


## چەتئەل ئەدەبىياتى


مىخايىل زوشچېنكو ........ بىر پارچە خەت ۋە ساۋاتسىز ئايال توغرىسىدا ھېكايە ........ 119


## خەزىنە


سابىرجان سىيىت رەتلىگەن ........ ئوخشاش (چۆچەك) ........ 121
ئۆمەر ئىسمائىل ........ بەدىئىيەتنىڭ ئاقىۋىتى ........ 122


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇر


(بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى قەيسەرجان قاسىم، جۈمە ئابدۇللالار ئىشلىگەن)

قاۋسىلقان قامجان

# پارتىيە رەھبەرلىكى ـ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى

پارتىيە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش، ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش — ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ مۇھىم بۇرچى؛ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە بارلىققا كەلگەن، سەممىي غەمخورلۇقى ۋە پەرۋىش قىلىش ئارقىسىدا روناق تاپقان، گۈللەنگەن. شۇڭا، كېسىپ ئېيتالايمىزكى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز پارتىيە رەھبەرلىكىگە مۇھتاج. پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە مۇھتاج. دېمەك، پارتىيە رەھبەرلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ خەلق قەلبىنى شادلاندۇرغان بۈگۈنكى كۈنى بولدى. شۇڭا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئاساسلىق ھالقا يەنىلا پارتىيە رەھبەرلىكى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە بولغان كونكرېت يېتەكچىلىكىدۇر. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى يەنىلا ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكىدە چىڭ تۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئېلىمىزدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا قارىتا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ئېغىشماي چىڭ تۇرۇش مەسىلىسى ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. بىراق، بۇ مەسىلىنى ئومۇميۈزلۈك چاقىرىق قىلىپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ، ئۇنۇمىنى كۆرسىتىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەكرار ئويلىنىش كېرەك. بۇنىڭدا ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم بولغىنى پارتىيە رەھبەرلىكى. بىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش مەسىلىسىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن شەرتسىز تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئەمەلىيلەشتۈرمەي تۇرۇپ، قالغان ئاساسلىق پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

كوممۇنىستىك پارتىيە سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزنىڭ پاراۋۇزى، يولباشچىسى بول-

قانىكەن، ئۇ، چوقۇم سوتسىيالىستىك دەۋرىمىز ئەدەبىيات - سەنئىتىگىمۇ رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك.

پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتكە رەھبەرلىك قىلىشىنى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى رولىنى بىۋاسىتە تۇتۇشنى، كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىپ، توغرا نىشان كۆرسىتىشنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۈپ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكلىرى، دەۋرىمىزنىڭ تەلىپى، خەلقنىڭ ئارزۇسى بەلگىلىگەن.

ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن بۇيانقى يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە كوممۇنىستىك پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزگە ئىزچىل تۈردە رەھبەرلىك قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مەخسۇس سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ توغرىلىقى، ئىلمىيلىكى، ئۇنىڭ خەلقنىڭ، كەڭ ئىجادكارلارنىڭ دىلىدا ياققانلىقى، ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەنلىكىدە ئېنىق ئىپادىلەندى. «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش»، «كونىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەللىكنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش»، «ئەدەبىيات سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»... قاتارلىقلار پارتىيىمىزنىڭ ھەر قايسى دەۋر، ھەر قايسى مەزگىللەردە مەخسۇس ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم يېتەكچى خاراكتېرلىك فاڭجېن، سىياسەتلىرىدۇر. بۇ ئۇلۇغۋار فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىزنىڭ رەڭدار مىللىي شەكىل، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىدە ئىلگىرىكىسىگە سېلىشتۇرغاندا ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىدىغان دەرىجىدە زور ئۆزگىرىش بولدى.

ئېلىمىزدىكى قېرىنداش ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئوخشاش، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش بولدى. بۇنىڭدا ئۆزىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى ئېچىپ، 50 يىللىق غەلىبە مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مېۋىسى ھېسابلانغان ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز تولۇق پاكىت بولالايدۇ. بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى سان جەھەتتىكى سالمىقىنى، سۈپەت جەھەتتىكى بەدىئىي قىممىتىنى دۆلىتىمىز ئىچى ۋە دۆلىتىمىز سىرتىدا كۆرسەتكەن تەسىرىدە روشەن ئىپادىلىمەكتە. بۇ مول نەتىجىلەر كىشىلەرنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ ھەم خۇشاللاندۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىز يېقىندا ئەنە شۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن، خەلقىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك، ساغلام مەنىۋى ئوزۇقلارنى يارىتىشتا يول ئاچقان، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا مەدەت بېرىپ، جاسارىتىگە - جاسارەت قوشقان پارتىيىمىزگە قانداقمۇ چىن قەلبىمىزدىن ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالايمىز؟! بۇ پاكىتلار بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ چىڭىت-

ئىدۇ. بۇ پاكىتلار بىزگە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكى بولغاندىلا سوتسىيالىستىك
ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىس-
پاتلاپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتكە بول-
غان رەھبەرلىكىنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلىكى، ئەمەلىي ئۈنۈمى ئەدەبىيات بىلەن سىياسە-
تنىڭ كونكرېت مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەنبەسى، ئىچكى قانۇنىيىتى، دىئالېكتىك
بىرلىكى، ماھىيىتى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي بىلەن ئەدەبىيات ھەر ئىككىلىسى
ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئارا قويۇق مۇناسىۋەتتە زىچ ماسلاشقان ھال-
دا ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ھەم ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىش
رولىنى ئوينايدۇ، شۇنداقلا سىياسىي بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا خىزمەت
قىلىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. ئالايلى، سىياسىي، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىشىش ئارىلىقى يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا خىزمەت
قىلىش، تەسىر كۆرسىتىشى تېز ھەم بىۋاسىتە بولىدۇ. ئەدەبىياتقا كەلسەك، ئۇنىڭ ئىقتى-
سادىي بازىس بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ئارىلىقى يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي
بازىسقا خىزمەت قىلىش، تەسىر كۆرسىتىشى ئاستا ھەم ۋاسىتىلىق بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئە-
دەبىيات بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئاساسەن سىياسىينى ۋاسىتە ۋە كۆۋرۈك قىلىدۇ.
سىياسىينىڭ ۋاسىتىسى، سىياسىينىڭ ياردىمى بولمىسا، ئەدەبىياتنىڭ ئىقتىسادىي بازىس ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلىش، تەسىر كۆرسىتىشى قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇڭا سىياسىي بىلەن ئەدەبى-
ياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا ھەم ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

دېمەكچى بولغان مۇددىئايىمىزغا كەلسەك، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى — كوممۇ-
نىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئورنىتىلغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىستۇر. ئۇن-
داق ئىكەن، سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، سىياسەت، قانۇن قاتار-
لىقلار كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، رىياسەتچىلىكىدە بەلگىلەنگەن.
بۇنداق شارائىتتا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز شەرتسىز تۈردە پارتىيە رەھ-
بەرلىكىنى قوبۇل قىلماي بولمايدۇ. ئۇ، پارتىيە سىياسىتىنى، قانۇن - پەرمانلىرىنى ۋاسى-
تە، كۆۋرۈك، يېتەكچى ئىدىيە، تۈپ يۆنىلىش، نىشان قىلىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك
ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىپ، ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، سوتسىيا-
لىستىك رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى
بايلىقىغا ئايلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، پەن - مەدەنىيەت، دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەت-
تە گۈللىنىپ، تېخىمۇ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينىيالايدۇ. مۇبا-
دا ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنكار قىلىنسا، ئۇ چاغدا سوت-
سىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشتەك جەڭگىۋار ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئېلى-
مىزنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىدە بىر خىل گۈللىنىش يېڭى تارىخىي بۇرۇلۇش ۋەزىيىتى
بارلىققا كەلدى. ماددىي بايلىقلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ سوتسىيالىس-

تىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزمۇ يېڭىباشتىن تەرەققىيات يولىنى تاپتى. كوممۇنىستىك پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. يېڭى دەۋردىكى يېڭى ۋەزىپىلەر ئالدىدا پارتىيىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىمىزنىڭ زورىيىشىنى، ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدىن، سەممىي غەمخورلۇقىدىن ئاجرىتىپ قاراشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ پارتىيىمىز ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى تەلىماتى، ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى بويىچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى باشقۇرۇپ، ئۇنى سوتسىيالىزم ئومۇمىي ئىشلىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زور كۈچ بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتىن، كەسپىي جەھەتتىن چوڭقۇر ماركسىزم ـ لېنىنىزم تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى. پارتىيىمىز ئۆتكەن يېرىم ئەسىر ۋاقىت مابەينىدە مەخسۇس ئەدەبىيات ـ سەنئەت كەسپلىرى بويىچە مۇنتىزىملاشقان ئالىي مەكتەپلەردە، ھەر دەرىجىلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى، قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوقۇتۇپ تەربىيىلەش، ماھارەت كۆرسىتىشكە، ئىجاد قىلىشقا ۋاقىت چىقىرىپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، يېڭىلىق يارىتىشقا، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھام بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئىدىيىۋى، كەسپىي ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ساغلام، بىلىملىك، ئىقتىدارلىق سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنى بەرپا قىلدى. ئۇلار ئىچىدىن مۇنەۋۋەرلىرىنى تاللاپ پارتىيىگە قوبۇل قىلدى، مۇھىم رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە ئۆستۈردى. ئىجادىيەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغانلىرىنى تەقدىرلىدى. سانى كۆپ، سۈپىتى يۇقىرى، بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىجادىيەت ئەمگىكى بار ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا دۆلەت تەرىپىدىن ئەتىۋارلاپ ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك تۆھپىكار ئىلىم ـ پەن خادىملىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى. نۇرغۇن خىراجەت ئاجرىتىپ مەخسۇس ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى، پروگراممىسى بار قانۇنلۇق جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇپ، نەشرىيات ئورگان ژۇرناللىرىنى تەسىس قىلىپ بەردى، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ مەملىكەت ئىچى، مەملىكەت سىرتىغا چىقىپ زىيارەت قىلىشىغا، مەدەنىيەت، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى كەڭ ـ كۇشادە ئالماشتۇرۇشىغا، ئۆز جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلتايلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئېلىپ بېرىشىغا، نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت نىشانى، ئىجادىيەت ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەپ قارار چىقىرىشىغا، ھەر خىل شەكىللەردە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قانۇنىيىتى، ئىجادىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈشكە كەڭرى ئىمكانىيەت ياراتتى. كەسپىي يازغۇچىلار سانىنى كۆپەيتتى. كوممۇنىستىك پارتىيىمىز يەنە يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ باي ئەدەبىي مىراسلىرىنى يىغىش، توپلاش،

رەتلەش، ئۇنىڭغا تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىنى نامايەندە قىلىش يولى بىلەن ئەدەبىيات — سەنئەت خادىملىرىمىزنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ تالانت — جاسارىتىدىن تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ئاشۇردى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، كوممۇنىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن روھىنى ئۇرغۇتتى. مەسىلەن: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە بىۋاسىتە قول تىقىپ يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات — سەنئىتى تارىخىدا بارلىققا كەلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى، «12 مۇقام» دىن ئىبارەت بۈيۈك گۆھەرلەر رەتلىنىپ، نەشر قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزدىن باشقا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دانا رەھبەرلىكى ۋە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇر تىلىدا «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ناملىق ئەدەبىي ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەمۇنىلىرىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇشنىڭ داغدام يولىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئاپتونوم رايونىمىزدا خەنزۇ تىلىدا «مىللىي يازغۇچىلار» ناملىق ژۇرنالىنى نەشر قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى خەنزۇ كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇشنىڭ، خەنزۇ تىل — يېزىقى ئارقىلىق دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇشنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى.

ئۆزىمىزگە پىششىق تونۇشلۇق بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا، ھازىرقى تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە نەزەر تاشلىغان چاغلىرىمىزدا ھاياجانلىق، ئىپتىخارلىق ھېسسىيات دېڭىزىغا چۆمۈلىمىز. خېلى بۇرۇندىن تارتىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مول نەتىجىلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلاردىن باشقا، كېيىنكى ئەۋلادلار ئارىسىدىن قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىرلاردىن تارتىپ مۇھەممەت باغراش، مەمتىمىن ھوشۇرغا قەدەر؛ مەھەممەتجان سادىق، رەخىم قاسىملاردىن تارتىپ ئوسمانجان ساۋۇت، ئەبەيدۇللا ئىبراھىملارغا قەدەر نۇرغۇن ساندىكى قەلىمى ئۆتكۈر، تەپەككۇرى چوڭقۇر، دەۋر بىلەن ھەمنەپەس، خەلق بىلەن سىرداش، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئەترا پلىق سەنئەت تەربىيىسىگە، كۈچلۈك ئىجادىيەت ماھارىتىگە ئىگە، ئىقتىدارلىق، ئىستىقباللىق يازغۇچى، شائىرلار ئارقا — ئارقىدىن يېتىشىپ چىقتى.

تۆتىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەدەبىيات — سەنئىتىمىز بىردەك سوتسىيالىستىك رېئاللىق چىنلىقىنى ئۆزىنىڭ جېنى قىلدى، رېئاللىقنى رېئالىستىك ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈردى، ئەدەبىيات — سەنئەت خادىملىرىمىز شەرتسىز تۈردە رېئاللىققا يۈزلەندى. ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئۈچۈن ماتېرىيال تېپىش مەنبەسى، سۈپەتلىك بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئۇندۇرۇشنىڭ مۇنبەت ئېتىزى قىلدى. ئۇلار داۋاملىق كەڭ خەلق ئارىسىغا بېرىپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەر بىلەن ئازادە ئۇچ-

رىشىپ، خەلقنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سۈت ئانىسىغا ئايلاندۇردى.

ياخشى ۋەزىيەتنى، دەۋرنى قەدىرلەش، خەلقنى قەدىرلەش، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋرنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ ئىنچىكە، مۇرەككەپ قاتلاملىرىنى ئاقتۇرۇش، خەلقنىڭ قەلبىنى، ئارزۇ ئىستەكلىرىنى چۈشىنىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادكارلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ياخشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى قۇرۇق خىيالىي دۇنيادىن كەلمەيدۇ. رېئال تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. يارامـلىق ئىجادكارلارمۇ ئەشۇ پاراسەتلىك خەلق ئارىسىدىن كەلگەن. كوممۇنىستىك پارتىيىمىز تەكرار تەشەببۇس قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىزنى دائىم خەلق ئاممىسى ئارىسىغا بېرىشقا، تۇرمۇشقا چوڭقۇر يۈزلەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار يارامـلىق ئەسەرلەرنى يېزىشنىڭ ياخشى ماتېرىياللىرىنى تاپتى. ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان ئوبيېكتلىرى بىلەن بىۋاسىتە ھەم ۋاسىتىلىق ئۇچرىشىش، چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن شېرىن ئىجادىيەت مېۋىلىرى ئارقىلىق دەۋرگە، خەلققە جاۋاب بېرەلەيدىغان بولدى. بۇ جەرياندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىز دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىجادكارلار ئۈچۈن دەۋر، خەلق، تۇرمۇش قانچىلىك ئەھمىيەتلىك بولسا، دەۋر، خەلق، تۇرمۇش ئۈچۈنمۇ ئىجادكارلار شۇنچىلىك لازىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

دېمەك، كوممۇنىستىك پارتىيىمىز كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىزغا دەۋردىن نەپ بەردى، خەلقتىن، تۇرمۇشتىن نەپ بەردى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، دەۋر، تۇرمۇش، خەلق دېگەنلەردىن ئىبارەت مۇقەددەس ئاتالغۇنى ئىجادكار قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۇرۇۋەتتى.

يازغۇچى، سەنئەتكارلار دەۋردىن، تۇرمۇشتىن، خەلقتىن مۇستەسنا ياشىيالمايدۇ. دەۋر، تۇرمۇش، خەلق ئۇلارنىڭ ئېڭىغا ئۆزىنىڭ ئاكتىۋال مەزمۇنى، روھى، ھەقىقىتى، چىنلىقى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. تەسىرگە ئۇچرىغان ياكى تەسىرنى قوبۇل قىلغانىكەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىز دەۋرنىڭ، تۇرمۇشنىڭ يورۇقلۇق تەرەپلىرىنى بولسۇن ياكى قاراڭغۇلۇق تەرەپلىرىنى بولسۇن ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

مەن 1989 ـ يىلى كۈزدە قەشقەر شەھىرىدە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ چەۋەندازى، تالانتلىق يازغۇچى زوردۇن ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ ئەدەبىيات ئىلمى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە پاراڭلاشقان ۋاقتىمدا، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ: «مېنىڭ يازغۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا ئىگە بولغان ئۈچ ئەنگۈشتىرىم بار. بۇلار: چىنلىق، دەۋر روھى، بەدىئىي ماھارەتتىن ئىبارەت» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى ھەققىدە خېلى ئويلاندىم، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ كۆردۈم. ئاخىرى زوردۇن ئەپەندىنىڭ بۇ قارىشىنىڭ چوڭقۇر ئىلمىي ھەم ئەمەلىي ئاساسىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇم. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادكارلىرى ئۈچۈن جاپالىق قان ـ تەر بەدىلىگە كېلىدىغان ئەسەرلەردە خەلق ئاممىسىغا بەدىئىي ماھارەت كۈچىگە تايىنىپ ئۆزۋەتىنىنىڭ،

ئۆز دەۋرىنىڭ، رېئال تۇرمۇشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتۇش، ئۆز دەۋرىنىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ كۆرسىتىشتىن باشقا قىممەتلىك ئىش بولمىسا كېرەك. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلۇشقا باشلىغان ئىقتىدارلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى زوردون سابىر ئەنە شۇنداق زامان بىلەن، تۇرمۇش بىلەن، خەلق بىلەن ھەمىشە ھەمنەپەس بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى بۈگۈنكى دەۋرگە تەئەللۇق. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە پۈتۈنلەي بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. دەۋرىمىزنىڭ تارماق ئېقىمىنى تەشكىل قىلغان نۇقسانلىقلار، ناتوغرا ئىشلار قاتتىق قامچىلانغان. دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ نۇرلۇق كېلەچەككە بولغان ئىنتىلىشلىرى رومانتىك ئۇسۇلدا روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. رېئال ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق كارتىنىسى، پسىخىك خاراكتېرى ئۆز بويىچە، ئۆز پۇرىقى بىلەن ئوبرازلىق سىزىلغان.

مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپمۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ۋەتىنىنى، پارتىيىسىنى، دەۋرىنى، خەلقىنى، ئىتتىپاقلىقنى، ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتنى، كوممۇنىستىك ئەخلاق - پەزىلەتنى مەدھىيىلەش، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن شېئىرىيەت ساھەسىدە چوڭ شۆھرەت قازانغان.

پارتىيىمىز ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەسىلىگە باشتىن - ئاخىرى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى. شۇڭا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ساغلام راۋاجلاندى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز ئىجادىيەتتە يېتەكچى ئىدىيىدىن، توغرا نىشاندىن، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن چەتنەپ كەتمىدى. قەدىمىنى غەلىبىلىك باستى. ئەنە شۇنداق بولغاچقا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ گۈللىنىشىدا بۈگۈنكىدەك بۆك - باراقسان مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈردۇق. ئەپسۇسكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان، باشقۇرۇشنى، ئارىلىشىشنى ئىنكار قىلىدىغان بەزى سەپسەتىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى، شۇنىڭدەك ماركسىزم - لېنىنىزم ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى، ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى خۇنۇكلاشتۇرىدىغان، ئۇنىڭدىن يۈتاق چىقىرىپ رېئاللىقنى ئەھمىيىتىنى، تارىخىي ئەھمىيىتىنى، ئىلمىي قىممىتىنى تۆۋەنلەشتۈرىدىغان گەپ - سۆزلەرمۇ بازارغا سېلىندى. نەتىجىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ كېتىپ، ئىدىيىۋى خاھىشى ساغلام بولمىغان ناچار ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئاشكارا نەشىر قىلىنىدىغان، ئاشكارا تەشۋىق قىلىنىپ تارقىتىلىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەردى. بىر قىسىم كىشىلەر ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلغۇچىلارغا ۋە بىر قىسىم مۇقامى بۇزۇق يامان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغۇچىلارغا ئەگىشىپ ئۇلارنى يېڭىلىقتا، ئىجادىلىقتا يۈزلەنگۈچىلەر، بۆسۈش ۋە يېڭىلىقنى ياراتقۇچىلار دەپ قارىغۇلارچە

كۆككە كۆتەردى .

ئەگەر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى قوبۇل قىلىنمىسا ، ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى ئىنكار قىلىنسا ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . پارلاق ئىستىقبالىدىن ئايرىلىپ ، خارابلىشىشقا يۈزلىنىدۇ . ئەدەبىيات - سەنئەت سېپى بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش يىكىر - ئېقىمى بىلەن توشۇپ ، ئەدەبىيات - سەنئەتكارلىرىمىز چىرىكلىشىش ، زەئىپلىشىشكە يۈزلىنىدۇ . ئاخىرى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۈزۈلۈپ ، قان - تومۇرى سوقۇشتىن توختايدۇ .

بىزنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە تەربىيىلەنگەن، ئۆزىنى دەۋرنىڭ ۋەكىلى، دەۋرنىڭ ۋىجدانى دەپ بىلگەن، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى چىڭ تۇرغان، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال قىلغان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز ئۈچۈن بۇرژۇئازىيىنىڭ رەھبەرلىكى كېرەك ئەمەس، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكى كېرەك. بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسى كېرەك ئەمەس، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى كېرەك. ئىتتىپاقسىزلىق، بۆلگۈنچىلىك كېرەك ئەمەس، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، بىرلىك كېرەك. يەنە بەزىلەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندا، رەھبەرلىك قىلغاندا ئۇنىڭ تاشقى جەھەتتىكى رولىغا، ئالايلى تەربىيىۋى ئەھمىيىتىگە، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە، تېمىسى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى قاتارلىقلارغىلا ئېتىبار بېرىدۇ، ئىچكى ئالاھىدىلىكىگە، سەنئەت قانۇنىيىتىگە، ئىستېتىك رولىغا، بەدىئىي قىممىتىگە يەنى شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ، دەپ كاپشىدى . بۇ ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغان ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك. پارتىيىمىز باشتىن - ئاخىرى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزغا ئۆز ئالاھىدىلىكى، ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە رەھبەرلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. كونكرېت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە قارىتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجادكارلارغا يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ئىجادىيەتتە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. مانا بۇ پاكىت پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەم مەزمۇنىغا ھەم شەكلىگە، شۇنداقلا بۇ ئىككىلىسىنىڭ مۇكەممەل بىرلىكىگە قارىتا قانچىلىك يۇقىرى تەلەپ قويۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، ئىجادچانلىق جاسارىتىنى ئۇرغۇتىدىغان، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي سۈپىتى جەھەتتىن ۋايىغا يەتكەن نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى.

كوممۇنىستىك پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونىڭ پۈتۈن ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا كاپالەتلىك قىلىش جەريانىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمى، قانۇنىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، جەڭگىۋار رولى، ئەدە-

بىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدە ئۈستقۇرۇلمىلىق ھاياتى كۈچى ھەققىدىكى تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق خەلقىمىز ئۈچۈن مول مەنىۋى بايلىقنى ياراتتى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە بىۋاسىتە قول تىقىپ يېتەكچىلىك قىلالايدىغان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا ئالاھىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى تەربىيىلەپ، دۆلەتنى، خەلقنى خاتىرجەم قىلدى. تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق پرىنسىپى بويىچە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا ئۆزگىچە جان كىرگۈزدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادكارلىرىمىزنىڭ ئالاھىدە ھوشيار بولۇشىغا، ئالاھىدە دىققەت قىلىشىغا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر مەسىلە ـــ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىدا چىڭ تۇرۇپ كۈچەپ تەرغىپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىللەتلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان بەزى كىشىلەر توغرا ئىشاندىن ئادىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەئىسى بولالمايدۇ؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئەمەس؛ «ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، دېگەندەك ئوخشاش بىر ئېيىملارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار غەرەزلىك ھالدا يوقىلاڭ نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىگە، ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇندى.

ئەگەر سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئايرىلسا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن، خەلقتىن ئايرىلسا، ئۇ ئاخىرى بېرىپ خەلق قەلبىنى سەسكەندۈرىدىغان زەھەرلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ بىزنىڭ قاتتىق ئاچچىق ساۋاق ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، بۇرژۇئاچە پىكىر ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىش ئېھتىماللىقىغا تاقابىل تۇرۇپ، قان ۋە جان بىلەن قولغا كەلگەن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، پاكلىقىنى، ئىلمىلىكىنى، تارىخ تەرەققىياتىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش رولىنى قوغدىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا نۇرغۇن ئامىللار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغىنى يەنىلا كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدۇر.

ئەخمەت مۇساق

# سوۋغات

(ھېكايە)

يېڭى ئۆي ياراشقان ئوخشايدۇ، ھەممىمىز شۇنچە خۇشال. ئادەتتە قاپىقى ئانچە ئېچىلمايدىغان ئايالىمۇ خوشلۇقىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز. بولمىسا، تاراقشىتىپ سەي توغراۋېتىپ ئۆز-ئۆزىچە ناخشا ئېيتامدۇ؟ بەزى تېخى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ناز بىلەن قولۇمنى تۇتۇپ ئەركىلەپ، لۆم-لۆم ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىمغا چاي، تاماكا قويۇپ، قولۇمغا كىتابنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. بالىلىرىمىز بولسا، ئايرىم بىر ئۆيدە ئۆز كارىۋاتلىرى ئالدىغا قويۇلغان شىرەلەرگە ئىگىشىۋېلىپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشمەكتە. تېخى پات-پات ئۆز كارىۋىتىنى كۆز-كۆز قىلىشىپ، بىر-بىرىگە كۆز قىسىشىدۇ. بىز بىلەن تۇرۇۋاتقىلى يەتتە-سەككىز يىل بولۇپ قالغان ئانام ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان (توغرىسى ئۆزى تاللىۋالغان) ئىچكىرى ئۆيدە يېتىپ، پات-پات كارىۋىتىنى غىچىرلىتىپ قويىدۇ.

ئۆيىمىزنىڭ خۇددى ھېيت كۈنىدىكىدەك ئوخشىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى مەنمۇ ھېس قىلىۋاتىمەن. لېكىن، بىزنىڭ ئۆيدە بۇنداق خۇشال ھېيت بولمىغىنىمۇ خېلى بولغان. ھېيت-بايراملاردا يوقلاپ كىرگەنلەرنىڭ ئالدى بىرەر بۇردا يېمەكلىككە ئېغىز تېگىپلا «ئامىن» دېسە، ئارقىسىدىكى مېھمانلار ئىشىك تۈۋىدىنلا ياناتتى. «تار يەردە ئاش يېگۈچە، كەڭ يەردە مۇشت يە» دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ. تەييارلىقىڭ ھەر قانچە ياخشى بولسىمۇ، ئۆرە تۇرۇپ يېگەن نازۇ-نېمەتمۇ ئولتۇرۇپ يېگەن قاتتىق ناننىڭ لەززىتىنى بەرمەسكەن.

بۈگۈن ھەممىمىز خۇشال. بۇنىڭ سەۋەبى، بىزنىڭ ئۆي كۆچكەنلىكىمىز. بۇ يېڭى ئۆيمۇ ئەمەس، يەنە كېلىپ، شەخسىي سالغان ئۆيىمىزمۇ ئەمەس، پەقەت ئىلگىرى ئىدارە باشلىقلىرىلا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئۈچ ئېغىز ياتاق، بىر مېھمانخانىلىق، ھويلىسى خېلى چوڭ ئۆي ئىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا، مەمۇرىي ئورۇنلاردا دۆلەت پۇلى بىلەن ئائىلىلىكلەر ياتىقى سېلىشنى ھېچكىم ئېغىزغا ئالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاز-تولا ھوقۇقى بارلار ئەپلەپ-سەپلەپ يەر ئېلىشىپ، چوڭ-چوڭ قورۇلارنى ئىگىلەپ، ھەر خىل پاسوندىكى ئۆيلەرنى سېلىۋېلىشتى. ئۇلار ئىلگىرىكى ئولتۇرغان كۆكۈرت قېپىدەك ئۆيلەردىن كۆچۈپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭمۇ ئوغۇللىرى

ئۆيلەنگەن، قىزلىرى ياتلىق قىلىنغان. يەنە
كېلىپ ئۇلارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى بو-
لۇپ قالغانلىقتىن، ئاتا - ئانىلىرى كۆچۈپ
كەتكەن ئۆيلەر قانۇنلۇق ھالدا بالىلىرىغا
مىراس قالدى. ئەمدىلا قۇرۇلغان كىچىك-
كىنە ئائىلىلەر ھەر يوغان ئۆيلەرنى ئې-
گىلەپ، بىرسىنى توخۇخانا، بىرسىنى كې-
پەرخانا، بىرسىنى قويخانا قىلىپ ئولتۇ-
رۇشماقتا. بولدىلا، ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى
قىلىپ نېمە قىلاي؟ يۇقىرىدىن پات - پات
تۇرالغۇ جاي ئىسلاھاتىنى ئېغىزغا ئېلىۋا-
تىدىغۇ؟ ھۆججەت روھى بويىچە، ئولتۇراق
ئۆي ئىسلاھاتى بولغاندا، ئاۋۋال ئەسلى
ئولتۇرغۇچىغا باھاغا سۇندۇرۇلۇپ سېتىلىپ
بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ شەھەر-
نىڭ كىندىكىدىكى ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ئور-
نىنى قانداقمۇ قولدىن بەرگۈسى كەلسۇن!؟
لېكىن، كەلگۈلۈك بىزدە كەلگىلى كەل-
دى. خىزمەتكە چىققان ۋاقتىمىز ئۇلاردىن
قىسقا، ئۆز ۋاقتىدا بىرەر ئېغىز ئۆي
تېپىلمىسىلا، ئېيىپ - سېپىلىپ «ئائىلە»
قۇرۇۋاپتىمىز. ئۇ چاغلاردىغۇ كېتىۋەردى،
ئەمدى ئىككى - ئۈچتىن بالىلىق بولۇپ-
تىمىز. تاشلىۋەتكىلى چىدىمايدىكەن، سات-
سا پۇلغا ئالمايدىغان بىساتلىرىمىزمۇ
كۆپىيىپتۇ، ئاتا - ئانىلىرىمىزمۇ قېرىپ
كەتكەچكە، يېنىمىزغا ئەكەلمىسەك بولمى-
دى. لېكىن، ئۆي، يەنىلا ئىككى ئادەمگە
بىرلا كارىۋات كۇپايە قىلغان چاغدىكى
ئۆي. ئىدارىغا دەيلى دېسەك، ئەھۋال
ئاشۇنداق بولغاچقا، يۈزىمىز چىدىمىدى.
يەر ئېلىپ، شەخسىي ئۆي سېلىۋالايلى دې-
سەك، ئارمانغا چۇشلۇق دەرمان يوق. ئا-
نام قىش - ياز ھويلىدىكى ئۆزىمىز سېلى-
ۋالغان ئاشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتىدۇ.
ئۆيدىكى ئىككى كارىۋاتنىڭ بىرىدە ئوغلۇم
بىلەن مەن، يەنە بىرىدە ئىككى قىزىم
بىلەن ئانىسى ياتىدۇ. نېمە دېگۈلۈك!
«ئۆلۈككە گۆر، تىرىككە ئۆي لازىم...» دېي-
دىكەن. ھازىرغۇ تالادا قالغان ئادەم يوق،
لېكىنزە...

بولدى، گەپنى قىسقارتاي، ھازىر ئۈچ
ئېغىز ياتاق، بىر مېھمانخانىلىق ئۆينىڭ
ئىگىسى بولۇپ قالدىم. ئۆي يېڭى بول-
مىسىمۇ، ئاقارتىپ، تاملارغا زەدىۋال
تۇتقۇزدۇق، كونا تاملارغا خېلى ئىسكەت
كىرىپ قالدى. ھازىر ھەممىسى يېڭىچە
ئائىلە سايمانلىرىنى ياساتقۇاتقان بول-
غاچقا، ئىدارىمىزنىڭ توپا بېسىپ قالغان
كارىۋىتىدىن بىر نەچچىنى سېتىۋېلىپ،
ئۆيلەرگە قويۇۋىدىم، مەسىلە ھەل بولدى.
شۇنداق قىلىپ مەن ئىدارىمىزدىكى ئا-
دىنقى قاتاردىكى بىر يۈرۈش ئۆيدە ئول-
تۇرۇشلۇق ئائىلىنىڭ باشلىقى بولۇپ قال-
دىم. مانا ئەمدى ياتاق ئۆيۈمدە تاماكا-
نى چەككىچ، كىتاب كۆرۈپ ياتىمەن.

— ئاكا، دادام باشلىق بولغان ئوخشى-
مامدۇ؟ — ئوتتۇرانچى قىزىمنىڭ ئاۋازى
قۇلىقىمغا كىردى.

— ياقەي، دادام باشلىق بولغان بول-
سا، يەنە تۈنۈگۈنكى چوڭ يىغىندا گەپ
تەرجىمە قىلىپ يۈرەمتى! — بۇ، چوڭ ئوغ-
لۇمنىڭ ئاۋازى.

— ئەمىسە، بۇ ئۆيدە بۇرۇن باشلىقلارلا
ئولتۇرۇپتىمىشكەنغۇ؟

— دەرسىڭنى ئۆگەن، سېنىڭ نېمە كا-
رىڭ؟ بىز ئولتۇرغاندىكىن، بىزنىڭ ئۆي.

«شۇنداق، بىزنىڭ ئۆي!» مەن تاما-
كىنى ھوزۇرلىنىپ شورىدىم. گۈدەكلەر
چوڭلارنىڭ دەردىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۆي-
مۇ بىزنىڭ بولدى، لېكىن، ئۇ... ئەگەر
شىياۋچىڭ بولمىغان بولسا...

× ×

پېشقەدەم ئىدارە باشلىقى پېنسىيىگە
چىققاندىن كېيىن، ئۆزى ئىلگىرى سالغان
قورۇسىغا كۆچۈپ كەتتى. باشلىقنىڭ بىرلا
ئوغلىنىڭمۇ شەخسىي تۇرالغۇسى بولغاچقا،
ئۆي ئىدارىغا قالدى. لېكىن، ئۇنى ئىد-
دارىدىكى كادىرلارنىڭ ھېچقايسىسى تەلەپ
قىلمىدى. سەۋەب ئاددى: كونا باشلىقنىڭ
ئۆيىدە يېڭى باشلىقنىڭ ئولتۇرۇشى كې-
رەك - تە! ئىدارىمىزدا بۇنىڭغا شەرتى-
توشقىنى پەقەت ئىلگىرىكى كاتىپ، ھازىر-
قى ئىدارە باشلىقى چىلىك يىشەن ئىدى. ئىل-
گىرى ئىدارىدا ئۇ كاتىپ، مەن تەرجى-
مان بولغاچقا، ھەر ئىككىمىز باشلىقنىڭ
ئوڭ - سول قولى ھېسابلىنىپ، بىر - بى-
رىمىزدىن ئانچە ھېيىقمىي كەتمەيتتۇق. مەن
ئۇنى «شياۋچىلىك» دەپ چاقىراتتىم، ئۇ مېنى
«ياسىن» دەۋېرەتتى. خەلق قۇرۇلتىيىدا-
ئىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش
ئۇقتۇرۇشى چۈشمەستىنلا، بەزىلەر ئۇنى
«چىلىك جۈيجاڭ» دېگىلى تۇردى. ئۇ بەك ئو-
ڭايسىزلىنىپ، ماڭا: «ھەي... بۇ ئادەملەرنى...»
دەپ دەرد تۆكۈپ بەرگەنىدى. رەسمىي
ئۇقتۇرۇش چۈشكەندىن كېيىن، باشقىلار
ئۇنىڭ ئالدىدا قىلغاندەك قىلىپ، دېگىلى-
گەپ تاپالماي يۈرگەندىمۇ، يەنىلا «شياۋ-
چىلىك» دەۋەردىم. بەزىلەر تېخى پىكىر
بېرىدۇ، مېنى «ھاكاۋۇر، باشلىقنى كۆزگە
ئىلمىدى» دېيىشكەنمۇ بولدى. شياۋچىلىك ئۇ-
لارنى راسا تەنقىد قىلىۋېدى، ھەممىسىنىڭ
دېمى ئىچىگە چۈشتى. لېكىن مەنمۇ ئاخى-
رى «چىلىك جۈيجاڭ» دېگەنگە كۆندۈم. لې-
كىن، مەن كۆنگەن بىلەن شياۋچىلىك كۆنەل-
مەي، خېلى ئۇزۇنغىچە نارازى بولۇپ يۈر-
دى. ئەمدى ئۇمۇ كۆنگەن ئوخشايدۇ.
پېشقەدەم ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيى

توغرىسىدا ھېچكىم چوت سوقمىغان بىلەن،
شياۋچىلىكنىڭ ئۆيى توغرىسىدا چوت سو-
قۇۋاتقانلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئىدارى-
مىزدا مېنىڭدەك ئوتتۇرا ياشلىقلار خېلى
بولغاچقا، ئىككى ئېغىز ئۆي، خېلى كەڭرى
ھويلا ھەممىيلەننىڭ كۆزىنى قىزارتاتتى.
بەزىلەرنىڭ خۇپىيانە يول مېڭىۋاتقانلى-
قىنى، ھەتتا چىلىك جۈيجاڭنى مېھمان قىل-
غانلىقىنى ئاڭلىدىم. بەزىلەر كەچقۇرۇنلۇ-
قى سومكا كۆتۈرۈپ بېرىدۇ، جۈيجاڭنى يوق-
لاپتۇ. ئاھ، ئۆي، ئىككى ئېغىزلىقلا ئۆي،
مېنىمۇ قىيناپ بىر يەرگە ئاپاردى. لېكىن
ئىلگىرىكى «شياۋچىلىك» ھازىرقى چىلىك جۈي-
جاڭغا ئېغىز ئېچىشقا بوينۇم بولمىدى. ئا-
يالىم تولا ئەيىبلەپ، مېڭىمنى ئاغرىت-
ۋەتكەن بولسىمۇ، ئىچىمگە تىنىپ، دەر-
دىمنى تاماكىدىن ئېلىپ يۈرۈۋەردىم. شياۋ-
چىلىك ئىلگىرى خېلى تۈزۈك ئەمەك كۆرۈنەتتى.
خەلق رايىنى سىنىغاندا، مەنمۇ بىر ئاۋاز
بەرگەنىدىم. ھازىر قارىسام ھەممىسى «ئېشە-
كىم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغىچە» ئوخشايدۇ.

× ×

ئۆتكەن ھەپتە چىلىك جۈيجاڭنىڭ قايىقى
ئېچىلمىدى. ئادەتتە مېنى كۆرسىلا كۈلۈپ،
تاماكا تۇتىدىغان، بەزىدە موخۇركىمنى
ئوراپ چېكىدىغان ئادەم، مەن بىر نېمىسى-
نى ئوغۇرلىۋالغاندەك كۆزلىرىمگە تىكى-
لىپ قاراپ، ئاچچىق تىنىدىغان بولۇۋال-
دى. «خۇدايا توۋا، مەن ئۇنىڭغا نېمە
قىلغانىدىمەن؟ تەرجىمان دېگەن بەرىبىر
تەرجىمان، باشلىقنىڭمۇ، پۇقرانىڭمۇ سۆ-
زىنىمۇ تەرجىمە قىلىدىغان گەپ. بىر يې-
غىندا ئۇن ئادەم سۆزلىسە،
بىرسىنىڭ سۆزى تۈگىگىچە، قالغىنى
ئارام ئالىدۇ، چاي ئىچىدۇ،
موگدىشىدۇ، خورەك تارتىدۇ. لېكىن مەنچۇ؟

ھەممىسىنى تەرجىمە قىلىشىم كېرەك، ئېغىز-
لىرىم قۇرۇپ، خۇمارىم قىستاپ كەتسىمۇ
يەنىلا ئاڭلايمەن، يازىمەن، سۆزلەيمەن...
ھەي شىياۋچىڭ، بەلكىم خەلق رايىنى سىناش-
تا ماڭىمۇ بىر قانچە ئاۋاز بېرىلگىنى ئۈ-
چۈن، مېنى ئۆزەڭنىڭ رەقىبى، باشلىقلىق
ئورنىڭغا خىرىس قىلغۇچى، دەپ قارىغان
ئوخشايسەن. ئۆز ۋاقتىدا تېخى، «ھەي،
باشلىقلىقتا سەن لايىق ئىدىڭ، مەن سەنسىز
ھېچ ئىش قىلالمىسام، يېرىم ئادەم تۇرۇپ،
باشلىقلىقنى قاملاشتۇرالمايمەن» دەپ كەت-
كەنلىرىڭچۇ؟ ئۇستا تىلىقىڭنى قارا! مەيلى-
پەرۋايىم پەلەك، تەرجىمانلىق ئەمەلىم»-
دىن ئېلىۋەتسەڭ، شەپكەمنى ئاسمانغا ئې-
تىمەن، سېنى بىر ئاخشام مېھمان قىلاتتىم...

«يىغىن باركەن» دېگەننى ئاڭلاپ، مەجلىس-
خانىغا كىرسەم، ھەممەيلەن كېلىپ بولغا-
نىكەن، مەنمۇ بېرىپ، چىڭ جۇيجاڭنىڭ يې-
نىدىكى «مەخسۇس ئورۇن»دا ئولتۇردۇم. چۈن-
كى، مەن مۇشۇ «مەخسۇس ئورۇن» دا ئون
نەچچە يىل ئولتۇرۇپ، ئىككى باشلىقنى
ئۇزاتقانىدىم.

— يولداشلار، بۈگۈنكى يىغىندا ئۆي
مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىمىز، — چىڭ جۇي-
جاڭ چىرايىنى ئاچاستىن سۆز باشلىدى.

ھەممەيلەن غۇلغۇلىغا چۈشتى. چۈنكى،
ئىدارىمىزدا بۇ چاغقىچە ئۆي مەسىلىسى
ھەققىدە يىغىن ئېچىلىپ باقمىغان. مېنىڭ-
چىمۇ، ئىشلار باشنىڭ تۈكىدىن تولا تۇر-
غانىدا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، گەپ يور-
غىلىتىپ يۈرگىچە، كۆتۈرۈپ كىرگەن سوم-
كىسى تومراق بىرسىگە ئۆينى بېرىۋېتىپ،
ئۆزى پېشقەدەم باشلىقنىڭ ئۆيىگە كۆچۈ-
ۋالسىلا ئىش تۈگىمەمدۇ؟

— ھازىرقى ۋاقىتتا دۆلەت مالىيىسىدە
قىيىنچىلىق بولغاچقا، يېڭىدىن تۇرالغۇ
جاي سالالمايۋاتىمىز. كادىرلار ئۆزلۈكسىز
كۆپىيىۋاتىدۇ، ئەمەسمۇ؟ ھەممىمىزنىڭ قىي-
ىنچىلىقى بار، ئۇنى ئاستا-ئاستا ھەل قىلىشقا
توغرا كېلىدۇ، ئەمدى گەپ، پېشقەدەم باش-
لىقنىڭ ھېلىقى ئۆيىدە قالدى. يولداشلار-
نىڭ ھەممىسى ئۇ ئۆيدە مۇقەررەر ھالدا مې-
نى ئولتۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. نېمىشقا مەنلا
ئولتۇرىدىكەنمەن؟ مەن ئۈچلا نوپۇس تۇر-
سام، ھازىرقى ئىككى ئېغىز ئۆيۈممۇ كەڭ-
تاشا يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ مىللىي
يولداشلارنىڭكىگە ئوخشاش يوقلاپ كېلىپ،
قونۇپ قالىدىغان مېھمانلىرىممۇ يوق...

ھەممەيلەن بىر-بىرىگە قاراشماقتا،
بەزىلەر ھەتتا بىر-بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا
كۇسۇرلاشقىنىمۇ ئۈلگۈردى.

— ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆيدە ئىدارىمىز-
دىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر يولداشلار ئولتۇ-
رۇشى كېرەك. ئەمما، بىر ئىشلار بول-
مىدى جۇمۇ، بىر قانچە كۈندىن بېرى خېلى
كۆپ يولداشلار ماڭا ھال ئېيتىشتى، بە-
زىلەر ھەتتا ئۆيۈمگە سوۋغاتمۇ ئەكەلدى.
قەلەملەرغۇ ياخشى... لېكىنزە...

كۇسۇر-كۇسۇرلار بىردىنلا تىنجىپ،
بەزىلەر ئالاڭلاپ ئەتراپىغا قاراشتى، بە-
زىلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، پېشانىسى-
دىن تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— ئۇلار ھەممىسى ياخشى يولداشلار،
قىيىنچىلىق ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ؟!
بولدى، مەن ئىسىملارنى ئاتاپ ئولتۇر-
مايمەن. ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلار بىلىپ ۋا-
قىت چىققاندا بېرىپ سوۋغا-سالاملىرىڭ-
لارنى تونۇۋېلىڭلار، ئاشۇ بىر-ئىككى ئې-
غىز ئۆينى دەپ مېنىمۇ، ئۆزەڭلارنىمۇ بۇل-
غىماڭلار...

چەكچەيگەن كۆزلەر يۇمۇلۇپ، تاتارغان
يۈزلەرگە قان يۈگۈردى. ھەممەيلەن جۇي-

جاڭنىڭ — توغرىسى، مېنىڭ ئاغزىمغا قا-
رىماقتا...

— مېنىڭچە، بۇ ئۆيدە ياسىن ئولتۇرسا. ئائىلىسىدە جان سانى كۆپرەك، قېرى ئانىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاخشاملىرى ماتېرىيال تەرجىمە قىلسا باللىرى بىلەن جوزا تالىشىپ قالغانلىقتىن، يېرىم كېچىگىچە ئىشخانىدا ئىشلەيدۇ.

— شياۋچېڭ، بۇ... — مەن تۇنجى قېتىم باشلىقنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلالماي دۇدۇقلاپ قالدىم. ئاخىرىنى بىر يېرىم چالا-پۇلا ئۆرىدى.

— قانداق، پىكىرىڭلار بارمۇ؟

ئادەتتە ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان تىللار بىردىنلا قېتىپ قالدى. ئون مىنۇتچە ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى.

— ئەمىسە، كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بولمىسا، شۇنداق قىلايلى، يىغىن تامام.

مەجلىسخانا بىردىنلا بازارغا ئايلىنىپ، ھەممىسى ماڭا قەھرى - غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، بەزىلەر ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— ھەي، بىر - بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقمىدۇ - دە.

— خەپ، مەنمۇ ئۆگىنىمەن شۇ خەنزۇچىنى...

— ئىككىسى ئاران بىر ئادەم ئەمەسمۇ؟

— پاھ، ھاسىسى يادىغا يېتىپ قاپتىغۇ؟

مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك، دەرھال ئۆيگە قايتىپ، باللىرىمغا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىرىماقتىمەن.

× ×

شۇنداق قىلىپ، مەن باللىرىمنىڭ خۇشال كۈلكىسىنى، ئايالىمنىڭ ئاپئاپتەك چىرايىنى تاماشا قىلغىنىمچە، سوزۇلۇپ ياتماقتىمەن.

ئەمدى ئايالىم توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىرىپ «ئىدارىدىكىلەرنى باشلىۋالساق» دېگىلى تۇردى. ئويلاپ باقسام، بۇمۇ توغرا. ئۇلارنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى بولسا، ئالدىنقى قاتاردا تەكلىپ قىلىندۇق، باشقىلارنى چاقىرغانلىكى سورۇنلاردىن مەنمۇ قۇرۇق قالمىدىم. ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ ساۋادىم «ئېلىپ — بە» دىن چىققان. لېكىن، ئىلگىرى ئامال بولمىدى. ھەممىنى چاقىرسا ئولتۇرغىلى يەر چىقمىغان، ئاز چاقىرسا، قالغانلارنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن. يەنە كېلىپ، مېھمان چاقىرغاندىكىن، ئاز - تولا «خوش - خوش» ئېيتىدىغان گەپ. يېتىشتىن ھالقىغان ئادەمنىڭ ئالدىدا بۇمۇ سەت تۇرىدىكەن، ھەتتا باللىرىمىزنىڭ ئات تويى دېگەنلەرنىمۇ قىلماپتۇق، بۇ قەرزلەر گەدىنىمگە يۈكلىنىپتۇ. لېكىنىزە... ئوغۇل ئۆيلەپ، قىز چىقارغانلار توي دەپ چاقىرىدىكەن، يېڭى قورو - جاي سالغانلارمۇ ئالاھىدە باغاق تارقىتىپ، تويغا چاقىرىدىغان بولدى. سوۋغا-سالامنىڭ دەرىجىسىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. بىز ئەمدى نېمە دەپ چاقىرىمىز؟

— باغاق تارقاتمىغاندىكىن، ئەل قاتارى ئولتۇرۇپ كېتىڭلار، دېمەمسىز؟ — دېدى ئايالىم.

راست، بۇمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. باغاق تارقاتمىغاندىكىن، بىركىم سوۋغات ئېلىپ كەلمەس.

شۇڭا ئەتىگەندىن بېرى ھەممىمىز ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. مەن ئىملاجى بار داستىخاننى مولراق قىلىش ئۈچۈن، ھەدەپ دۇكانلارنى ئارىلاپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالدىم. سەل ھېرىپ قالغان بولسامۇ، كۆڭلۈم خوش. مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئۆينىڭ سەل ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم:

— ھەي، قېنى سىلەر؟

— مانا، مانا، — ئايالىم قېپىما يۇقىقوللىرىنى ئۈستۈن تۇتقىنىچە چىقىپ كەلدى.

— ھېلىقى ... سېلى چەك تارتقاندا موكاپات ئالغان توك شامالدۇرغۇچى قېنى؟ ئۆي سەل ئىسسىپ كەتكەندەك تۇرامدۇ؟

— ئۇھۇش، توققۇزىنچى ئايدىمۇ شامالدۇرغۇچ قويامدىكەن؟ — ئايالىم سەل تاتاردى.

— قويۇپ قويمامدۇق، ئىشلەتمىسەك تۇرار...

— ئۇنى مەن موكاپاتقا ئالغان، سېلىنىڭ كارىلىرى بولمىسۇن.

— نېمە؟ ئەمدى سېنىڭ — مېنىڭدە يىدىغان گەپىڭ قاچان ئۆگەندىڭلا؟ ئۆي تۆت ئېغىز بولدى. يەنە ئىككىدىن ئۆلۈشمىز دېمەڭلار يەنە، — مېنىڭمۇ سەل ئاچچىقىم كەلدى.

— بۇ... بۇ ... — ئايالىم مېنىڭ راستىنلا ئاچچىقلانغىنىمنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولغانىدى، مېنىڭ گۇمانىم ئاشتى.

— زادى نەگە ئاپارغان؟

— مەن ... مەن ئۇنى چىك جويجاڭنىڭ ئۆيىگە ئاپارغان، — ئايالىم گۇناھكارلارچە بېشىنى سالدى.

— سەن... سەن... قاچان؟

— ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا، ھەممىسى ئۆي غېمى ئۈچۈن مېڭىشۋاتقاندا...

— نېمە؟ سەن ئۇنىڭغا پارا بەرگەنمىدىڭ؟ ھۆ كاززاپ. ئۇ نېمە دېدى؟

— ئەمىسە مەندە نېمە ئامال؟ بالىلار شۇنچە بولدى، ئانىمىز ئاغرىقچان...

— ئالدىمۇ ئۇ كوسپۇرۇچ؟

— خوتۇنى بارىكەن، ئۇنىڭ ماپتى، يەنە قويۇپ چىقتىم.

— سەن مېنى رەسۋا قىلاي دېدىڭمۇ، ھە؟

— قولۇمنىڭ قانداق قىلىپ ئايالىمنىڭ تەستىكىكە تەگكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەدىم، — ئىدارىدىكىلەر ئاڭلىسا، نېمە دەيدۇ؟ مەن ئۇنى خېلى تۈزۈك دېسەم، ھېلىتىن كارنىيىمنى يەڭدەك قىلىپ يىگىلى تۇرۇپتىغۇ! لەنەتتى، باشقىلارنىڭكىنى ئاز كۆرۈپ، سېنىڭكىلا يارايتۇ — دە، تېخى قىيىنچىلىقلىرىمنى تەكشۈرەپ كەتكىنىنى...

— بالام، ئاپشەمخاندا نېمە گۇناھ؟ — ئانام كىرىپ كەلدى، — سەن ساقالسۇمبا تىلىق ئەر تۇرۇپ، بىر ئېغىز ئۆينى ئىككى قىلالمىدىڭمۇ؟ كېچە — كۈندۈز ئىدارە — ئىدارە دەيسەن، باشلىقتىن ئۈچنى ئۇزاتتىڭ، ھازىر ھەممىنىڭ ھالى شۇ تۇرسا...

راس، خوتۇندا نېمە گۇناھ؟ ئىلگىرىكى ئىككى باشلىقنىڭغۇ بىرسى كەسەل، بىرسى تويماس ئىدى. ھەي شياۋچىڭ، تىلىڭ بىلەن دىلىڭ باشقا — باشقىكەن غۇ سېنىڭ!

— بولدى، مېھمانىنى چاقىرمايمەن، ھازىرلا ئىلگىرىكى ئۆيگە چىقىپ كېتىمىز، — دېدىم مەن غەزەپ بىلەن.

— مېھمانىنى چاقىرىپ، تەييارلىقنى قىلىپ بولغان تۇرساق... — ئايالىم يىغلاشقا باشلىدى.

— بولدى، ئىدارىدىكىلەرنىڭ ئالدىدىلا ھېلىقى شياۋچىڭ دېگەن ھارامزادىنى پاش قىلىپ، چاۋىسىنى چىتقا يايمىسام، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن، بۇنداق ئۆيدە ياتقاندىن، گۆردە ياتقان تۈزۈك...

— جېنىم بالام، بولدى قىل. ئاپشەمخان بۇ ئىشنى ماڭا دېگەن. مەن ساڭا ئېيتماسلىقنى تاپىلىغانىدىم. گۇناھ مەندە، مېھمانىنى چاقىرىپتىمىز، چاندۇرماي ئۇزىتىۋېتەيلى. ئاندىن ئەتە كۆچۈپ كېتەيلى، بالام، مەن دۇئا قىلاي، — ئانامۇ كۆزياشلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

ئاھ خۇدا، گۇناھ زادى كىمدە؟ كۆزلىرىمدىن ئاچچىق ياش ئەگىدى.

× ×



كەچتە ئىشتىن چۈشۈپلا ھەممە يىلەن كەلدى. ئىشقىلىپ، مېنىڭ يېڭى ئۆيگە كۆچكەنلىكىمگە خۇشال بولغانلارمۇ، خاپا بولغانلارمۇ، ھەسەت قىلغانلارمۇ، خەنزۇلارمۇ، مىللىيلارمۇ... ھەممىسى كەلدى. مەن ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلىدىم. مېھمانلار خۇشال چاقچاقلار بىلەن مېنى تەبرىكلىگەن بولدى، ئاندىن ئاشخانىدىن چىقمىدى. ئايالىمۇ چاندۇرمىغىنى بىلەن، كۆڭلى سۇنۇق. بالىلىرىمۇ ئەمدىلا ھەپتە ئولتۇرغان ئۆيدىن كۆچۈپ چىقىپ كېتىشكە قىيمىغاندەك، كارىۋاتلىرىدا جىم ئولتۇرۇشاتتى.

— چىڭ جۇيجاڭ كەلمەمدىكىن؟ — دېدى بىرەيلەن.

— ئۆيگە كېلىپلا چىقىمەن. دېگەن. چاقىرىڭلار چۇ!

ئىدارىنىڭ يېڭى كاتىپى چاقىرغىلى مېڭىۋىدى، «قۇرسۇن ئۇ جۇيجاڭنىڭ، چاقىرمايلا قوي» دەۋەتكىلى تاس قالدىم.

— ۋاي، چىڭ جۇيجاڭ كەلدى، — ھەممىسى گۇرردە ئورنىدىن تۇرۇپ، باشلىقنى تۆرگە تەكلىپ قىلىشاندى. چىڭ جۇيجاڭ ئاياغدىراق ئولتۇردى. كاتىپ كۆتۈرۈپ كىرگەن يەشىكنى تۇتقىنىچە تۇراتتى.

— ۋاي، جۇيجاڭ، ھاراق يوقمىكىن. دەپ يەشىكنى بىلەنلا كۆتۈرۈپ كىردىڭىزمۇ — نېمە؟ ياپەيىي بىزگە ئۆپكىمىز چىلاشقىچە ھاراق تەييارلىغاندۇ، — دېدى بىرەيلەن چاقچاق قىلىپ.

— ۋاي ھارىقىڭ قۇرۇسۇن. بۇ توكشامالدۇرغۇچكەنغۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— ۋاي راست، بۇلار ئۆتكەندە بىرنى مۇكاپات ئېلىشۇۋىدى، ئەمدى جۇيجاڭ ئۇنى جۇپ قىلىشۇۋەتتەي دېدىمۇ — نېمە؟

— كونا ئاغىنىلەر ئەمەسمۇ؟

— بىز قۇرۇق كەپتىمىز، ئەمدى، — دە-

ۋەتتى ماشىنىست قىز.

— ياقەي، — چىلىك جۈيجالىق چاندۇرماي جاۋاب بەردى، — سوۋغىتىمىزنى ئەكىرىدىغان چاغلارمۇ كېلىدۇ. بۇ ئوقەتتىلىك ئازراق كاشىلىسى چىقىپ ئايشەمخان ئەكىرىپتىكەن. ئوڭشاپ قويمۇدىدىم، قېنى بۈگۈن بىر ماڭدۇرۇۋېتەيلى.

— ھە... مۇنداق دېسىلە...

— بۇ... بۇ... — مەن شىياۋ چىڭنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم.

— بولدى، ئاداش، كارامەتلىرىڭنى كۆرسەتمەمسەن؟ بۈگۈن يۈرىگىمىزلا ئەمەس، ئۆپكىمىزمۇ چىلاشسۇن.

توك شامالدۇرغۇچى يەڭگىل غۇيۇلداپ مېھمانلارنىڭ يەيزىنى ئاشۇرماقتا. رومكىلار توختىماي ئايلانماقتا ئىدى.

— قېنى، ئاغىنەڭ بىلەن بىر رومكا ئىچمەمسەن؟ — شىياۋ چىڭ بىر رومكىنى ماڭا تەڭلىدى، — شامالدۇرغۇچنى خېلى بالدۇر ئوڭشاپ قويغانىدىم. ئەكىرگىلى ۋاقتىم يەتمەي... تەرسا مىجەزىڭىزە سىڭلىمنىڭ... ئايشەمخانغا ئازار بەرگەن ئوخشايسەن ھە!

— شىياۋ چىڭ، مەن ... تېخى سېنى چۈشەنمەپتىمەن، — قوللىرىم تىترەپ ھاراق تۆكۈلۈپ كەتتى.

— بولدى. كۆتۈرەيلى. ھېلى جەرىمانە قويىمىز جۇمۇ! دائىم ئاشۇنداق شامال چىقىپ تۇرغىنى ياخشى، يەنە بۇزۇپ قويمىغىن.

— مەن تېخى سېنى تىللاپ كېتىپتىمەن. ئۆينىڭ ئىسسىقى...

— شۇ يېرىلىك بولدۇ — دە سىڭلىڭ، ئاغىنىسى دېگەننى تىللاپ تۇرغان ياخشى، قېنى خوش.

رومكىلىرىمىز يەڭگىل ئۇرۇلدى. ھەممىسى بىزگە قارىشىپلا تۇرىدۇ. لېكىن گەپلىرىمىزنىڭ تېگىگە يەتكەنلەر قانچىلىكتۇ؟ شامالدۇرغۇچ يەڭگىل ئايلانماقتا. ئۇ مەڭگۈ شۇنداق ئايلىنىپ تۇرسا — ھە!

1990 — يىل سېنتەبىر، پوسكام

(بېشى 71 — بەتتە)

تەنىسى، تىل — ھاقارەتنى بىلەن مىسكىنلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، بۇنداق ياشىغاندىن كۆرە ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى يېزىپسەن. ئېيتقىنا، ئۆلۈۋېلىش قانداق يول؟! قېنى، ئەينى چاغدىكى سەندىكى تەۋرەنمەس ئىرادە، ئۇلۇغۋار شىجائەت، ھاياتقا، ئىستىقبالغا بولغان مۇھەببەت؟!



نەۋباھار، ئىنسان بالىسى ئۆز ھاياتىدا كىشىلەر سىرلىق ئالەم، دەپ ئىزاھلىشىدىغان بۇ دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن تۇرمۇش تەقدىم قىلغان رەڭگا — رەڭ، تۈرلۈك — تۈمەن ئىلتىپاتلارغا مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاللىكىملەرگە تۇيۇقسىز ئامەت ياغسا، بىراۋلارنىڭ بېشىغا ئويلىمىغان پېشكەللىكلەر كېلىدۇ. لېكىن شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ سىناقلىرىدىن ئاجايىپ شىجائەت بىلەن غالىپ كېلىپ، ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، يېڭى قىياپىتى بىلەن باشقىلارنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.

«ئەمدى تۈگەشتىم» دەپ تىلەك — مەقسەتلىرىدىن ئاسانلا ۋاز كەچكەنلەرنى خۇدا ئۇرسۇن!

مەن سېنىڭ ئۆتمۈشۈڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۈمىدتىن ئىبارەت ئالغا بېسىشىنىڭ غالىپ نىجادكارىنى قىبىلنامە قىلىپ، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، يېڭى ھايات يولىنى باشلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

ساڭا بەخت تىلەپ: دوستۇڭ نادىرە

تۇرسۇنجان سىدىق

# ئەسىر - ئاياللار

(ھېكايە)

ھەسەنوۋ بۈگۈن خىزمەتتىن بۇرۇنلا يې-
تىپ كەلدى. ئۇ ئورۇق گەۋدىسىنى كې-رىس-
لوغا تاشلاپ، ئېغىر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى.

ھەسەنوۋنىڭ ئىدارىسىدا ئىككىلا كىشى
ناھايىتى ئاددىي - سادا يۈرۈيدۇ. ئۇلار
بىر فۇكىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇپ، بىھۇدە
پۇل خەجلىمەيدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنى
ئارتۇقچە چىقىمدىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۇلار
كىم؟ بىرى ھەسەنوۋنىڭ ئۆزى؛ يەنە بىرى
خىزمەتدىشى ھەم يېقىن ئۇلپەتدىشى قاسى-
موۋ. بۇ ئىككەيلەن مەڭگۈ ئاددىي - سادا
ياشىشنى ۋەدىلەشكەن ھەم شۇنىڭدىن بېرى
بۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتاتتى...

ھەسەنوۋ ئورنىدا قىمىرلاپ قويۇپ، يان-
چۇقىدىن «بۇغدا كۆلى» ماركىلىق تاماكى-
دىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇ تا-
ماكا ئىسىنى پۇۋلىگەچ سائەتكە قارىۋىدى،
ۋاقىت سەككىزگە يېقىنلاپ قالغانىدى. «ھە-
لىمە ھېچكىمە يېدىغۇ؟!» دەپ ئويلىدى ئۇ،
كۈندە سائەت يەتتىگە قالماي ئۆيگە ئۇ-
نۇپ بولىدىغان ئايالىنىڭ بۈگۈن تېخىچە

كەلمەگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ.

ئۇ ئايالى كەلگىچە كۆكتاتئا دالاپ تۇ-
رۇش ئۇچۇن دالان ئۆيگە مېڭىۋىدى، ئې-
شىك «تاراقىدە» ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئايالى
كىرىپ كەلدى. ھەسەنوۋ ئايالىغا قاراپ
ھەيران قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ چاچلىرى
چۇۋۇلغان، يۈزىدە تىرناق ئىزلىرى ۋە
سۈس قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۇ-
نىڭ بۇ ئەپتىدىن بىرسى بىلەن بوغۇشقانى-
لىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما قولىدا بىر
قۇر يېڭى كاستيۇم - بۇرۇلكا، پارقىراپ
تۇرغان شىبلىت ۋە گالىستۇك تۇراتتى.
ھەسەنوۋ بىر نېمە دېيىشكە ئاغزىنى ئۆ-
مەللىگىچە، ئايالى كىرە - كىرمەيلا چالا-
ۋاقاپ كەتتى:

— سەندەك كالۋا، دۆۋانە بىلەن ئۆي
تۇتقىنىمغا جاق تويدۇم. سېنىڭ ئاشۇنداق
دۆۋانىلىكىڭدەك ئەسكى كىيىمىڭ، سەت چى-
رايىڭ ھەم قاتتىقلىقىڭدىن مەن مۇشۇھا لى-
غا چۈشۈپ قالدىم. تاپقان پۇلۇڭغا ياخشى
كىيىنىپ، ئۇچىيىڭنى ياغلاپ يۈرۈشنى بىل-
مەيسەن، ياكىشىلەرنىڭ زاڭلىق قىلغىنىنى
تۇيمايسەن. سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ئىككى
پۇللۇق يۈزۈم قالمىدى. ئەمدى بۇنداق
تۇرمۇشقا چىدىيالمىدىم. بۇندىن كېيىن يا
مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىسەن، يا خېتىمنى
بېرىسەن!

— خوتۇن، نېمىنداق چېچىلىسەن؟ زا-
دى ساڭا نېمە بولدى؟ - ھەسەنوۋ ھەيرا ن-
لىقتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئايالىدىن
سورىدى.

ئايالى ئەسەبىيلىشىپ قولىدىكى كىيىم-
كېچەكلەرنى كارىۋاتقا چۆرۈۋەتكەندىن كې-
يىن، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى جامەدەك
قىلىپ ۋارقىرىدى:

— نېمە بولدى دەيسەنغۇ!؟ ھېلىقى ھە-
مپەك دېگەن كاس - كاس بىلەن راسا ئۇ-
رۇشتۇم.

— قايسى ھەمپەك؟ قاسىموۋنىڭ خوتۇ-
نى ھەمپەخانمۇ!؟

— شۇ بولماي كىم بولماقچىدى؟!

— نېمىشقا ئۇرۇشتۇڭلار؟

— نېمىشقا بولاتتى؟ ئۇ قاراپ تۇرۇپلا
كىشىلەر ئالدىدا ماڭا دارتىملاپ، «ئېرى-
نىڭ تايىنى يوق، سەت، چوقۇر، يەنە كې-
لىپ چىرايىنىڭ سەتلىكىنى ئاز دەپ قەلە نى-
دەردەك كىيىنىپ يۈرۈيدۇ. ۋايجانەي، شۇن-
داق ئادەمنىڭ قوينىغا كىرىشتىنمۇ يەر-
گە نىمە يەدىكىنا خەق» دەپ يۈزۈمنى يەر
قىلدى. ھۆ... ھۆ... ھۆ...

ھەسەنوۋ ئايالىنى يىغىدىن توختىتىش
ئۈچۈن كۆڭلىنى بەزلەپ باققان بولسىمۇ،
بىراق ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتتى.
ھەلىمەخان ئۆكسۈپ تۇرۇپ زارلىنىشنى
داۋاملاشتۇردى:

— تۇۋا... ھەمپەكنىڭ ئېرى قاسىموۋ
دېگەن سېنىڭدىنمۇ سەت، بىر قۇرئىشتان-
چاپاننى يىرتىلسا ياماپ، ھەتتا ئۆيياتى-
لىق يەرلىرى ئېچىلىپ قالغىچە كىيىدىغان
بىر نېمە. ئۇ ئاۋۋال ئۆز ئېرى بىلەن بول-
ماي، بىزنى مەسخىرە قىلىشنى كىم قويۇپتۇ
ئۇنىڭغا!؟ مېنىڭمۇ ئاچچىقىم كېلىپ، كۆ-
زۈمنى يۇمۇپ دەيدىغاننى دەپ، قورسىقىم-
نى بوشىتىۋالدىم تازا!

— بۇ گېپىڭچە، سەنمۇ قاسىموۋنى راسا
مەسخىرە قىپسەندە!

ھەلىمەخاننىڭ چىرايى سەل - پەل ئې-
چىلىپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خۇدى
ئۇتۇق سۆزلىگەندەك قولىنى شىلتىپ
دېدى:

— شۇنداق بولماي چۇ! ھەمپەك دې-
گەن بىر نېمە بىكاردىن - بىكار چىشىمغا

تېگمەپ قويدى. ئۇ بىزنى مەسخىرە قىلسا، مەن قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرسام بولامتى؟ مەنمۇ قاسىموۋنى كىشىلەر ئالدىدا راسا زاڭلىق قىلدىم. ھەمىپەكنى شۇنداق بىر ئېرى بارلىقىغا تويغۇزدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپ ئاچقانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، يەرگە پېتىپلا كەتتى. بىراق، ئۇمۇ بوش كەلمىدى، ئاقىۋەت بۇنىڭ نەتىجىسى ئىككىمىزنىڭ بوغۇشۇشىغا ئېلىپ باردى. سەن بۇنداق قاتتىقلىق قىلماي، مۇنۇ كونا كىيىملىرىڭنى چۆرۈۋېتىپ، مېنىڭدەك بىر ئايالنىڭ ئېرى بولۇشقا مۇناسىپ ھالدا پۇزۇر كىيىنىپ، ئۆزۈڭنى تاراشلاپ يۈرسەڭ ياخشى بولماسمىدى؟ ئۇ چاغدا ھەمىپەك دېگەن دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىدىگە ئوت كەتمەسمىدى؟! ئېيتىپ قوياي: بۇندىن كېيىن مۇشۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسەن، يا خېتىمنى بېرىسەن.

ھەسەنوۋ بىر تەرەپتىن، شۇنچە تېز بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارغا ھەيران قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن بېشى چۆشۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى.

ئۇ ئېسىگە كېلىپ، ئايالى ئەپكەلگەن كىيىملەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئايالىدىن سورىدى:

— قارىغاندا، مۇنۇ كىيىملەرنى مېنى ياساندۇرۇشقا ئاپىسەندە!؟

— شۇنداق، ئىلگىرى شۇنچە دەۋەت قىلساممۇ ئاڭلىماسلىقىڭنى سېزىپ يۈردۈك. ئەمدى چوقۇم تۈزۈككىچە ياسىنىپ يۈرۈشۈڭ كېرەك. بۈگۈن ئىدارىدا مائاش تارقاتقانىدى. شۇ پۇلغا ساڭا ئاتايىتەن مۇشۇ قىممەت باھالىق كىيىملەرنى سېتىۋالدىم. سەن بۇ كىيىملەرنى كىيىپ، گالىستۇكنى تاقاپ، چاچلىرىڭنى ياسىتىپ تاراپ، ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىتتەك شۇنداق يۈرگىنىكى، ھەمىپەك ۋە شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بىر پارچە ئوت كۆيسۇن. ئەجەب ئېرى باركەن، دەپ ماڭا زوقلىنىپ قاراشسۇن. يەنە بىر تەلىپىم: سەن ئەتە ئەتىگەندە ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن مېنى ئىزدىگەنلىك بولۇپ بىزنىڭ ئىدارىغا بار. بۇ كىيىملىرىڭنى كۆز - كۆز قىلىپ ئەتەي ھەمىپەكنىڭ كۆزىگە كۆرۈن. ئۇ شۇ چاغدا قانداق بولۇپ كېتەركىن؟ يا بۈگۈنكى بىزنى مەسخىرە قىلغان سۆزلىرىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالامدىكىن؟ يا ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلۇنۇپ ئېرىنىمۇ سېنىڭدەك بولۇشقا مەجبۇرلامدىكىن؟ بۇنى بىلگىم بار، تەلىپىم شۇ. ئەگەر بۇ تەلىپىمنى قاندۇرمىساڭ ھازىرلا خېتىمنى بەر.

ھەسەنوۋ نېمە دېيىشىنى بىلمەي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا بۇ تەلەپ ئېغىر كېلىۋاتاتتى.

«ھەي، ئېسىت...ماۋۇ ئورۇنسىز چىققىمىنى كۆرمەمدىغان! ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ بانكىغا قويغان پۇلىمىز مىڭ تەسلىكتە بەش مىڭ يۈەنگە يەتكەنىدى. بۇ، نەچچە يىللىنىڭيا قى يېمەي، كېيمەي يىققان پۇل ئەمەسمىتى؟! چوڭ يەپ، ئالىي كىيىنىپ يۈرسەم قانداقمۇ پۇل يىغقىلى بولسۇن؟ مېنىڭ قانداق كىيىنىپ يۈرۈشۈم بىلەن خەقنىڭ نېمە كارى؟ سىڭگەن نېنىنى يېمەي دېگەن گەپلەرنى قارىمامدىغان. خوتۇن كىشى دېگەننىڭ زادى چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، ئېلىپ بەرگەن كىيىملەرنى ئاز دەپ، يەنە ئەرلەرنىڭ كىيىنىشىگىمۇ چېپىلىپ يۈرۈيدىكەنا؟!»

ھەسەنوۋ ئەمدى ئايالىنىڭ تەلىپىگە قانداق جاۋاب بېرىش توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى:

«قانداق قىلسام بولار؟ ئۇنىڭ راستىنلا ئاچچىقى يامان، جاھىل. ئەگەر رەت قىلسام، مەندىن ئاجرىشىپ كېتىدىغاندەك ئەلپازى بار. ئۇنى قويۇپ بەرسەم، قېرىغاندا يەنە خوتۇن ئالىدىغان گەپ. تېخى ئۇنىڭغا بىر مۇنچە پۇل كېتىدۇ. ياق، ياق، بۇنداق قىلسام چىقىم جىق بولىدىكەن؛ زىيان تارتقۇدەكمەن. بوپتىلا. ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلاي، ئاتايىتەن بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ بۇ كىيىملەرنى سېتىۋاپتۇ، ئەمەسمۇ!؟»

ھەسەنوۋ ئاخىرى ماقۇل بولۇش قارارىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە چىراق ئۆچمىدى...

ئەتىسى ھەلىمەخان ئېرىنى ئۆز دېتىغا ياققۇدەك كۆڭۈل قويۇپ ياساندۇرغاندىن كېيىن، مۇرادىغا يەتكەندەك بولۇپ، كۆزلىرىدە شادلىق نۇرى پارلىدى. ھەسەنوۋنىڭ بولسا مۇنداق چوڭ ئەربابتەك ياسىنىشى-تۇنجى قېتىم بولغاچقا، ئۆزىچە ئەپسىزلىك ھېس قىلىپ، گاھىدا پىخىلداپ كۈلەتتى، گاھىدا لېۋىنى چىشلەپ قىزىرىپ كېتەتتى. ھەلىمەخان ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئېرىگە خېلى كۆپ ئىشلارنى جېكىلىدى...

ھەسەنوۋ ئايالى ئىشقا كېتىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىدارىسىغا باردى. ئۇ، ئىدارىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا باشقىچە بىر ئەھۋالنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، ئۆزىدىنمۇ بەك ئاددىي ـ سادا يۈرىدىغان، ئايالىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدىغان ئۈلپەتدىشى قاسىموۋ بۈگۈن بېشىغا يارىشىملىق شىلەپە، ئۈچىسىغا كۈلرەڭ رەختتە كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، يېپ-يېڭى بەتىنكە كىيىۋالغان، بويىنىغا كېپىنەك گالستۇك تاقىۋالغان بولۇپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، مەيدىسىنى كېرىپ خۇددى بايۋەتچىدەك گىدىيىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى.

بىر چەتتە بوينىنى سوزۇپ گويا خىزمەتداشلىرىغا «مېنىڭ ئېرىمنىڭ قانداقلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دېگەندەك قاراپ تۇرغان ھەنىپەخاننىڭ كۈلقەلىرى ئېچىلىپ، ئىككى چىشلىق كېۋەزدەك ھېڭگىيىپ، ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ كەتكەندى...

(بېشى 70 ـ بەتتە)

سارىخان سۆگەتلەرگە قارىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى نوتىلار بۈگۈنكى كۈندە غوللۇق دەرەخكە ئايلىنىپ بولاققا سايە تاشلاپ تۇراتتى...

ئۇلار نېمە ئۈچۈن جىمجىت ئولتۇرىدۇ؟ مۇھەببەتلىك ھاياتنىڭ لەززەتلىك تەمى ئۇلارنىڭ سۆزلىشىگە يول قويمايۋاتامدۇ؟ بەلكىم، ئۇلار ئايرىلىش ئازابىدىن چەككەن ئەلەملىرىنى، ئايرىلغاندىن كېيىنكى ھايات كەچۈرمىشلىرىنى، ئاشۇ سۆيۈملۈك بولاققا سۆزلەپ بېرىشنى، ئەسلەپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىۋاتقاندۇ.

ئەنە، بولاق سۈيى بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتىدۇ، يىراق-يىراقلارغا ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ...

يالقۇنجان ئىسلام

# بۇ پاك نىيەت، پاك سۆيگۈ

(داستان)

I

گۈزەل يايلاق ھاياتىدا بىر سەھەر،
ئەجەپ مەسۇم، ئەجەب يارقىن - مۇنەۋۋەر.
چۈمگەن ئەتراپ، نۇرلىرىغا قۇياشنىڭ،
لەۋلىرىدە كۈلكە ھەرگۈل، ھەر تاشنىڭ.
بۇلاقلارنىڭ كۆزىدە ناز - كەرەشمە،
بىر - بىرىدىن ئوماق، ئويناق ھەر چەشمە.
راھەتلىنىپ يالپۇز گۈلى پۇراپمەن،
ۋۇجۇدۇمنى ئېزگۈ ھېسلار ئوراپ، مەن.
مەخمەل كەبى چۆپلۈكلەرنى باغاشلاپ.
ئولتۇرىمەن كۆك گىلەمدە يانپاشلاپ.
كۆمۈش يالى كەڭ ساماغا يەلپۈنۈپ،
بىر نىشانغا مىنىڭ كۆز بىلەن تەلپۈنۈپ.
نار تۆگىنىڭ ئۆركىشىدەك دولقۇنى،
تىترەتكەنچە قۇلاقلارنى شاۋقۇنى.
قۇلانلاردەك ئۆردىشىپ - كىشنىشىپ.
بىر - بىرىنى قوغلاپ - سۈرۈپ، چىشلىشىپ.
ئېقىۋاتقان ئېقىنلارغا شوخلىنىپ،
باققىنىمچە مېھرىم بىلەن زوقلىنىپ.
دىلدا لىرىك ھېس - تۇيغۇلار ئوينىتىپ،
جىلۋىسىدىن نىگاھىمنى ئوينىتىپ.
كېپىنەكلەر پۇراپ - پۇراپ قانمىغان،
لەۋلىرىدىن شوراپ - شوراپ قانمىغان.
ئېچىپ شەبنەم شارابىنى قانغىچە،
چىرايلىرى شەلپەر بولۇپ يانغىچە.
يۇلتۇزلارنى سىلىپ رەشىك ئوتىغا،
ئېغىزلىرى ئوخشاپ ياقۇت قۇتىغا.

مىڭ تۈرلۈك رەڭ، جۇلا بىلەن ئېچىلغان،
دىمىقىدىن ئىپار ھىدى چېچىلغان.
ئاددىي - ساددا ئوماق سەھرا قىزىدەك،
شۇ قىزلارنىڭ مەسۇم چېھرى - كۆزىدەك.
بىر - بىرىدىن رەڭدار گۈللەر مىڭ تۈمەن،
شۇنچە خۇشبۇي، شۇنچە خۇشخۇي ھەر چىمەن.
قۇيرىقىدا تىكلەپ ئەلەم خادىلار،
شوخ موزايلار،
توپ - توپ يىلقا، پادىلار،
بەھۇزۇر ئۆز يەملىرىگە باقماقتا.
ھەر تەرەپكە كەلكۈن سۇدەك ئاقماقتا.
چەققان ئىسلار ئاق ئۆيلەردىن ئېتىلىپ،
ئەتكەن چاينىڭ پۇراقلىرى قېتىلىپ.
ئاق شايىدەك يەر بېغىرلاپ ئۇچماقتا،
دىماقلارنى قايماق ھىدى قۇچماقتا.
كۆك ئاسماندا تاغ بۈركۈتى پەرۋازى،
ئورمانلاردىن كېلەر كاككۇك ئاۋازى.
چوققىلىرى كۆك بىلەن بوي تالاشقان،
مەر - مەر مۇنار كەبى كۆزۈڭ قاماشقان.
قىيالاردا ئۇلاي كۆلۈپ يايرىغان،
پەستە جەرەن مېھرىگىياھ چاينىغان.
ئاق بۇلۇتلار گىرە سالغان بويىنىغا.
يىققان پىر ئۇن خەزىنىسىنى قويىنىغا.
ۋەتىنىمگە بەرىكەت بەرگەن، قۇت بەرگەن،
خەلقىمىزگە ئاپئاق ئوغۇز سۈت بەرگەن.
قارلىق تاغلار سالتەنەتلىك، ھەيۋەتلىك،
مىڭ قامۇسلۇق تارىخىي بار شەۋكەتلىك.

ئولتۇراتتىم شۇنداق ھەيران - ھەس بولۇپ،
تەبىئەتنىڭ جامالىدىن مەس بولۇپ.
ھەر نۇقتىغا بىر ھازا جىم تىكىلىپ،
قەلب تارىم ئىلھام بىلەن چېكىلىپ.
بىردىن مېنى تولا ھەيران قالدۇرۇپ،
نىگاھىمدا خۇددى چاقماق ياندۇرۇپ.
كۆز ئالدىمدىن كېلىشكەن بىر قىز ئۆتتى،
قانات قېقىپ گويا كى بىر توز ئۆتتى.
ئونسەككىزگە يېتىشى ئەمدى ئۇلاشقان،
ھەقىقەتەن ئاجايىپ بەك قاملاشقان.
تەڭرى ئۇنى ئاپىرىدە ئەتكەندە،
قىلىدىغان باشقا ئىشى يوقكەندە؟!
زېرىكمەستىن بىزەپ پۈتۈن كۈن بويى،
بىر كۈن ۋاقىت يەتمەي ھەتتا تۈن بويى.
ئىشقا سېلىپ بارچە سېھرى - ھېكمەتىنى،
جارى قىلىپ ئىلكىدىكى قۇدرەتىنى.
ياساپ - جابدۇپ بۇ سەنەمنى ھارمىغان،
قىلغان شۇنچە لاتاپەتنى ئارمىغان.
مەن ئەزەلدىن ئۇچراتمىغان بىر پەرى،
ساھىبجامال بەرنا پەرى - پەيكەرى.
ھېچبىر غەۋۋاس تېخى سۈزۈپ باقمىغان،
ھېچ چىمەندىن ھېچكىم ئۈزۈپ باقمىغان.
تەڭدىشى يوق قىممەت باھادۇر - ئۈنچە،
مىڭ بۇلبۇلنى قان يىغلاتقان گۈل - غۇنچە.
ھىلال ئاينىڭ نۇرى چاقنار چېھرىدە،
يا يېرىتىدۇ جاننى ئوتلۇق مېھرىدە.
ئويناپ تۇرغان بەرگى قىيياق قاشلىرى،
يەلكىسىدە بۇدرە - بۇدرە چاچلىرى.
گويا ئاھۇ كۆزلىرىدەك نىگاھى،
ئەتراپىدا قات - قات كىرپىك سىپاھى.
كۆز قارچۇغى قاراپ قېتىپ قالغۇدەك،
خىياللارغا مەڭگۈ پېتىپ قالغۇدەك.
سۈلكەتلىكتۇر قاراشلىرى ئىنتايىن،
بۇ كۆزلەرگە كۆز تەگمىسۇن، ئىلاھىم.
خۇش تەلئەتى ئاق ئالمىدىن سۈزۈكرەك،
ئاق ئەترە دەپ تەرىپ بەرگەن تۈزۈكرەك.
تېمىپ تۇرغان قان مەڭزىدىن، ئاناردەك،
بەشرەسى گويا ئالتۇن ناھاردەك.
قاش تېشىغا ساقىپ چۈشكەن بىر تامچە،
قاڭشار، بۇرنى يارىشىملىق ھەم شۇنچە.
شوخ تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان ئېغىزى،
جۈپلەپ قويغان قوشماق پىستە مېغىزى.
رەتلىك چىشى گويا سەدەپ - دۇردانە،
ھەر دانىسى تىللاغا تەڭ مىڭ دانە.
ئەجەب لېۋەن، نازۇك بويى - قامىتى،
گۈزەللىكتىن كەلگەن راسا ئامىتى.
ھىندىستاننىڭ ئارچىسىدەك خوپ زىبا،
سۇدىكى گۈل شولىسىدەك دىلرابا.
دىستۇرچا ① دەك گۈزەل خۇشبۇي، مۇلايىم،
بىنەپشەدەك ② كۈلۈپ تۇرغان ھەر دائىم.
يۇمران كۆكسى تولۇپ كەلگەن ئەمدىلا،
بىر جۈپ ئالما بولۇپ كەلگەن ئەمدىلا.
ياققىنىمىدا كېتەر يۈرەك جىغىلداپ،
تۇرغىنىدا مەيىن تىترەپ - لىغىلداپ.
ھۆسۈن قوشقان قامىتىگە خۇش پىچىم،
ئەيلەپ يەنە نەچچە ھەسسە ئەۋرىشىم.
لىباسلىرى لەقلا كەلگەن تېنىگە،
ئاق بېلىقتەك ئۈستىخىنى، بېلىگە.
نىلۇپەرنىڭ نوتىسىدەك قوللىرى،
قاش تېشىدىن ئويغان سەنئەت گۈللىرى.
مەغرۇرانە كەكلىكلەردەك مېڭىشى،
ھەر قەدەمى تەنتەنىلىك ئېلىشى.
ھەيھات بۈگۈن مەن ئۇچراتقان بۇ زىبا،
سۈرەتلەردەك، خىياللاردەك دىلرابا.
كامالەتكە يەتكەن ھۆسۈن ئىگىسى،
قىيامىغا يەتكەن جەننەت مېۋىسى.
رىۋايەتتە سۆزلەپ كەلگەن ھۆر دۇر ئۇ،
پاللىدىلا چاقناپ ياندىغان نۇر دۇر ئۇ.
ئەپسۇس مېنى قىينىغىنى بۇ قىزنىڭ،
پورەك بولغان گۈزەل گۈلى قىرمىزنىڭ.

① دىستۇرچا — يەنى داكاگۈل،
② بىنەپشە — يايلاق گۈللىرىنىڭ ئىسمى.

تەرىپىنى تولۇق بايان ئېتمىشكە،
خىسلىتىنى ئەلگە ئايان ئېتمىشكە.
تىل جەھەتتىن چولتا كەلدىم ـ قىسىلدىم،
بويۇم يەتمەس ئېگىز شاخقا ئېسىلدىم.
تەرىپىنى قىلسۇن قانداق جىن چىراق،
ئاي، قۇياشنىڭ، بۇ تالانتىن مەن يىراق.
بولسام رەسسام، ھەيكەلتاراش ۋە ياكى،
شۇ «ناتو نۇش قىز»،«ۋىناس» ① نىگو ياكى.
ئىجادىدىغا قىلىپ قۇتلۇق ماۋزۇ مەن،
پۈكۈپ دىلغا زور، مۇقەددەس ئارزۇ مەن.
ئاگا پۈتكۈل ھايا تىمنى بېغىشلاپ،
شۇ ئەسەرنى ئىشلەپ ـ ئىشلەپ يېڭىشلاپ.
بولار ئىدىم يار اتقان زور ئىختىرا،
گۈزەل سەنئەت تارىخىدا بىر ئىرا.
شان-شۆھرىتىم مىڭ يىل ئۆچمەي تۇرغىدەك.
ئۆزگە باشقا تاجىم كۆچمەي تۇرغىدەك.
شۇ رەناغا شۇنداق تويماي قاراپ مەن،
ۋۇجۇدۇمغا شېرىن ھېسلار تاراپ مەن.
تۇرغىنىمدا مەجنۇن بولۇپ ـ مەس بولۇپ،
تۇتقىنىمچە ياقا ھەيران ـ ھەس بولۇپ.
ئول پەرىگە بۇ ئىش يوچۇن تۇيۇلۇپ،
شەرمى ـ ھايا بىلەن شۇنچە ئۇيۇلۇپ،
كىيىكلەردەك تۇرغان سەييادئالدىدا،
ئالماق بولۇپ تېزراق ئۆزىن دالدىغا.
قىزارغانچە چېھرى بىردىن ۋىللىدە،
ئۇچقۇن چاقناپ نىگاھىدا پىللىدە.
ئېگىپ باشىن بىلەن ئەدەب ـ سالامى،
لېكىن تىلغا جارى بولماي كالامى.
ئۇياتقانچە كۆزى يەرگە تىكىلىپ،
كىرپىكلىرى تال ـ تال بولۇپ تۆكۈلۇپ.
ئۆز يولىغا كەتتى مەندىن يىراقلاپ،
ئاقار يۇلتۇز كەبى چاقناپ ـ چاراقلاپ.
ئۇ قىز مەندىن مانا ئۇزاپ بارغانچە
ئارقىسىدىن تۇرقىغا كۆز سالغانچە.
دىلدا ئوتلۇق ئىشتىياقلار جانلىنىپ،
كۆڭلۈم غۇر ـ غۇر شامماللارغا ئايلىنىپ.
يەنە بىردەم ئاگا قاراپ ئالاي دەپ،
سۇمبۇلىنى پۇراپ، تاغاق سالاي دەپ.
شۇ قىز تامان ئۇچتۇم ـ ئوقتەك ئېتىلدىم،
ئول پەرىنىڭ ئايىقىغا يىقىلدىم.

II

كىرىپ قالدۇق قىرىق ئىككى ياشلارغا،
قىراۋ قوندى ساقاللارغا، چاچلارغا.
قىران ياشلىق ئۆتكىلىدىن ھالقىدۇق،
چۈشتىن ئۆتكەن كۈندەك پەسكە سالقىدۇق.
ئۆسۈشىدىن توختاپ كەتتى پىلىكلەر.
پىلەكلەردە يوغان ـ يوغان خەمەكلەر.
قىز دېگەندە قاش ـ كۆزلەرنى ئوينىتىپ،
مەيدىمىزدە ھەيەجات چوگۈن قاينىتىپ.
يۈرگەن چاغلار ئاتلاپ تاملار ـ شورىلار،
قايسى باغدا كۆرسەك ئالا غورىلار.
بىزگە ئەمدى بىر ئەسلىمە بوپ قالدى،
ئېتىقسىزلىق، بەگباشلىقلار يوقالدى.
ئەڭ مۇھىمى ۋاپا بىلەن قول بەرگەن،
سادا قەتنىڭ نېمىتىنى مول بەرگەن.
ئەنجۇر كەبى مېھرى ئىسسىق چوكانلار،
تۇتۇن تۈگەپ، چوغى قالغان جانانلار.
قۇچاق ئېچىپ يېنىمىزدا تۇرغاندا،
مېھرى يۈرەك ـ قېنىمىزدا تۇرغاندا.
سويما ئىزدەپ قونا قلىقتا كىرمەيمىز،
قىرغاۋۇلغا قاپقان قويۇپ يۈرمەيمىز.
ئەكسىچە ئۆز ئەسىرىمدە داڭلىغان،
جامالىغا شۇنچە قاراپ قانمىغان.
ھېلىقى قىز كىمتا بىخانلار ئىشەنسە،
يالقۇنجانى ئەل ـ جامائەت چۈشەنسە.
كەبى چاقناپ تۇرغان ئانار دانىسى،
ياپلاقلارنىڭ چوغلۇق گۈلى ـ لالىسى.
گۈزەل ئەخلاق، پەزىلىتى ئارقىلىق،
تىلدىن-تىلغا يۈرگەن كۆچۈپ تارقىلىپ.
سېلىپ داغا بۆلەكچە ئوت ـ ئىشتىياق،
كۆز ئالدىدا مەرۋايىتتەك ياتىراپ.

① ۋىناس ـ دۇنياۋى مەشھۇر گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى

سىڭىپ كىردى ھۆرمەت بىلەن دىلىمغا،
ياخشى سۆپەت ـ تەربىلىرى تىلىمغا.
بۆ بەئەينى ئايلاپ ـ ئايلاپ تەر تۆككەن،
چۆلدە باغۆ ـ بوستان ياساپ. گۆل تىككەن.
پاك نىيەتكە ۋىجدانىغا باي بىر باغۋەن،
كۆڭلى قاردەك ئىمانىغا باي بىر باغۋەن.
ھەر كۆچەتكە ئوغۆت ـ توپا يۆلىگەن.
گۆللىرىگە ئاسايىشلىق تىلىگەن.
مېھنىتىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەندە،
گۆللەر چېچەك مەۋسۆمىگە كىرگەندە.
گۆل تەقدىرى كېيىن قانداق بولاردەپ،
كەچمىشلىرى نى قىسسەتكە تولاردەپ.
ئالغىنىدەك ئوراپ شادلىق، ھەم ئۆنى،
باسقىنىدەك كېچە ـ كۆندۆز غەم ئۆنى.
ئەشۆ قىزنى كۆرگەن كۆندىن بىرى مەن،
بولالمىدىم ئەندىشىدىن نېرى مەن.
تەھسىن ئوقۆپ خىسلىتىدىن تەقدىرىنىڭ،
مۆرۆۋۋىتى، نۆسرىتىدىن تەقدىرىنىڭ.
پەرۋەردىگار، ئەشۆ پەرى ـ پەيكەرگە،
ھىممىتىڭدىن يەرگە قونغان ھۆكەرگە.
كەڭ ئاچقا يسەن سائادەتنىڭ يولىنى،
تۆتقاز ئاڭا ئىپسىل يىگىت قولىنى.
كۆتۆرەلمەس ئۆ، مىسقالچە زورلۆقنى،
ساتالماس ئۆنىڭ يۆرىكىگە خورلۆقنى.
ئۆنى مەڭگۆ بەختىيار ئەت. شادئەتكىن،
مۆڭلىنىشتىن، ياش تۆكۆشتىن يات ئەتكىن.
دىگەنلەرنى چۆشەرمەستىن تىلىمىدىن،
كەلدىم ئاڭا ئامەت تىلەپ دىلىمىدىن.
چۆنكى يۆرتنىڭ ئىپتىخارى ياخشىلار،
ئىپتىخارى، ئىنتىزارى ياخشىلار.
كۆپ يەيدىغان كىشى ئۆلار غېمىنى،
ھۆلدا يدىغان ياخشىلارنىڭ تېمىنى.
ئوغرى ئىكەن قېشىدا كىم تۆردۆ،
كىم قۆلاققا قىسىپ ئۆنى يۆردۆ.

III

يازنىڭ سالقىن، سۆتتەك ئايدىڭ ئاخشىمى،
ئېيتقىنىمچە ئىچىمدە بىر ناخشىنى.

مەن كېلىمەن تاغنىڭ باغرى-ساي بىلەن،
سىرداش بولۆپ نۆرلۆق تۆلۆنئاي بىلەن.
بولۆشقانچە توپ ـ توپ ئاسمان قىزلىرى،
كەيىپلىكتىن خۆمارلىشىپ كۆزلىرى.
كۆڭۆللەرنى رام ئېتىپ ئۆز مەيلىگە،
تۆن پەيزىنى سۆرۆپ چىققان سەيلىگە.
ئەتراپ جىم-جىت تىنغان قۆشلارنا ۋاسى،
جانغا راھەت كەچىنىڭ غۆر- غۆر ھاۋاسى.
بىر كۆن مېھنەت قىلىپھارغانھەر جانلىق،
ئۆگىسىدا تېپىپ راھەت ـ ئارامليق.
ئاتقان ئۆزدىن چۆشەكلىرى قوينىغا،
قوللىرىنى تاشلاپ نىگار بوينىغا.
تەنتەنىگە سالغىنىچە كېچىنى،
كۆمۆپ ياڭراق كۆيگە سايىنىڭ ئىچىنى.
ئىككى قاشـتا تال-تېرەكلەر ياشنىغان،
ئەتراپىغا كۆلەڭگۆلەر تاشلىغان.
ئۆستەڭ ئارا ئاقار سۆلار شارقىراپ،
ئاي نۆرىدا خىرە- شىرە پارقىراپ.
مېڭىپ ـ مېڭىپ ئۆزۆم تەنھا شۆ ھالدا،
باش- ئۆچى يوق چىگىش-شېرىدىن خىيالدا.
قۆچىقىدىن ئۆزۆن سايىنىڭ ئايرىلىپ،
تۆرغىنىمدا مەھەللىگە قايرىلىپ،
دەل مېنىڭدىن ئون قەدەمچە يىراقتىن،
بىر تۆپ سۆگەت تۆۋى- قارشى قىرغاقتىن.
بىر قىزچاقنىڭ ئۆنى ئۆچۆپ كىلىپ قالدى،
تەئەججۆپتىن گەۋدەم شۆئانچا يقالدى.
توساتتىنلا ئاشۆ نازۆك سادا غا،
ئۆزۆك ـ ئۆزۆك چىقىۋاتقان نىداغا.
بىر يىگىتنىڭ پاراڭلىرى قېتىلىپ،
دىل تۆۋىدىن تۆرغان ئۆرغۆپ ئېتىلىپ.
قايسى بىر قىز بىلەن ئامراق ئاشىقى،
قايسى يىگىت بىلەن گۆزەل مەشۆقى.
ئېلتۆرغاندۆ ئىشرەت تۆزۆپ بۆ جايدا،
يار بېغىدىن گۆللەر ئۆزۆپ بۆ جايدا.
دېگىنىمچە ئۆلار زادى كىمكىنە،
قايسى بۆلبۆل بىلەن قايسى گۆلكىنە.

بۇزغۇم كەلمەي سۆھبەتىمنى ئۇلارنىڭ،
ئەنجۇمەنى، دىققىتىمنى ئۇلارنىڭ.
ئەپچىلگىنە بىر ئورۇنغا مۆكۈندۈم،
مۇزدەك، يۇمشاق چەشمە قۇمغا يۈكۈندۈم.
چۈشۈپ ئەسكە شۇئان بەگباش ياشلىقىم،
ياشلىقىمدا سۆيگەن قەلەم قاشلىقىم.
قالغان چاغلار تېپىپ خالى پۇرسەتلەر،
ئايدىڭ كېچە قۇرۇپ شېرىن سۆھبەتلەر.
بىللە ئويناپ، بىللە كۈلگەن چاغلىرىم،
بىرگە كەزگەن دالا، ئورمان، باغلىرىم.
ئېلىپ مېنى شوخ ھەۋەسلەر ئىلكىگە،
تاشلىنىپ چوغ گويا كى تەن مۈلكىگە.
تەنتەك ئىستەك بېقىنىمغا بېقىنلاپ،
باردىم ئۇلار تامان ئاستا يېقىنلاپ.
سېزدىمنى قۇلىقىمنىڭ ئاشۇرۇپ،
ئۆزۈمنى مەن چاندۇرماستىن يوشۇرۇپ.
كىمكەن ئۇلار ئېنىقراق بىر كۆرەي دەپ،
گۈلشىنىدىن ۋىسالنىڭ گۈل تىرەي دەپ.
كۆز ئالدىمدا تۇرار مانا جۈپ قامەت،
مەسلىكىمنى كەلتۈرگىدەك كارامەت.
ئولتۇرغانچە بىر – بىرىگە يۆلىنىپ،
بەخت – ھوزۇر بۆشۈكىگە بۆلۈنۈپ.
كەتكەن ھالدا بىر جان – بىر تەن بولۇپ،
قايناق چايدا ئېرىپ كەتكەن قەن بولۇپ.
قىزنىڭ بېشى ئامرىقىنىڭ كۆكسىدە،
تىرەپ ئالغان قىزنى يىگىت بەستىدە.
كۈچلۈك قوللار ئۆتكۈزۈلگەن بېلىگە،
رەيھانگۈلدەك چاچلار يىگىت لېۋىدە.
ئۇزىتىلغان جۈپ ئايا غلار تۆۋەنگە،
مىنگەشكەنچە، يېشىل قىرغاق – چىمەنگە.
يېشىل ياپراق ئارىسىدىن تولۇن ئاي،
باققىنىچە ئۇلار تامان خۇشچىراي.
ياساپ قويغان جۈپ‌ھەيكەلنى مەرمەردىن،
پۈتۈن جىسمى پۈتكەن ناۋات- شېكەردىن.
قىلمۇھەتكەن يارقىن-گۈزەل ئاجايىپ،
ئۇلار ۋىسال شارابىدىن خۇشكەيىپ.

ئۇنۇتقانچە ئۆزلىرىدىن باشقىنى،
مەۋج ئۇرۇپ دىلدا شادلىق تاشقىنى.
ئولتۇردۇ مانا ئۇلار خىرامان،
راھەتلىنىپ ساي ئىچىدە خىيابان.
بىر مەھەللىك توختاپ قالغان پاراڭلار،
كەلگىنىدە تىترەپ يەنە ئارانلا.
بولدى ئايان ماڭا سۆزنىڭ ئىگىسى،
ئارقىلىق گەپ تەلەپپۇزى – شىۋىسى.
ئىدى بۇ قىز- ئاشۇ لىرىك پەرىشتە،
پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق ھىلال ئەرشتە.
مەن ھېلىقى تاڭ سەھەردە ئۇچراتقان،
ئىگاھىمدا خۇددى چاقماق چاقناتقان.
ھەيھات، تۇتقان شۇ سەنۇبەر قولىنى،
چېكىسىگە قىسقان ئامەت گۈلىنى.
پېشانىسى يورۇق قايسى يىگىتتۇر،
مەرتىۋىسى ئۇلۇغ قايسى يىگىتتۇر.
دېگەنلەرگە تېخىمۇ بەك قىزىقىپ،
تېپىشماقلار ئارىسىدا ئېزىقىپ.
تۇرغىنىمدا ئەقلىم مېنىڭ لال بولۇپ،
بۇ سىر تېخى ئېچىلمىغان پال بولۇپ.
ئول يىگىتمۇ قىز سۆزىگە سۆز قاتتى،
گۆھەرلارنىڭ تۇمانىنى تارقاتتى.
ئۇ تەرەپمۇ ماڭا خوپلا تونۇشلۇق،
يىگىت ئىدى، ۋىجدانغا باي، نومۇسلۇق.
چىراي، تۇرقى ھەرجەھەتتىن كېلىشكەن،
چوڭ ۋە كىچىك شۇنداق ياخشى كۆرۈشكەن.
بىر – بىرىگە ئاجايىپ ماس – خوپ كەلگەن،
زەر ئۈزۈككە دەل ياقۇت كۆز بوپ كەلگەن.
بۇ سۆيگۈدىن كۆڭلۈم تاغدەك سۆيۈنۈپ،
كۆز ئالدىمدا «ۋامۇق – ھۇزرا» كۆرۈنۈپ.
تۇرغىنىمدا يايرىغانچە تەنلىرىم،
ياشاڭلار دەپ ناۋاتلىرىم – قەنلىرىم.
نە ئۈچۈندۇر دىلنى يېرىدىم – غەش قىلىپ،
ئەندىشە مېنى نەچچە خامان – چەش قىلىپ.
قاتتىق بىر ئاھ! تارتقانچە قىز شۇتاپتا.
ئېغىز ئاچتى سۆزگە قايغۇ – ئازابتا.

ئاۋازىمۇ بۇرۇنقىدىن كۈچىيىپ،
ئىسسەدىگەن ھالدا يىغلاپ ـ ئۆمچىيىپ.
«كۆپ بولدى بۇپەيتنى كۈتۈپ يۈرگىلى،
دىلغا ئوتلۇق ئارزۇ پۈكۈپ يۈرگىلى.
بۇگەپلەرنى ئەسلى سىزدىن ئاڭلىسام.
قانچە قېتىم ئاڭلىساممۇ قانمىسام.
كېتەرمىدى ئاھ! پارتلاپ يۈرىكىم،
بىراق ئىشقا ئاشمىدى بۇ تىلىكىم.
نېمە ئامال بىراق، بىراق··· بىراقمەن،
بۇ نۇسرەتتىن كەلدىم بولۇپ يىراق، مەن.
ئاھ! بىز قىزلار نېمە دېگەن بىچارە،
بولغان بارمۇ مەندەك سەرسان ـ ئاۋارە.
نەكەم سىزنى ياخشى كۆرۈپ يۈرگىلى،
ئىشقى ـ سەۋدا كوچىسىغا كىرگىلى.
قانداقلارچە قالدىم سىزنى يارىتىپ،
مېنى قانداق ئالدىڭىزكىن قارىتىپ.
نى رىشتە كىم مېنى سىزگە باغلىغان،
نى يالقۇنكىم يۈرىكىمنى داغلىغان.
ئاھ! بۇلارغا ئەقلىم ئەسلا يەتمەيدۇ،
زىكرىڭىز سىز ھەر بىر كۈنۈم ئۆتمەيدۇ.
تۇۋا! دەيمەن سىزنى دەسلەپ كۆرگەندە،
ئاستا ـ ئاستا تونۇش بولۇپ يۈرگەندە.
چۈشەنمەيمەن ئەقلىم نەدە قاپتىكىن؟
ئىشىق كۆزى كور بولىدۇ دەپتىكىن.
قىلما پىتنەن پەسەنت سىزگە ئۇنچە مەن،
يۈرۈپتىمەن پەرۋاسىزلا شۇنچە مەن.
مۇناسىۋەت قويۇقلىشىش ئارقىلىق،
بىرگە يۈرۈش، بېرىش ـ كېلىش ئارقىلىق.
مەغرۇر، گىرۋىي قامىتىڭىز، تۇرقىڭىز،
ئەدەپ ـ ئەخلاق، خۇش ـ مۇلايىم خۇلقىڭىز.
يۈرىكىمدە بىر تۈيغۇنى ئويغاتتى،
كۆرسەم سىزنى نىگاھىمنى ئويناتتى.
ئەشۇ ھالدا كۈنلەر، ئايلار ئۆتكەنچە،
ئېتىمقادىم چوڭقۇرلىشىپ كەتكەنچە.
ئامراق بولۇپ قالدىم سىزگە قەۋەتلا،
چىقمىدىڭىز ئەس ـ يادىمدىن پەقەتلا.
كېيىن ـ كېيىن سىزنى ھەر كۈن كۆرمىسەم،
قېشىڭىزدا بىردەم كۈلۈپ يۈرمىسەم.
ھېچبولمىسا ئارقىڭىزدىن ـ يىراقتىن،
جىسمىڭىزدىن كەلگەن شېرىن پۇراقتىن.
قارىڭىزنى مەن بىر كۆرۈپ ئالمىسام،
ھىدىڭىزنى بىر سۈمۈرۈپ ئالمىسام.
شۇ كۈن ماڭغان ـ تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن،
تۇتقىنىمنى قويغىنىمنى ـ بىلمەيمەن.
قىز ھەسسىلەپ ھەسرەتىنى ئۇلغايتىپ،
ئۇزۇلدۇرمەي پىغان چېكىپ، ئۇھ تارتىپ.
كەلكۈن سۇدا ئېقىپ بارغان بىر ئادەم،
تۆت ـ بەش تىنىق بىلەن قالغان بىر ئادەم.
تۇرغىنىدا ئۈمىد ئۈزۈپ ھايا تتىن،
بىر تال تاختاي ئۇچراتقانىدەك تۇساتتىن.
كۆرۈنگەنىدەك قۇرۇقلۇقلار كۆزىگە،
گويا ئۈنىڭ، كۈلكە يامراپ يۈزىگە.
كېتىشىدىن تاختاي ئېقىپ، ئەنسىرەپ،
ئېسىلغانىدەك مەھكەم ئاڭا ھەسسىرەپ.
يىگىتكە ئۇ تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىپ،
تاڭلىيىغا پىغانلىرى قاپلىشىپ.
يىڭى ـ يىڭى پىكىرلەرگە ئۆتمەكتە،
سۆز يارغا نچە تىرەنلىشىپ كەتمەكتە.
«بىراق سىزگە يېقىنلىشىپ شۇنچە مەن،
تەلپۈنسەممۇ ھەر قانچە ـ ھەر قانچە مەن.
يوقىلاڭ بىر باھانىلار تېپىلىپ،
كەلگىنىمدە ئالدىڭىزغا ئېتىلىپ.
ئۆتتىڭىز ئاھ! مېنى كۆزگە ئىلماستىن،
سوردىماستىن ئەھۋال، دىققەت قىلماستىن.
زەپ ئەقىللىق ئىدىڭىزغۇ ئۆزىڭىز،
قاچۇرمايتتى ھېچبىر ئىشنى كۆزىڭىز.
ئەپسۇس كۈندە ئالدىڭىزغا ئۇن كەلگەن،
تېنى ياپراق، يۈرەك ـ باغرى خۇن كەلگەن.
سىزنى شۇنچە ياخشى كۆرگەن قىزغا سىز،
سىزدىن سۆيگۈ تىلەپ يۈرگەن قىزغا سىز.
ئەجەب ـ ئەجەب باغرى تاشلىق قىلدىڭىز،
ۋۇجۇدۇمغا ھەرە قويۇپ، تىلدىڭىز.

AltunOq

تۇرغىنىمدا ھەر رەت سىزگە تىكىلىپ،
بىر تەشنالىق نىگاھىمغا مۇكۇنۇپ.
باغرىڭىزغا قاتتىقىنى ئوراپ سىز،
چاچلىرىمنى قولىڭىزدا تاراپسىز.
بېسىپ سۆيگۇ تامغىسىنى لېۋىمگە،
يېقىپ ئۇمىد مەشئىلىنى كۆڭلۇمگە.
ئاتسىڭىز سۆيۈملىكىم دەپ مېنى،
تۇگەتسىڭىز چىشلەپ مېنى، يەپ مېنى.
كەتسەم تامام باغرىڭىزدا ئېرىپ مەن،
تۇرسام ۋىسال لەززىتىنى سۈرۈپ مەن.
دەيتىم لېكىن بۇ قۇت قۇچاق ئاچمىدى،
نۇسرەت ماڭا نۇرلىرىنى چاچمىدى.
ئەشۇ ھالدا نەچچە - نەچچە ئاي ئۆتتى،
گالدىن قانداق تائام ئۆتتى، چاي ئۆتتى.
كەلدى تۇندە ئۇيقۇ قاچان كۆزۈمگە،
بۇ ئازابلار ئايان پەقەت ئۆزۈمگە.
ئىشقىڭىزدا مېنى ئۆرتەپ كۆيدۈرۈپ،
مالامەتنىڭ تاغلىرىنى كۆمتۈرۈپ.
دېدىڭىزمۇ قىلمىۋىتەي كۆل مېنى،
ساناپ ئاخماق، بىلىپ ئاجىز - گول مېنى.
يەتمىگەندەك سىزدىن كەلگەن ئازابلار،
كوچىلاردا ئۇچقان پىتنە پاساتلار.
تىل - ئاياقلار يېگەن، ئىشتىكەن دادامدىن،
يىلىنىشلەر كەلگەن ئاجىز ئانامدىن.
قىلىپ قويدى تەلۋە مېنى، مەس مېنى،
ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان «پەس» مېنى.
تېگىۋاتقان قامچىلاردىن قاراسلاپ،
يېرىلغىلى تۇردى مېڭەم چاراسلاپ».
تەقدىرىدىن ئول پەرىنىڭ كۇلپەت تىلەك،
ھەر بىر ئاھى، ھەر سۆزىدىن ھەسرەت تىلەك.
ئەتكىنىچە نىشان مىڭلاپ ئوق مېنى،
بۇ جاھاندا قىلمىش بار ھەم يوق مېنى.
ئولتۇرىمەن تەستە بېسىپ ئۆزۈمنى.
قۇچاقلىغان پېتى مەھكەم تىزىمنى.
كېيىنكى سۆزنى تەرىقى بولاركىن،
يەنە قانداق ئازاب كۆتۈپ تۇراركىن.

يەتكۈزگىچە كانارىغا سۆزىنى،
ئالالارمۇ شۇ قىز تۇتۇپ ئۆزىنى.
بېرەرمەنمۇ مەنمۇ تاقەت شۇنىڭغا،
بېرەلەيمەن ھازىر جاۋاب بۇنىڭغا.
ئەمدى ئۇلار تامان تېزراق باراي مەن،
تەخىر قىلىپ گەپكە قۇلاق سالاي مەن.
«ئەمدى ماڭا لېكىن بولار بەرىبىر،
كەلگەن ۋاپا دوست-دۇشمەندىن بەزىبىر.
ھەممىدىن بەك ئېغىر ئەلەم قىلغىنى،
كۆتۈرەلمەسلىك ساڭگىلىتىۋال بولغىنى.
بارغانسېرى ھەتتا مېنى كۆرسىڭىز،
ئۆدۈلۈمگا روبىرو كېپ قالسىڭىز.
تېپىپ بېرەر سەۋەبلەرنى ئاتايىن،
بىلەلمىدىم زادى نېمە؟ -گۇناھىم.
ئۆزىڭىزنى پىنھانلارغا ئالدىڭىز،
بارا - بارا كۆرۈنمەيلا قالدىڭىز.
دەل ئەكسىچە نەدىكى بىر قىزلارغا،
ئىچى زەھەر، تەلئەتى قار-مۇزلارغا.
بوپ كېتىپسىز ئېچىل، خۇشتار ئىنتايىن،
ئۆزۈمچىلا دەيمەن توۋا! خۇدايىم.
تالاي شۇنداق خورلۇق تارتقان كۈنلەردە،
ئەلەم تىغى جانغا پاتقان كۈنلەردە.
دېدىم: بولدى ئېچىلىك مۇنچە قىيىنىلاي،
مۇھەببەتنى يېڭىۋاشتىن ئويلىناي.
نەرىنى دەپ ئۇنىڭ پەرياد چېكىمەن،
بۇلىتتەك كۆكلىمىڭ ياش تۆكىمەن.
تېپىلماسمىنىڭ خورمىسىمۇ ئەردېگەن،
نەدە مۇنداق ئىززىتىنى بىلمىگەن.
چىقمىسىمۇ ئۆمۈرۋايەت ئەرماڭا،
قارىماسمەن بولدى-بولدى بەس ئاڭا.
يەنە كەلدىم يەتتە قېتىم تۆگمەنگە،
ئەمەل قىلماي ئۆزۈم قىلغان ۋەدەمگە.
كۆڭۈل دېگەن تەرسا- ساراڭ نەرسىكەن،
كۆيۈك دېگەن بالا- يامان نەرسىكەن.
تۇرمايدىكەن زەنجىر بىلەن باغلىسا،
كۆنمەيدىكەن ئوتتا مىڭ رەت داغلىسا.

ماڭا ئوخشاش كۆيمىگەنلەر بىلمەيدۇ.
بۇ كوچىغا كىرمىگەنلەر بىلمەيدۇ.
سىزدىن شۇنچە ئۆزۈم تارتايدىمۇ،
بىر-ئىككى كۈن نېرى قېچىپ يۈرسەممۇ.
ئۇچىنچى كۈن تاقەتلىرىم تاق بولدى.
قىلالمىدىغان مۇنداق ئىشنى ياق بولدى.
تۆت كۆز بىلەن قېشىڭىزغا يۈگۈردۈم.
كىر پىككىمنى كۆزىڭىزگە تۆگۈردۈم.
دېدىم: ئۆلسەم ئالدىڭىزدا ئۆلەي مەن.
كەلگىنىمنى باشقا ئەمدى كۆرەي مەن.
تارتالمىدىم سىزدىن ئەسلا ئۆزۈمنى.
ئۈزەلمىدىم يۈلىڭىزدىن كۆزۈمنى.
بىر سۆيۈملۈك، بۇ يۈك تاتار شائىرى.
شائىرلارنىڭ گۈلتاجىسى- ماھىرى.
يوشۇرۇن كۆيۈش بەكمۇ ئازابۋە لېكىن،
شۇنداقلا ئۇ بەكمۇ شېرىن دەپتىكەن.
نېمە ئانچە توغرا ئېيتقان سۆزلەر بۇ.
يۈرىكىمنى تېشىپ ئۆتكەن كۆزلەر بۇ.
مەن بىر ئوغۇل، قىز بولسىڭىز ئەگەر سىز،
يەردە ئەمەس، مارستىكى مەگەر سىز.
قىلىپ ھەرنە شەرتىڭىزنى ئادا مەن،
ئەيلەپ سىزگە ھايا تىمنى پىدا مەن.
ۋەسلىڭىزگە ھامان يەتكەن بولاتتىم،
تاغ بولسىڭىز ھەم مەن يۇلۇپ ئالاتتىم.
بۇ دۇنياغا نەچچۈك قىز بوپ تۇغۇلدۇم،
ئاجىزلىقنىڭ سىر تىمىقىغا بوغۇلدۇم.
ھەسرىتىمنى زورلىما قتىن ياشقا مەن،
تاپالمىدىم چارە-ئامال باشقا مەن.
كېچىلىرى ياستۇقۇمنى قۇچاقلاپ،
يىرتىپ ياقا، چاچلىرىمنى تۇتامىلاپ.
چەككەن ئاھىم خۇدايىمغا يەتمىدى،
تەقدىر مېنى غەمدىن خالاس ئەتمەدى.
ئالدىڭىزغا بارسام ياندىن ئوت بولۇپ،
قايتىپ كەلدىم گويا تىرىك بۇت بولۇپ.
شۇڭا ئاخىر گەپنى ئۆزۈم تېشەي دەپ،
مۇشكۈلاتلار تۈگۈنىنى يېشەي دەپ.

قويۇپ قىزلىق غۇرۇرۇمنى بىر چەتكە،
قىلىپ بەدەل بارلىقىمنى بۇ دەردكە.
بىت- چىت بولۇپ مەنمە نىلىكىم قالىقىنى،
چېقىپ بارچە توسالغۇلار تالقىنى.
ئالدىڭىزغا كەلدىم كۆتۈپ جاۋاب مەن،
قىلىپ قۇتلۇق ۋەسلىڭىزنى تاۋاپ مەن.
ئەگەر مېنى چىندىن ياخشى كۆرسىڭىز،
ئۈممىدىم شۇ ئېنىق جاۋاب بەرسىڭىز.
بولالىسام سىزگە لايىق ناۋادا،
مەنگۈ مۇشۇ ئىشەنچ. مۇشۇ تامادا.
سىزگە سادىق جانان بولۇپ ئۆتەتتىم،
بەختىڭىز چۈن جاننى قۇربان ئېتەتتىم.
پۈت-قولىڭىز، ھەمكارىڭىز تۇرمۇشتا،
يازدا سايە، ئوت-چوغىڭىز سوغ قىشتا.
ئەسلا. ئەسلا ۋاپاسىزلىق قىلماي ئېتەتتىم،
ئالا نىيەت، قارا كۆڭۈل بولماي ئېتەتتىم.
سىزگە ئارتۇق تەلەپىممۇ يوق ئەمدى.
بەختىم پەقەت سىنىش سىزدىن ئوت ئەمدى.
سىز ئۈچۈن مەن نى رىيازەت چەكسەممۇ.
ماتاكېيىپ، زاغرا غاجاپ ئۆتسەممۇ.
تۇرسىڭىزلا پەقەت كۈلۈپ قېشىمدا،
قۇت قۇياشى چاقنار ئەمدى بېشىمدا.
خۇشاللىقتىن بېشىم كۆككە يېتەتتى.
ئۆمرۈم مېنىڭ ئارمانسىزلا ئۆتەتتى...
قىز ئەنشۇنداق بىلەن قان-ياش، غۇسسەلەر،
سۆزلەۋاتقان بۇ ئاجايىپ قىسسەلەر.
ئۈزۈلگەندە، يەپ ئۆزرىنىڭ گۆشىنى،
تۇرغان يىگىت بىلەلمەستىن ھۇشىنى.
مۇجۇپ نازۇك بارماقلارنى يەنىمۇ،
بەزگەك كەبى تىترەك تۇتۇپ ئۇنىمۇ.
قورسىغىنى ئېسىپ، قاتتىق ئۇھ! تارتىپ.
نەپسىنى ئېغىر لىتىپ، قىسقارتىپ.
ئاران- ئاران تۇتقىنىچە ئۆزىنى،
تىكىپ ھېسسىز ئېتەكلىرىغا كۆزىنى.
بەكمۇ تەستە كەلدى مۇنداق زۇۋانغا،
قانداق ھېكمەت مۆككەندۇ بۇ بىر ياندا.

قىلالامسىز ئەپۇ مېنى كىتابخان،
ئېيتەلمەدىم كۆڭلىڭىزنى شادىمان.
سىزنى خۇشال كۈلدۈرۈشنىڭ ئورنىغا،
تەنتەنىگە چۆمدۈرۈشنىڭ ئورنىغا.
دەردى ـ ئەلەم يالقۇنىغا تاشلىدىم،
يالاڭئاياق تىكەنلىككە باشلىدىم.
لېكىن تۇرمۇش دېگەن قىزىق تېپىشماق،
ئۇندا شادلىق بىلەن ئازاب بىر قوشماق.
تاسادىپى ئىشلار تولا ئۇنىڭدا،
بۇ ھاياتنىڭ قىزىقىمۇ شۇنىڭدا.
كىم بىلىدۇ قانۇ ـ دەريا يىغلىغان،
يۈرىكىنى ھىجران تىغى تىلىغان.
ئەشۇ قىزچاق يېتىپ ئارزۇ ـ مۇرادقا،
تاشلاپ قەدەم مۇھەببەت تىلىك ھاياتقا.
ۋىسالىغا ئول يىگىتنىڭ يېتەمدۇ،
بىر ئۆمۈرلۈك يارەن بولۇپ ئۆتەمدۇ.
قىز قەلبىدە يانغان ئىشقى ـ پىراقلار،
يىگىتنىمۇ ئەسىر ئەيلەپ بىراقلا.
ئۇنىمۇ ھەم ئوخشاش قىيناپ يۈرگەنمۇ؟
تەقدىر قىزىق ئويۇن ئويناپ يۈرگەنمۇ؟
دىلبىرىنى كۆپرەك سىناپ كۆرەي دەپ،
قىز قەلبىگە چوڭقۇرلىشىپ كىرەي دەپ.
ئاچچىغانىدۇ ئېغىز بەلكىم ئالدىراپ،
ياكى دىلدا گۇمان، ئەندىش، ئىزتىراپ.
شۇنداق لېۋەن بىر زىبانىڭ ئاھ! ئۇرۇپ،
قالغىنىدىن ئۇنى سۆيۈپ ـ ياقتۇرۇپ.
بەلكىم يىگىت قىزنى بۇگۈن چۈشىنىپ،
پاك ئەقىدە، سۆيگۈسىگە ئىشىنىپ.
ئۆز كۆڭلىنى ئاشكار ئېيتىپ ئۇمۇ ھەم.
لەۋلىرىگە سۆيۈپ قىزنىڭ دەمبەدەم.
سۆيۈپ قىزنىڭ قارا خۇمار كۆزىگە،
ئاققۇلاردەك بويىنى، گۈلدەك يۈزىگە.
ئوبدان گۈلۈم مېنى ئەپۇ قىلغىن دەپ،
قېنى ماڭا قاراپ بىرنى كۈلۈڭ دەپ.
قىزنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئالغانچە،
ئامىرىقىنى باغرىغا چىڭ تاڭغانچە.

ئاجراتماستىن قولىنى قىز بىلىدىن،
چوغدەك لېۋىدىن قىزنىڭ غۇنچە لېۋىدىن.
ساراڭلارچە، تەلۋىلەرچە پىقىراپ.
كەتكەندىمۇ باشلار قېيىپ ـ سىقىراپ.
قىزنى نەپەس ئالغىلىمۇ قويماستىن،
مەسكاللىلا ھېچنەرسىنى تۇيماستىن.
قەلبىمىزنى خۇشاللىققا پۈركەمدۇ،
قىزنى شۇنداق بەخت كۈتۈپ تۇرامدۇ.
كەبى چەكسىز تەشنالىقى قىزنىڭمۇ،
تاقەتلەر تاق ئارزۇيىمىز بىزنىڭمۇ.
بۇ ئىش شۇنداق بولغاي، قېنى كېلەيلى،
مەقسىتىنى ئېيتىمىزنىڭ بىلەيلى.
يىگىت سۆزگە كىردى مۇنداق، ئاخىرى،
پۈتكىنىدە قىزنىڭ سەۋرە ـ تەخىرى.
«تەڭدىشى يوق گۈزەل ساھىبجامالىم،
دىل كۆكىدە چاقناپ يانغان ھىلالىم.
ئەي تاغلارنىڭ ئەركىن ئۆسكەن ئاھۇسى،
مەڭگۈ ئوقۇپ پۈتمەس ھېكمەت قامۇسى.
ئەي ئېتىقاد ـ ئىمانىمغا ئايلانغان،
خىيالىمدا پاك سىماسى نۇرلانغان.
ھۆرنىزادەم، ئەي مۇقەددەس پەرىشتە،
پارلاپ تۇرغان زۆھرە يۇلتۇز ئەرشتە.
دىل سىھرىڭىز ئايان ماڭا ئۇزاقتىن،
سىزگە ئىشقىم سالغان ھىجران ـ پىراقتىن.
خەۋىرىمنىڭ بارلىقىغا ئىقرارمەن،
قىلالمايمەن مەڭگۈ بۇنى ئىنكارمەن.
مىڭ ئەپسۇسكى ھالىتىمنى ھازىرقى،
نادامىتىم، ھەسرىتىمنى ھازىرقى.
قانداق زۇۋان بىلەن ئىزھار ئېيتىشكە،
ئالدىڭىزدىن قانداق توغرا ئۆتۈشكە.
راستىن ئېيتسام، يوقتۇر چارە ـ ئامالىم.
قولاق بېرىڭ ماڭا گۈلى نىھالىم.
يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتىڭىز،
كۆڭلىڭىزنى ئايان قىلىپ ئۆتتىڭىز.
كۆزىڭىزدىن ئېقىن كەلكۈن ـ قىيانلار،
مىڭ بىر نالە، بىلەن مىڭ بىر پىغانلار.

ئەيلىگەنچە ۋۇجۇدۇمنى سىماب سىز،
ئاھا! نېمانچە ئۇلۇغ، ئالىيجاناب سىز.
بىز تونۇشقان، يېقىنلاشقان كۈنلەرنى،
تەكرارلىماي قوياي ئەمدى ئۇلارنى.
بېشىمدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇق ئۆتمىگەچ،
ھەمدە بۇنداق بولۇشىمۇ كۆتمىگەچ.
قاراپ سىزگە باشتا كۆڭۈل تۇزلۇكتە،
تونۇش، ئامراق بولۇپ قالدۇق تېزلىكتە.
ۋاھالەنكى كۈن - ھەپتىلەر ئۆتكەنچە،
مۇناسىۋەت قويۇقلىشىپ كەتكەنچە.
ئەتىمىسىمۇ گەرچە ئاشكار سۆزدىكىز،
بىر مەنادىن بەلگە بەردى كۆزىڭىز.
دەسلىپىدە گۇمان قىلىپ، قىلماستىن،
گۇمانلارنى كۆزۈمگە ھېچ ئىلماستىن.
كېلىۋەردىم ئارىمىزغا چەك قويماي،
بۇرۇنقىدەك سىزگە قىلچە شەك قويماي.
بىراق كېيىن بەزى غەيرىي ھالەتلەر،
بۆلەكچىلا يېقىن سالام - سائەتلەر.
ئاستا - ئاستا ئۇلغىيىشقا ئەگىشىپ،
ئىشەنچ بىلەن گۇمانلىرىم تەگىشىپ.
ئويلاندۇرۇپ قويدى مېنى بۆلەكتىن،
ئايلاندۇرۇپ قويدى مېنى بۆلەكتىن.
سوئىرە شۇندىن دىققىتىمنى ئاشۇرۇپ،
پەخەسلىكنى كۆزلىرىمگە يوشۇرۇپ.
قەلبىڭىزگە ئاستا - ئاستا قول سالدىم،
دىل قەسرىگە لەخمە كولاپ يول سالدىم.
كۆڭلىڭىزنى ئاخىر چارلاپ يەتتىمەن،
بۇ قىسمەتتىن دەسلەپ كۈلۈپ كەتتىمەن.
بىراق ئىشلار ئايلانغانچە چىگىنغا،
كۆمۈپ مېنى خاۋاتىرلىق چېكىنغا.
خۇمارلاشقان نىگاھىڭىز ئىچىدىن،
ھەتتا ھەر تال چاچلىرىڭىز ئۇچىدىن.
كۈلكىلەردىن چېھرىڭىزدىن بالقىغان،
ئادەتتىكى تۇيغۇلاردىن ھالقىغان.
گەپ - سۆزلەردىن ئارىمىزدا بولۇنغان،
رەنجىشلەردىن - چاقچاقلاردىن تۇغۇلغان.
قېلىمشلاردىن سەۋەبسىزلا ئويلىنىپ،
تامدىن تارشا چىققىنىدەك خۇيلۇنۇپ.
چېھرىڭىزدىن كېتىۋاتقان سارغىيىپ،
قېلىمشلاردىن كۆرۈپ مېنى تاتىرىپ،
ئىشلا قىلىپ سىزدىكى ھەر ھەركەتتىن،
كېلىپ - كېتىش، ناز - كەرەشمە، سۈلكەتتىن.
ئۇستىڭىزدىن تۇقۇلغان سۆز - چۆچەكلەر،
شالىلاق - شاخشاق سېغىزخانلا، سولتەكلەر.
ئېلىپ كەلگەن ئازابلاردىن ئىش قىلىپ،
مېنى سارالڭ قىلىپ، زەردى گۆش قىلىپ.
قويۇپ توغرا تارازىنى - گەزنى مەن،
قىلغىنىمدا بىر ھۆكۈمنى جەزمى مەن.
راست ئېيتسام كەتتىم قورقۇپ. ھولۇقۇپ.
باقمىغاچقا مۇنداق ئىشقا يولۇقۇپ.
چۈنكى مېنىڭ يۈرگەن قىزىم بار ئىدى،
چىندىن ياخشى كۆرگەن قىزىم بار ئىدى.
ئۆمۈر بويى ۋاپا بىلەن ئۆتۈشكە،
بۇ دۇنيادىن قول تۇتۇشۇپ كېتىشكە.
ئانت ئىچكەن تا ئەبەدى بۇزۇلماس،
كۆڭۈل رىشتى ئارىمىزدا ئۈزۈلمەس.
كەتكەندىمۇ بولۇپ روزى قىيامەت،
ياشايدىغان بىلەن ۋىجدان، دىيانەت.
ئايدەك نۇرلۇق جامالىڭىز ئالدىدا،
سەرۋىدەك قەد - كامالىڭىز ئالدىدا.
قارا قۇندۇز قاشلىرىڭىز ئالدىدا،
رەيھانگۈلدەك چاچلىرىڭىز ئالدىدا.
كۆزدىن ئاققان ياشلىرىڭىز ئالدىدا،
نالە - پەرياد، ئاھلىرىڭىز ئالدىدا.
شۇ سۆيۈملۈك دىلبىرىمدىن كېچىپ مەن،
ۋىجدانسىزلىق شارابىنى ئىچىپ مەن.
بېرەلمەيتتىم سىزگە ئەسلا قولۇمنى.
بۆلەلمەيتتىم ئىككىگىمۇ كۆڭلۈمنى.
شۇڭا سىزنى خاپا قىلىپ قويسامۇ،
دەردىڭىزنى چۈشەنسەممۇ - تۇيسامۇ.
ئويلاپ سىزدىن يىراقلىشىپ كېتەي دەپ،
بىرىدىش - كېلىش يوللىرىنى ئېتەي دەپ.

شۇنچە قىلدىم، چارەم كارغا كەلمىدى،
يىراقلىشىش سىزدىن مۇمكىن بولمىدى.
قېلىۋەردى ئۇچۇق يەنە ئارىمىز،
يوقالمىدى كۆز ئالدىمدىن قارىڭىز.
چاغلاپتىمەن باشتا خاتا بۇ ئىشنى،
ئېڭىزلىتىپ بارغانچە مەن تام - خىشنى.
مەن تاھىرجان، سىز زۆھرەجان بولدىڭىز،
يىگىنە بىلەن تامدىن كامار قازدىڭىز.
چېكىنگەنچە ئارقىغا مەن قانچىلىك،
كەلدىڭىز سىز قوغلاپ - قىستاپ شۇنچىلىك.
قېلىۋەرگەن بىلەن ئۇچۇق ئارىمىز،
ئېغىرلاشتى لېكىن يۈرەك يارىڭىز.
بۇ دۇنيانىڭ قىسمەتلىرى ئوخشايدۇ،
يامانلاردىن، ياخشىلار كۆپ قاخشايدۇ.
گەرچە شۇنچە خىسلەت بىلەن يارالدى،
ھەر قەدەمدە مىلك كۆز ئاڭا قادالدى.
ئالتۇن غېمى كۆپ بولغاندەك خامخېشتىن،
قىز دىلگۇلنىڭ ھەسرىتى كۆك قۇمۇشتىن.
گۇلۇم سىزدەك گۈزەل مەختۇمسۇلانى،
شىكەستىلىگەن مەندەك قارا بالانى.
مەيلى غەزەپ پاتقىقىغا پاتۇرۇڭ،
مەيلى قاغاپ مېنى تاشتەك قاتۇرۇڭ.
سىزگە ئوخشاش ئوماق گۇلى رەنانىڭ،
لاچىن سوقان كەپتەر، كۆزى شەھلانىڭ.
قەددىي پايمال بولغىنىنى كۆرگىچە،
قانلار قۇسۇپ تۇرغىنىنى كۆرگىچە.
ئۆلۈپ كەتسەم خوپ ئەمەسمۇ، نە يىلەيمەن،
سىزدىن دەردىم كۆپ ئەمەسمۇ نە يىلەيمەن.
مىلك ئەپسۇسكى بۇ قىسمەتكە چارە يوق،
مۇھەببەتنىڭ رەنجى ئۈچۈن دورى يوق.
ئۇچرىماستى سىزدەك بىر يار، ناۋادا،
ئىزدەپ چىققان بولسام ماڭا، دۇنيادا.
سىزدەك بىر قىز مېنى ياخشى كۆرگەندە،
ئەتراپىمدا پەرۋانەدەك يۈرگەندە.
قانداق ئەقىل، قايسى جۈرئەت، يۈز بىلەن،
چەھرىڭىزگە قاراپ قايسى كۆز بىلەن.

كۆڭلىڭىزنى جېنىم سىزنىڭ رەت قىلمىش،
ئالدىڭىزدىن توغرا ئۆتۈپ كەپ قىلمىش.
راست ئېيتسام كەلمەيتتى ھەم قولۇمدىن،
ئېغىر ئىدى بۇ ئىش ماڭا ئۆلۈمدىن.
يۈرگىمدە شۇنداق جىگەر خۇن بولۇپ،
جۈپ تاش - تۈگمەن ئارىسىدا ئۇن بولۇپ.
گەپنى بۈگۈن دەل ئۆزىڭىز ئاچتىڭىز،
ئوت ئۈستىگە بىر تونا ماي چاچتىڭىز.
ئەسلىدە سىز ئاجايىپلا ياخشى قىز،
مەشرەپ ساتار بىلەن ئېيتقان ناخشا سىز.
چۈشىنىمەن تالاي - تالاي يىگىتلەر،
بىلەن ئوتلۇق تىلەك، تەشنا ئۈمىدلەر.
مەرد، ئەقىللىق كۆك ئاسمانىنىڭ ناردەك،
پاك ۋىجدانلىق، قەلبى مۇز تاغ قاردەك.
قول ئىلكىدە خېلى نۇرغۇن پۇلى بار،
نوپۇزى بار، ئابرويى، يولى بار.
نەچچە قېتىم سىزگە تەلەپ قويۇشۇپ،
قويغىنىغا تەلەپمۇ جاق تويۇشۇپ.
دەككىسىنى خېلى ئوبدان يېسىمۇ،
سىزگە قولى يەتمەسلىكىنى بىلسىمۇ.
لېكىن يەنە چۆرىڭىزدىن كېتەلمەي،
ئالدىڭىزدىن سىزنىڭ توغرا ئۆتەلمەي.
ئىشقىڭىزدا پەرۋانە بوپ يۈرمەكتە،
ئەس - ھۇشىدىن بىگانە بوپ يۈرمەكتە.
ماڭا بولغان ئەقىدىڭىز - ئىشقىڭىز،
ماڭا بەرگەن سۆيگۈ «كۆڭۈل رىشتىڭىز»،
ئەرزىگىدەك جانىنى قۇربان ئەتسىمۇ،
ئۇ دۇنياغا بىرگە ئېلىپ كەتسىمۇ.
بىر مۇقەددەس - ئالىيجاناب ھېس ئىدى.
نىتەي شۇ ھېس مەندىن پەشۋا-مۇش يېدى.
بۇ سىزدىكى پاك ئەقىدە، پاك نىيەت،
پاك مۇھەببەت ئىماندەك ئاق - ھەقىقەت.
ئۈمىدىم شۇ گۈلۈم مېنى كەچۈرۈڭ،
كۆڭلىڭىزدىن بۇ سەۋدانى يۇتتۇرۇڭ.
سىزنى مەن ئۆز ھەمشىرەم دەپ بىلەيمەن،
سىزگە چەكسىز سائادەتلەر تىلەيمەن».

ئېچىنىشلىق بۇ سۆيگۈنىڭ تەقدىرى،
بىلەن مەزكۇر يىگىتنىڭ بۇ تەبىرى.
قالغىنىدا مانا شۇنداق ھەل بولۇپ،
ئېقىپ يېشى يىگىتنىڭمۇ سەل بولۇپ.
يەڭ-پەشلەرنى چىلىق-چىلىق ھۆل قىلىپ،
قىز يۈزىنى ياغمۇر يۇغان گۈل قىلىپ.
قىز ئالدىدا يەرۇ-جاھان پىقىراپ،
ئەسەبىيلىك بىلەن دەھشەت چىقىراپ.
« ئاھ! نېمىشكە كەلگەندىمەن دۇنياغا،
قالغاندىمەن نېمىشكە بۇ بالاغا.
ياشىغۇچە ئاھ! مۇنچىلا خار بولۇپ،
قالغان بولسام كاشكى تۇغما كور بولۇپ.
كاشكى بولسام سىزنى ئەسلا كۆرمىگەن،
مۇھەببەتنىڭ كوچىسىغا كىرمىگەن.
مۇھەببەتنىڭ كۆزى راستلا كور ئىكەن،
كۆڭلۈم قارا، ئاھ! پېشانەم شور ئىكەن.
زەھەر ئىكەن ھەسەل بىلىپ يۇتقىنىم،
تىكەن ئىكەن قىزىلگۈل دەپ تۇتقىنىم.
ماڭا ئەمدى ھېچكىم رەھمى قىلمىسۇن،
ھېچكىم مېنىڭ خېرىدارىم بولمىسۇن.
بۇ نەس باسقان تەقدىرىمدىن نىمتەي مەن،
قاياقلارغا باشىم ئېلىپ كېتەي مەن.
تۇتقىچىلىك باشقا ئەرنىڭ قولىنى،
تېپىۋالاي ئۇ دۇنيانىڭ يولىنى.
بۇ دۇنيادىن تۇل بوپ ئۆتەي، تاق ئۆتەي،
مۇھەببىتىم ئالدىدا يۈز ئاق ئۆتەي.
ياق، ياق ئۆلەي، ھازىر تىلىم تۇتۇلسۇن،
بۇ دۇنيا بىر جاپاكەشتىن قۇتۇلسۇن » —
دېگىنىچە كۆز ياشلىرى تاراملاپ،
يۇلغىنىچە چاچلىرىنى قامالاپ.
لىباسىنى قىلىپ پارە-پارەلەر،
ئەيلىگەنچە چېكىپ ئەپغان نالەلەر.
چىقتى يىگىت قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ،
ئۇرغانچە چەرخ، پىغان بىلەن تولغۇنۇپ.
يىگىت قىزنى تۇتۇپ ئالاي دېسىمۇ،
ئانچىنان كۆپ نەسىھەتلەر قىلسىمۇ.
بۇ تەلۋىگە زىنھار كۈچى يەتمىدى،
يېلىنىشلار قىزغا تەسىر ئەتمىدى.
كەتتى قىز چاق يىغلىغانچە ھۆكىرەپ،
بىنىشانە بوران كەبى گۈكىرەپ.
قالدى يىگىت قىز كەينىدىن باققانچە،
توختاپ يۈرەك گويا، تاشتەك قاتقانچە.
ئولتاردىكىن قانچە ۋاقىت ئىزىدا،
ئىككى قولۇم ئېڭەكتە، باش تىزىدا.
دەم كۆڭۈلنى قۇچۇپ ئالقىش-تەنتەنە،
دەم دىلىمنى ئېزىپ، ئۆرتەپ غەم يەنە.
ئېنىمىزنىڭ ئۆز يارىغا ۋاپادار،
بولغىنىدىن دىلدا چەكسىز ئىپتىخار.
ھەم ھېلىقى قىزنىڭ پىغان-نالەسى،
چۈشكىنىدىن لايىغا ئانار دانىسى.
نىگاھىمغا قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ،
ھەسرەت-ئەلەم بىلەن ئۆپكەم قېقىلىپ.
كىمگە ئەيىب قويۇشۇمنى بىلەلمەي،
ئۇ تامغىمۇ، بۇ تامغىمۇ مىنەلمەي.
قىسمىتىمدىن تەقدىرىنىڭ كۆپ ئۆكۈنۈپ،
كۆزۈمدىن ياش-كۈلكە تەڭلا تۆكۈلۈپ.
ۋاھالەنكى ئارىدىن شۇ ئىش ئۆتۈپ،
قارا باسقان قاباھەتلىك چۈش ئۆتۈپ.
خۇي چىقاردى ئېنىمىزمۇ بۆلەكتىن،
چىقما يىدىغان بولۇۋالدى قاۋاقتىن.
كېچە-كۈندۈز يۈرۈيدۇ ئۇ مەستلىكتە،
قىزارغانچە كۆزى، دەسسەپ تەسلىكتە.
نۇرغۇن پەندى-نەسىھەتلەر ئارقىلىق،
ئۆزگىمۇ بۇ ئىش ئازراق ھار كېلىپ.
ئىچكۈلۈكتىن ئاستا-ئاستا قېپ قالدى،
بىراق بەك شۈك-مۆرىمەسلا بوپ قالدى.

IV

كەڭ ئازادە زالىنىڭ ئىچى يوپ-يورۇق،
كەتكەن جۇپ-جۇپ قىز يىگىتكە لىق تولۇپ.
چاقناپ ياندى رەڭگامۇ-رەڭ چىراقلار،
يۇتۇپ كەتكەن پۈتۈن زالنى بىراقلا.
زامانىۋى چالغۇ-سازلار مىڭ تىللىق،
سايرىماقتا ئەجەب جۇشقۇن. يېقىملىق.

شوخ ناۋالار تامدىن - تامغا ئۇچما قتا،
كۆكۈللەرنى تەنتەنىلەر قۇچما قتا.
ياسىنىشقان قىز - جۇۋانلار ئالىپتە،
بولۇپ چوغلۇق، لالە، نەركس، بىنەپشە.
خۇمارلىشىپ كەتكەن قارا كۆزلىرى،
كەچكى شەپەق كەبى چاقناپ يۈزلىرى.
ئەترە - ئىپار بولۇپ كەتكەن تەنلىرى،
تومۇرلارغا سىغماي ياشلىق قانلىرى.
يىگىتلەرمۇ بىر - بىرىدىن قامەتلىك،
يالقۇنجىغان چوغدەك، ئاپتاپ تەلەتلىك.
ئۇشلاپ ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قولىنى،
قانىماي پۇراپ سۆيگۈ، دوستلۇق گۈلىنى.
تەڭكەش بولۇپ مۇزىكىغا يېقىملىق،
تاشلاپ نازۇك ئايا قلارنى رىتىملىق.
جۇپ نىگاھلار بىر - بىرىگە باققانچە،
تومۇرلاردا ماگما ئېرىپ ئاققانچە.
زال ئىچىدە قانات قېقىپ كەلمەكتە،
ئويناق ئەنھار كەبى ئېقىپ كەلمەكتە.
شۇ كۆۋەجەپ تۇرغان قاينام ئىچىدە،
گويا سۈتتەك ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدە.
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىدە ئوت ياندۇرۇپ،
كۈندەشلىكنىڭ ئازابىدا قالدۇرۇپ.
يۈرگىنىدەك ئۈزۈپ مەغرۇر تولۇنئاي،
بەكمۇ مەسۇم، نۇرلۇق، گۈزەل، خۇشچىراي.
ياكى سۈزۈك كۆل قوينىدا شاۋقۇنلۇق،
كۆكرەك يېقىپ دولقۇنلارغا ئۇيقۇنلۇق.
بىر جۇپ ئاققۇ قاتار ئۈزۈپ يۈرگەندەك،
بىر جۈپ غۇنچە تەڭ ئېچىلىپ كۈلگەندەك.
بىر - بىرىگە شۇ قەدەر بەك خوپ كەلگەن،
ھەر كىشىنىڭ كۆز يېغىنى يەپ كەلگەن.
بىر قىز - يىگىت دەسسىگەنچە ۋالىسقا،
ئوخشاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تاۋۇسقا.
چىقارغانچە شادلىقىنى ئەۋجگە،
سىغدۇرالماي بەخت ھېسسىن قەلبىگە.
مانا ماڭا مەغرۇر قاراپ كەلمەكتە،
دىلىنى ئەبجەش تۇيغۇ ئوراپ كەلمەكتە.

بۇ ھېلىقى كىتابخانىغا تونۇشلۇق،
ۋاپا، ۋىجدان، ئەقىلگە باي، نومۇسلۇق.
ئالىيجاناب ئېنىمىزنىڭ ئۆزى شۇ،
يېقىندىكى ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى شۇ.
بولۇپ ئۆتتى تونۇگۈنلا تويلىرى،
كۈمۈلگەنچە گۈلگە، نۇرغا بويلىرى.
كىتابخانلار ھازىر كۆرۈپ تۇرغىنى،
راھەتلىنىپ پەيزىن سۈرۈپ تۇرغىنى،
بەختلىك توي ۋىچىر كېسى ئۇلارنىڭ،
شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن دوستلارنىڭ.
بارغىنىچە سورۇن قىزىپ - جانلىنىپ.
مۇزىكىنىڭ سەرخىللىرى تاللىنىپ.
نېمىشكىدۇ كۆڭلۈم مېنىڭ ئېزىلىپ،
تۇرۇش مۇندا مەنىسىزدەك سېزىلىپ.
خىياللارغا چوڭقۇر چۆكۈپ بارىمەن،
قامىتىمنى تالدەك پۈكۈپ بارىمەن.
بوپمۇ يېڭى تويى بولغان قىز - يىگىت،
قەلەمقاشلىق كېلىن، قارا كۆز يىگىت.
ئاران سۆيگۈ ۋىسالىغا يېتىشكەن،
كۆپ يىل كاككۇك - زەينەپ بولۇپ ئۆتۈشكەن.
شېرىن كۈنلەر لەززىتىگە چۆمۈلۈپ،
ھەۋەسلىك كۆز نۇرلىرىغا كۆمۈلۈپ.
كۆز ئالدىمدىن ئۆتكىنىدە ھەر قېتىم،
كۆتەرگەنچە شاۋقۇن پىغان - ھەسرىتىم.
يېرىلغانچە كاللام گويا چاراسلاپ،
تېگىمۋاتقان قامچىلاردىن تاراسلاپ.
بىز ھېلىقى سايدا تاشلاپ كەتكەن قىز،
ئەلەم بىلەن كۆزدىن ياشلاپ كەتكەن قىز.
ئېنىمىزگە زور ئەقىدە باغلىغان،
ھىجران ئوتى يۈرىكىنى داغلىغان.
تەڭدىشى يوق ساھىبجامال - پەرىشتە،
ئەس - ھۇشىدىن ئازغان مەجنۇن رەۋىشتە.
كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ بىردىنلا،
مېنى ئەسىر قىلىۋېلىپ بىردىنلا.
تېخى ھېلى قاراپ - قاراپ تويمىغان،
كۆڭلى-كۆكسۈم ياىراپ. كۆزۈم ئويىنىغان.

تانسا ئەمدى ياقىماي مەيلىم - رايىمغا،
تاپالماستىن تەسەللىلەر ئاھىمغا.
يۈگۈرگەنچە چىقىپ كەتتىم تالاغا،
يۈرىكىمنى يېقىپ سالقىن ھاۋاغا.
بىراق بۇمۇ ماڭا بەۋا بولمىدى،
سالقىن ھاۋا دەردكە داۋا بولمىدى.
مىڭ يىرىمدىن قان - ياش بولۇپ تۆكۈلدۇم،
تارتقىنىمچە ئاھ! ساماغا تىكىلدىم.
گويا مۇشۇ قاپقاراڭغۇ كېچىدە،
سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدە.
ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ نۇرلۇق بىر سەييارە،
بەختى قارا، شورپېشانە بىچارە.
كۆز ياش تۆكۈپ ماڭا قاراپ تۇرغاندەك،
سۈمبۈلىنى غەمكىن تاراپ تۇرغاندەك.
تۇرغىنىمدا ئەنە شۇنداق ھالەتتە،
ئوقۇپ تەقدىر قىسمىتىمگە لەنەتلەر.
گەردەنگە بىر ئىسسىق نەپەس ئۇرۇلدى،
چۆچۈش بىلەن بېشىم يانغا بۇرۇلدى.
تۇرار ئىدى يېنىمدا بىر ياش يىگىت،
خۇددى ماڭا ئوخشاش كۆزى ياش يىگىت.
مەن بىلەن تەڭ كەڭ ساماغا تىكىلىپ،
ماڭا ئوخشاش قار - يامغۇردەك تۆكۈلۈپ.
مۆردىمىزگە تىرەلگەنچە مۆردىمىز،
چۈشىنىشلىك ئەھۋال - كۆڭۈل سىردىمىز.
كۆزدىمىزنى كەڭ ئاسماندىن ئۈزمەيتۇق،
بىر يۇلتۇزنى ھەر تاماندىن ئىزدەيتۇق.

1990 - يىل 5 - ئاۋغۇست.

تاشقورغان

**ياسىن زىلال**

# ئون غەزەل

## چوقۇم

تۆكۈپ دۇردانە تەر، كۆزلەپ گۈزەل ئارزۇ - تىلەكلەرنى،
ئىجادىم باغىدا تەردىم تۈمەن خىل گۈل - چېچەكلەرنى.
بېرىپ گۈللەرگە مىڭ تۈرلۈك پۇراق، ھۆسنىگە مىڭ سۈلكەت،
بەرگىلەر ئۆزرە پارلاتتىم كۆمۈش تەردىن بىزەكلەرنى.
ئۈمىدىم: ھەر سابا ئېپ بارسا ئالەمگە بېغىمدىن بۇي،
خالاس قىلسام بىمارلىق ئىلكىدىن خەستە يۈرەكلەرنى.
ئارامگاھ بولسا گۈلزارىم دىلىمغا ياققۇدەك ئەلنىڭ،
زىبا گۈللەرگە تولدۇرسام گويا تۇزدەك ئېتەكلەرنى.
گۈلۈمنىڭ چېھرىگە رام ئەيلىنىپ جەم بولسا بۇلبۇللار،
ھەسەت گۈلخانلىرى ئۆرتەر چوقۇم ھەشقىپېچەكلەرنى.

## كۆڭلۈم

مۇقامىنىڭ مەرغۇلىدەك خوپ يېقىملىق كۈي قاتار كۆڭلۈم،
قەلب سىلكىنگۈدەك موڭلۇق سادالار تارقىتار كۆڭلۈم.

تېنىمگە سىغمىغان ھېس جىلۋىسى چاقنار نىگاھىمدا،
چىۋەر رەسسام سىزىپ پۈتمەس، پايانسىز لالەزار كۆڭلۈم.
جاھان دەريالىرى كۆكسۈمگە جەم بولغا نىمكىن، دەيمەن،
ھايا جان جۇش ئۇرۇپ ھېچ توختىماي دولقۇنلىنار كۆڭلۈم.
تۇتۇپ ئىككى قولۇمدىن چىڭ غورۇر، ۋىجدان ماڭا ھەمراھ،
ئادالەت تەختىگاھىدا ۋاپادىن تاجدار كۆڭلۈم.
ۋەتەن ئوغلۇم دېگەچ قەلبىم خۇشالدۇر، بەختىيار شۇنچە،
جاھان سىغدۇرغۇسىز شادلىق ئىچىدە ئېچىتىجار كۆڭلۈم.
دىلىم ئالدى ۋەتەن بوستانىدىن بىر جىلۋىدار ئەنداز،
سابادەك ئەركىلەپ - ئويناپ چىمەنگە لەۋ ياقار كۆڭلۈم.
تەسەددۇق ئەيلىدىم ئالتۇن دىيارىمغا ئېزىز تەننى،
پۈشايمان يوق بۇ يولدا بولسىمۇ گەر خاكسار كۆڭلۈم.

## كۆلكەم

تېپىلغا يمۇ سېنىڭدەك مېھرى ئوت كۆي، خۇش ناۋا كۆلكەم،
تامام ئىزگۈ كۆڭۈللەر ئىشقى باغلاندى ساڭا كۆلكەم.
ساڭا ئۆن بەرگۈسى ھەر تال ھۈجەيرەم، قەترە قانىم ھەم،
ئۇرۇپ جۇش ئۇرغىغان ئارشاڭ بۇلاقتەك توختىماي كۆلكەم.
قەلب گۈلزارىغا خۇش ھىد سابادەك يەلپۈنۈپ كىرسەڭ،
بولارسەن بىداۋا مەجرۇھ-بىتاپلارغا شىپا كۆلكەم.
يۈرەك ئىزھارىنى قىلساڭ بايان خەندان ئۇرۇپ ھەر چاغ،
بولار لال زىل ئاۋازىڭدىن شۇدەم بۇلبۇلگويا كۆلكەم.
سابا شۇڭقارىدا سەيلانە قىلساڭ كەگرى ئالەمنى،
ئېچىپ باغرىن دېگەي چەكسىز دالا: كەل، مەرھابا كۆلكەم.
ئېگەر باش مەس بولۇپ تاغلار ئاشۇ تاتلىق نىدايىڭدىن،
قىلىپ ئەۋجىڭگە جۆر ھەم قايتۇرار ياڭراق سادا كۆلكەم.
يېتىپ بارساڭ بۇلۇتلار قەسرىدىن ھالقىپ پەلەك ئۆزرە،
ھاياجان لەرزىدىن تىترەر دىلى ئەھلى ساما كۆلكەم.
تىزىمغا قول ئۇرۇپ قەھ-قەھ سېلىپ ۋايىڭغا يەتكۈزسەم،
خۇشال بەزمەمگە تەڭكەشتۇر جىمى دوست دىلرابا كۆلكەم.
ھەسەتخور بەدنىيەتلەر ئۆرتىنەر ئوتلۇق سادايىڭدىن،
رەزىللەر قەلبى مىڭ پارا بولۇپ تاپقاي ھازا، كۆلكەم.
كۆزۈم ياشلانسىمۇ ھىجراندا قەلبىمدىن پىغان ئۇرلەپ،
يىگىتلىك ۋەجىدىن ھەمراھ بولۇپ كەلدىڭ ماڭا كۆلكەم.
جاراڭلا توختىماي، ياڭراق ئۈنىڭدىن بەھرى ئالسۇن ئەل،
مۇھەببەتلىك تۇمەنلەپ دىل ساڭا چىن مەھلىيا كۆلكەم.

## مەردانىغا ئايلانماقتىمەن

گوياكى مۇشتۇمدەك ئىمدىم ئاچقاندا كۆز دۇنياغا مەن،
ئۆتتى تالاي يىللار، بۇگۈن مەنمۇ بولۇپ قالدىم تېمەن.
باقسام بۇ دەم مەن قايرىلىپ باسقان مۇساپەم ئاز ئەمەس،
جۇپ ئون يېشىم جەريانىدا قىسمەتلىرىم بولدى تۈمەن.
بەزەن مۇراد ئەيلەپ نىگار سۇندى ۋىسال جامى ماڭا،
سۇردۇم ھاياتىم پەيزىنى، تۇرغان يېرىم بولدى چىمەن.
چىللاپ ئارامگاھ قوينىدا ئېيتتى تالاي رەت مەرھابا،
چېھرى تەبەسسۇم جىلۋىگە تولغان چىرايلىق گۈل بەدەن.
بەزەن جۇدالىق ئوتلىرى باغرىمنى تەكرار ئۆرتىدى،
بولدۇمكى مەھكۇم كۆپ قېتىم ئاچچىق نادامەت - دەردكە مەن.
قىلغان ۋاپاغا جاپا بەرگەن جانابلار بولدى ھەم،
ھەق سۆز ئېيتقان: «نان تەگلىمەسەڭ چىشلەر قولۇڭنى ئىت» دېگەن.
ئۆتكەچ بېشىمدىن رەڭمۇ رەڭ قىسمەت، كەچۈرمىشلەر مېنىڭ،
تاۋلاندى ئەقلىم بىرمۇ بىر ئۆچتى دىلىمدىن داغ - ئېۋەن.
كارىسىز ۋۇجۇدۇمغا ھامان يازدا بوران، ئايازدا جۇت،
گوياكى قارىغاي قەددىلىك مەردانىغا ئايلانماقتىمەن!

## ئەلۋىدا

دوست بىلىپ كەلگەنىدىم قەلبىڭنى دەپ مەن بىباھا،
مەن ئۇنى ئۈز ساقلىغان دىلىدىن ياساپ گۆھەر قۇتا.
ھۆسنىڭگە چاك قونمىسۇن دەپ جان بىلەن سۈرتكەن ئىدىم،
يوق ئىدى دوستلۇقتىن ئۆزگە مەندە غەيرىي مۇددىئا.
ۋا دەرىغ، بىلمەپتىمەن باشتا بۇرادەر مەن پەقەت،
ئاقىۋەت كۆڭلۈڭ چايان يەڭلىغ بولۇپ چىققىتى مانا.
مەن گۆھەر بىلگەن ئەشۇ قەلبىڭ ئىكەن مۇدھىش چايان،
ئاھ ئۇرۇپ باغرىمغا نەشتەر قىلدى قان، قىلدى يارا.
ئىللىسۇن دەپ چۈنكى مەن باشتا يىلانىنى ساقلىغان،
ئاھ، ئۇنى قوينۇمغا سالغانىتىم توڭۇپ تۇرسا ناكا.
ئاخىرى بولدى ئايان ئالدىمدا ھەممە بىرمۇ بىر،
خەير، خوش، ئۇنداق بۇرادەرلىككە ئەمدى، ئەلۋىدا!

## لەنەت ساڭا

بەدنىيەت، مەككار، ھەسەتخورلار تۈمەن لەنەت ساڭا،
ئىچ - ئىچىمدىن خۇددى ۋولقاندەك تاشار نەپرەت ساڭا.

ئويلىما خەخ بەختىگە چاك سېپ تاپارمەن پايدا دەپ،
بۇ رەزىللىكتىن تېپىلما يدۇ ئەبەد مەنپەئەت ساڭا.
ئۆزگىلەر قۇچسا شەرەپ ئۆرتەنمە بەس پەرياد ئۇرۇپ،
ئويلىغىن، بۇ قىلمىشىڭ ئەل ئالدىدا بەك سەت ساڭا.
زەڭ سېلىپ تارىختا كۆرمەمسەن ھەسەتخور ھالىنى،
يىركىنىشلىك ئاقىۋەت بولمامدۇ ھېچ ئىبرەت ساڭا.
ئۆرتىنىپ، زەرداب يۇتۇپ يۇرمەي يولۇڭنى سەنمۇ تاپ،
كۆز قىزارتىشتىن مۇيەسسەر بولمىغاي نۇسرەت ساڭا.
خەلقى ئالەمدىن نومۇس قىلما يدىغان ھالىڭغا ۋاي،
سەزمىدىڭمۇ ھومىيىپ باقماقتا ئەل دەھشەت ساڭا.
تىللىرىڭدىن تامچىتىپ باقساڭمۇ بال، قەلبىڭ رەھەر،
بۇ رەزىل رولنى ئورۇنلاش نەقەدەر كۇلپەت ساڭا.
قانچىلىك كىر ئىزلەسەڭمۇ ئۆزگىلەر ئىرنا قىلدىن،
بىر ئۆمۈر تارتىپ مۇشەققەت يوق شەرەپ - شەۋكەت ساڭا.
بىل شۇنى تارتىپ ئالالما يسەن قەلەمنى ھېچقاچان،
ئىغ ئۇرار مىسرالىرىم شىددەت بىلەن ھەر پەيت ساڭا.

## قەلەم

ئېھ، قەلەم، جانىم قەلەم، سەن جانىغا ھەمراھىم قەلەم،
سەن سۆيۈملۈك مېھرىبانىم، شەۋكىتىم - شانىم قەلەم.
سەن ئۆزۈڭسەن سۆيگۈنۈم، كۆڭلۈ دىلىمدىن كۆيگۈنۈم،
سەن مېنىڭ پەخرىم، غۇرۇرۇم، جانۇ جانانىم قەلەم.
يا قەلەمگە، يا ماڭا تۇر، دەپ كېتىشتى قانچە يار،
ئۈزمىدىم، سەندىن كۆڭۈل چىن ئىشقى پەرۋانىم، قەلەم.
تۈنلىرى ياستۇق بېشىمدا بولسەن ھەمراھ ماڭا،
بارمۇ بۇنداق بىر مۇھەببەت جان قەدىردانىم قەلەم.
سەن ھاياتىم، سەن قاناتىم، سەن بىلەن ئۇچتۇم ئېگىز،
خوشلۇقۇمغا خوشلۇقۇم، دەردىمگە دەرمانىم قەلەم.
چوغلىنىپ ئوتلۇق تىلەك قۇرلارغا گۈل چەكتىڭ ھامان،
سەندە ئىزھار بولغۇسى ئەل شەۋقى داستانىم، قەلەم.
سېنى ئاسرايمەن كۆزۈم قارچۇقىدەك گۆھەر بىلىپ،
سەن بىلەن پارلايدۇ تاڭدا بەختى چولپانىم، قەلەم.
دوستلىرىمغا مېھرىبان، دۈشمەنگە ئوق - يارىم ئۆزۈك،
زۇلپىقارىم سەن قولۇمدا ھەمدە قالقانىم، قەلەم.
ياز قەلەم! يۈرەك قېنىم بولسۇن ساڭا پۈتمەس سىياھ،
سەن بىلەن بولسۇن بىنا بەتلەردە بوستانىم، قەلەم.

دىلنى مەپتۇن ئەيلەسە باغىڭدا گۈللەر جىلۋىسى،
قىلغۇسى بۇلبۇلنى ھەيران كۈلكە ـ خەندانىم، قەلەم.

## مىسرالىرىمغا

غۇبارسىز پاك دىلىمدىن سۆيگۈنۈم سەن دىلبىرىم مىسرا،
ساڭا باغلاندى مەڭگۈلۈك ئۈزۈلمەس دىل يىپىم، مىسرا.
يىگىتلىك ۋايىغا يەتمەستە ئاشىقلىققا بەند بولدۇم،
ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلغاچ گۈزەل، ئوتلۇق سېزىم، مىسرا.
تېنىمگە سىغمىغاچ دولقۇنلىغان زور تۇيغۇ دەرياسى،
يۈرەكنىڭ ھېسلىرىدىن ھەر ئۇرغىلارغا سىغدىدىم، مىسرا.
سىنەڭ ئالدى نەپىسلىك مەن بەخش ئەتكەن گۈزەل ھېستىن،
سۈزۈك ياقۇت لېۋىڭدىن مەي ئىچىپ ھېچ قانمىدىم مىسرا.
ۋىسالىڭ ئىزلىسەم گۈلباغلىرىڭدا تاڭ ساباسىدەك،
بولار ھاسىل ئىشىقتىن دىلدا مۇڭلۇق ئۈز رىتىم، مىسرا.
مۇھەببەت ئالىمىدە سەندىن ئۆزگە ئاشنايىم يوق،
قارا تۈنلەر يولۇمنى يورۇق ئەتكەن مەشئىلىم مىسرا.
تۈمەن سەۋدا ئالۇر ئۆز دەردىنى مەي يا چېكىملىكتىن،
بولۇپ سىرداش ساڭا كۆڭلۈم ئېچىلغاي ھەر قېتىم مىسرا.
جامالىڭ ئەكسىنى رەسسام بولۇپ قەغەزگە قوندۇرسام،
گويا رەڭدار بوياق بولغاي ساڭا ئىسسىق قېنىم، مىسرا.
ھايات گۈلزارلىرىدىن ئارىلاپ ساڭا گۈلدەستە راسلايمەن،
گۈزەل ھۆسنۈڭ جۇلاسىدىن نۇرۇستاندۇر دىلىم، مىسرا.
قادالدىڭ تىغ بولۇپ مەككار قارا يۈز بەد نىيەتلەرگە،
ۋاپادار دوستلىرىمغا سەن شىپالىق كەۋسىرىم مىسرا.
ھالاللىق نۇرىدىن قۇدرەت تېپىپ سەن چاقنىغىن كۈندەك،
جۇلا قىلسۇن مۇقامىڭدا ھەقىقىي ھېسلىرىم، مىسرا!

## ئۈچتۇم گۈزەل ئىقبال سېرى

مەن نەزەر سالدىم قۇياشتەك غايە ـ ئىقبالىغا قاراپ
ياندى قەلبىمدە ئۈمىد يۇلتۇز مىسالى ياللىراپ.
چىن تىلەك يالقۇنجىدى جىسمىمدا ئاتەش تاغ بولۇپ،
چىققىلى ئاز قالدى كۆكسۈمدىنمۇ ۋولقان پارتلاپ.
يۈرىكىم ئالدى ئۇچۇپ ئالەمگە سىغماس غايىنى،
باتىنىم ئوتلۇق تىلەكنى دائىما قىلغاي خىتاب.

ھېسلىرىم، جۇشقۇنلىنار ھەر كۆرسە ئەتەم مېھرىنى،
مەن قەسەم قىلدىم ھاياتنى ئۈز كېلەچەككە ئاتاپ.
ئاھ، قالامتى دىلدا ئارمان، كۆز يۇماتتىم شادىمان،
ئەتەكى دەۋران جامالىن ئەيلىسەم بىر رەت تاۋاپ.
تۈن - كېچىلەر مەن غەرق بولدۇم خىيال دەرياسىغا،
توختىماي ئاتتىم غۇلاچ گۈل ساھىلىغا ئالدىراپ.
مەن قىران بۇركۇت بولۇپ ئۇچتۇم گۈزەل ئىقبالىسېرى،
دوستلىرىم تەبرىك ئېيتىمىش!
دۈشمەنلىرىم قالسۇن قاۋاپ.

## ئۈگەن

بېشىمدا گەرچە شاھ تاجى، ساڭا باش ئۇرسىمۇ دۇنيا،
سېنىڭ ھۆكمىڭگە باغلىق بولسىمۇ دۇنيا، شۇنى ئويلا:
لېكىن كۆڭلۈك كۆكىدە چاقنىماسكەن مەرىپەت نۇرى،
ئۇ يەڭلىغ شاھلىقىڭدۇر بىر تىيىن ئاھ، قىلچە يوق مەنا.
بىلىم ئىنسان ئۈچۈن تەڭداش تېپىلماس رەھنىما، مەشئەل،
ئۇنىڭدىن بولسا كىم مەھرۇم زەيىپ، ھالسىز، چوقۇم ئەما.
بىلىمسىز بىر تېرىك مۇردا ئېرۇر كىم، ئۇندا يوق ھېس، ئاڭ،
بىلىملىك بىر قۇياشكى، نۇر تۆكەر دىللارغا ئۇ گويا.
نۇرانە بىباھا گۆھەر ئىرۇر كىم مەرىپەت ئەھلى،
بىلىمسىز بىر چۇقۇر تاشتۇر، نە نۇر، نە بەھرى، نە پايدا؟!
بىلىمسىز لەر تېنىمدە بولسىمۇ شەمشاد كەبى قامەت،
دەرىغا! ئۇ قولىدىن قىلچە ئىش كەلمەيدىغان لەقۋا.
نادانلار قولىدا گۆھەر كۆمۈلسۇن گەرچە ئەخلەتكە،
ناھايەت بىر كۈنى زاھىر بولۇپ چاچقاي يورۇق شولا.
تىمزەك ئالتۇن تاۋاقتا تۇرسىمۇ قانچە تۇمەنلەپ يىل،
ئۇممىد قىلما ئۇنىڭدىن كەلمىگەي ئەنبەر ھىدى ئەما.
ئەمەستۇر مۇشكۇلات ئاقىل ئۈچۈن دۇنيادا ھېچ بىر ئىش،
كارامەتلىك قولىدا مۆجىزاتلار بولغۇسى بەرپا.
ئۆگەنگىن، نەۋباھارىڭ گۈل-چېچەك ياپسۇن دىيارىڭغا،
ئاناڭ بەرگەن ھالال سۈت مېھرىنىڭ بىر قەترىسىن ئاقلا!

**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن**

# ئىككى غەزەل

## جۈجەم دەرىخىگە قاراپ

جۈجەمدەك كەتكەن بىر مېۋە مەن شاخ ئۈستىدە تۇرغان،
چىرايىمدا بېزەك يوق ھەم تېنىمدا پوست، شاكال قورغان.
يۇپۇرماقىم بىرەر مەشۇت، بولار پوستۇمدا قەغەز ھەم،
قورۇقتىن سىرتىدىمەن ئەركىن كېلەر ئالدىمغا ھەر ئىنسان.
سەبىيلەر، نەۋقىرانلار يامىشار شاخىمغا ھەر جايدا،
ئۆتەر ئۆتكۈر چىشىدىن قوۋزىقىمغا تىغ سىلىپ ھايۋان.
ئېتىلغان تاش - كېسەكلەردىن شېخىم مەجرۇھ، تېنىم خەستە،
شۇئا جىسمىم راۋابىدا مۇقامىم ھەر قاچان ئەفغان.
نىيەت شۈكى، يېتىشتۈرمەك ئۆرۈك. توغاچ، چىلان، شاپتۇل،
بېھى، ئالما، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم، نەشپۈت نىچچە چەندان.
ئۇلاردا رەڭ، ئۇلاردا تەم، شىپايى تۇتمىيا ھەتتا،
خالايىق زوقىنى ئالغاي بەئەينى جەننەتى رىزۋان.
ئۇلارنىڭ لەززىتى - قەدرى مۇقەددەس ئېتىخارىمدۇر،
نە ئەرمان ئول پەسىل ياپراقلىرىم بولغاندىمۇ پايخان.
گۈناھتۇر رەشىك - ھەسەت قىلماق زېمىنىم مېۋە، باغىغا،
كىشىلىك شۆھرىتىمنىڭ ئۈستىگە مىنگەن كەبى شەيتان.
شۈ كەتكەر ئۈجمىنىڭ سىماسىنى ئەينەك قىلىپ بىلسەم،
بۆلەك ھەر مېۋىنىڭ تويى - شادلىقىدىن شادلىنار ۋىجدان.

*　　　*　　　*

مىڭ تۇخۇمنىڭ تاقىلىشى سۇمرۇق سۈپەت پەرۋاز ئەمەس،
چۇقىراپ سايراشلىرى بۇلبۇل كەبى ئاۋاز ئەمەس.
تۇغسا گەر بىر تال تۇخۇم، ئالەم بىنا قىلدىم دېگەي،
ئۇ تۇخۇمنى باسسا گەر چىققان قۇشى شەھباز ئەمەس.
پەتىنىلەر ئەيلەر ھەسەتتىن بەد بۇيىن ئەنبەر ساناپ،
دان تالاشقانىدا قىزارغان رەڭگى مەرد ئەلپاز ئەمەس.
«ئۇخلىساق كۈن ئۇخلىغاي، قوپساق قۇياش قوپقاي» دېگەن،
لاپلىرىنىڭ ئالدىدا ھەر قانچە لاپىمۇ ماز ئەمەس.
كۆتسە ئەل گەر مەرىپەتتىن خۇش ناۋا، خۇش شادىيان،
مايسىراپ غۇڭ قىلسا ھارۋا مەشرىپىمگە ساز ئەمەس.
قىلما شەيدايى تە ئەججۇپ قەلبى غوم نائەھلىدىن،
ھەممىلا ئۆتكەن جاھاندا ئەھلى ناكەس ئاز ئەمەس.

1989- يىل 10- ئىيۇل، ئاتۇش.

**ياقۇپ بەختى**

# شېئىرلار

## ئانىلار ئەڭ ئەزىز ئىنسان

«جاھاندا ئانىدەك مېھرىبان بارمۇ؟»
سورىسام كائىنات كەلدى لەرزىگە.
دېدى ئۇ: «مېنىڭدەك قورسىقى كەڭرى،
ھېچنەرسە يەتمەيدۇ ئانا مېھرىگە.»

ئانىلار ھەققىدە توۋلىسام ناخشا،
يۇلتۇزلار تولغىنىپ كۈلەر جىمىرلاپ.
ئۈگىدا ھەر ياڭزا قۇش باللىرى،
ناخشامغا قوشۇلۇپ كېتەر ۋىچىرلاپ.

«ئانىلار قەدىردان» دېسەم، تاغلاردىن
كېلىدۇ جاراڭلىق بىر ئەكس سادا.
باراقسان باغلاردىن پۇرايدۇ خۇش ھىد،
گۈللەرمۇ چۈغلىنىپ چاچىدۇ جۇلا.

ئانىلار ھەققىدە باشلىسام پاراڭ،
باللار تەرىپلەپ قىلار ھېكايەت.
ئانىلىق مېھرىگە قانمىغان يېتىم،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ چېكەر نادامەت.

ئانىلار قەلبىنى بىر دەريا دېسەم،
لېۋىنى چاكىشتار چاڭقىغان قىرغاق.
تەلپۈنەر ساھىللار، سايلار، ۋادىلار،
تازىدا نازلىنىپ ئېگىلەر شىۋاق.

باللىق ئۆيلەردە تۈنلەر ئۇيقۇسىز،
ئانىلار تۈنلەرنىڭ كۈيچى بۇلبۇلى.
باللار يېنىدا بولۇپ پەرۋانە،
ئۈزۈلمەس يېقىملىق ئەللەي مەرغۇلى.

ئانىلار بىغۇبار پاكلىققا تىمسال.
ھۆرمىتى تەڭداشسىز بۈيۈك پاسىبان.

ئاق سۈتىنىڭ تەممىنى تېتىمىغان ھەر تىل،
دېيىشەر: «ئانىلار ئەڭ ئەزىز ئىنسان!»

## تاغلار يورۇق، كېچىلەر يورۇق

( مۇۋەششەھ )

يەردە چىراغ، ئاسماندا قۇياش،
تاغدا بوۋاق كۈلەر ۋىلىقلاپ.
تاغلار يورۇق، كېچىلەر يورۇق،
چولپان، يۇلتۇز كېتەر جىمىرلاپ.

ئېدىردا نۇر، يايلاقتا پادا،
قوزىلارغا قارايدۇ قىزلار.
تاغلار يورۇق، كېچىلەر يورۇق،
چوكانتالنى تارايدۇ قىزلار.

لالىزارلىق باغلار ھۆسنىگە
چوپان يىگىت قارايدۇ تويماي.
تاغلار يورۇق، كېچىلەر يورۇق،
يايلاقتا توي قىزىيدۇ ھاي-ھاي!

لاۋۇلايدۇ ئاتەش — ئوت يالقۇن،
نەۋقىران قىز - يىگىت قەلبىدە.
تاغلار يورۇق، كېچىلەر يورۇق،
ئەل ئىشقىدا چاپار بەيگىدە.

ئاقىباش تاغلار، ئەگرى يوللاردىن،
چوپان بوۋاي كېلەر شادلىنىپ،
تاغلار يورۇق. كېچىلەر يورۇق.
ئۆتەر كەچمىش دىلدا يادلىنىپ.

رېئال ھايات ئۆتىدۇ شۇنداق،
راۋانلىقتا تارىخ ھۆكۈمدار.
تاڭلار يورۇق، كېچىلەر يورۇق.
شۇ تەقلىدتە ئالەم ئايىمنار.

### تىنىمسىز پىچىرلاشلار

كۆل بويىدا تۇرىمەن تەنھا،
كەچكى شەپەق توكەر ساغۇچ نۇر.
پىچىرلاشلار قىلىپ مەھلىيا،
تىنىقلىرىم سېزىدۇ ھوزۇر.

پىچىرلايدۇ شەپەق جىلۋىسى،
پىچىرلايدۇ تىنىق كۆك ئاسمان.
يېقىنلىشىپ گۇگۇم پەردىسى،
پىچىرلايدۇ مېنىڭدىن پىنھان.

پىچىرلايدۇ ئىزغىرىن شامال،
ھېسلىرىمنى لەرزان ئىرغىتىپ.
ئىسقىرىتقىنىچە ئۆتىدۇ ئۆز ھال،
چاچلىرىمنى يەلپۈپ ـ قىيغىتىپ.

پىچىرلايدۇ كۆلدە بېلىقجان،
پىچىرلايدۇ سازاڭ. كەسلەنچۈك.
يېلىنجايدۇ سۇمبۇللار نىمجان،
ئاڭلانمايدۇ كۈلكىسى نىچۈك؟

ئاي يېنىدا ھۆكەھەم چولپان،
پىچىرلىشىپ ئېيتىدۇ بېيىت.
تۇرغۇن يۇلتۇز تولغىنىپ ھەريان،
دەيدۇ: «غەمكىن مۇڭلانما يىگىت.»

مېنىڭ بۇ ھال تۇرمىقىم ئەيىب،
كائىناتمۇ كەتتى پىچىرلاپ.
سۆيگۈم تىنماي سۇرىدۇ كەيىپ،
قەلبىمدە نۇر كەتتى جۇلالاپ.

ئاھ، زېمىندىن ئاڭلاندى ئاۋاز.
كېلەر ئاستا يېنىمغا بىر قەدەم.
تېۋىنىدۇ زىناقلاردا ناز،
كە ياك كىرپىك قويغان بىر قەلەم.

كەتتىم شۇ تاپ نۇرغا سوقۇلۇپ،
نۇر ئىلكىدە ئۇچراشتى كۆزلەر.
جىلۋە بىلەن جانان تولغىنىپ،
چىرماشتى بەل، جۈپلەشتى لەۋلەر.

ياساپ شاۋقۇن سېلىشتى چۇقان،
جۈپ يۈرەكنىڭ تىپىرلاشلىرى.
ئىختىيارسىز كۆتەردى غەليان،
تىنىقلارنىڭ پىچىرلاشلىرى.

### ھەسرەت

شاۋقۇن ياساپ بىر جۈپ يۈرەك سۆيگۈسى،
پىلتىڭ ئاتار تەقەززالىق ئىلكىدە.
باقاتتى قىز يىگىتىنىڭ يولىغا،
ئوتلۇق كۆيۈش. تاتلىق سۆيۈش ئەۋجىدە.

ئەھدىسىنى ۋاجىپ بىلىپ مۇستەسنا،
كەلدى يىگىت مەشۇقىنىڭ ئۆيىگە.
قىز ئانىسى بۇ بىر ئىشتىن بىخەۋەر،
تەكلىپ قىلدى يىگىتنى ئۆي تۆرىگە.

قىز يايرىدى كۆڭلى خۇشال قەۋەتلا،
بىراق، ئۆيگە كىرەلمىدى تارتىنىپ.
قىز كۆڭلىنى چۈشەنمىگەن ئانىسى،
قالدى شۇ تاپ بولەكچىلا ياسىنىپ.

ئانا چايغا تەكلىپ قىلدى يىگىتنى،
ئولتۇراتتى ياغلىقىدا يەلپۈنۈپ.
چايغا تاۋى يوقىمىدىكەن يىگىتنىڭ،
قاراپتتى ئۇ قىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ.

تەشنا ئىدى سۆزلەشىشكە قىز بىلەن،
لېكىن ئۆيدە ھۆكۈم سۈردى جىمجىتلىق.
«بىر ئاز پۇرسەت بەرسىڭىز كەن سۆزلەشسەك»،
دېدى يىگىت، باستى ئۇنى خىجىللىق.

قىز ئانىسى ئىچ - ئىچىدىن ئۇھ تارتىپ،
سۆز باشلىدى سۆزنى شۇنداق ئەگىتىپ.
دېدى: «قىزىم تۇغقان يوقلاپ كېتىدۇ،
ئەتىلىككە قويسام ئىكەن سەگىتىپ.»

ئۈن - تىنسىزلا تۇردى يىگىت ئورنىدىن،
ھەيھات، ئاشىق كۆڭلىدە غەش ئىز قالدى.
كەتتى يىگىت، چىقتى ئانا ئۇزىتىپ،
ھەسرەت چېكىپ شۇ بىچارە قىز قالدى.

## ئاشىقلىق كۈيى

ھېسلىرىمغا بۆلۈنگەن دۇنيا،
تىنىقىمدا ئۈزەر كائىنات.
چوققىلاردا تۇرىمەن تەنھا،
قىيالاردا كۈلەر نىگار شاد.

ھېسلىرىمغا بۆلۈنگەن دۇنيا،
قارچۇقۇمدا ئاينىڭ شولىسى.
يۈزلىرىمنى سەلكىتەر ساباھ،
زىناقلاردا باھار جىلۋىسى.

ھېسلىرىمغا بۆلۈنگەن دۇنيا،
ئايلىنىدۇ مېنى ئانا يەر.
قۇياش تۆكەر ئىللىق نۇر - زىيا،
پېشانەمدە تامچىلايدۇ تەر.

ھېسلىرىمغا بۆلۈنگەن دۇنيا،
چاچلىرىمنى قىيغىتار شامال.
ئىسسىق تىنشلار قىلار مەھلىيا،
ھايات پەيزى سۆيگەندە ۋىسال.

ھېسلىرىمغا بۆلۈنگەن دۇنيا،
شىلدىرلايدۇ چەشمىلەر سۈيى.
قولىمدا گۈل كېلەر دىلرابا،
قۇلىقىمدا ئاشىقلىق كۈيى.

**ئۆمەرجان روزى**

## يېزام ئىلھامى

مەن بۈگۈن گۈلشەن يېزامدا كۆردۈم يېڭىچە ھال، قاراڭ،
ھۆر زاماندىن بارچە دېھقان مەمنۇن، دىلى خۇشال، قاراڭ.

كۆز ئۈزەلمەي زوقلىنىپ باقتىم يېزامنىڭ ھۆسنىگە،
بوپتۇ ئۈز رەڭدار گىلەم ھەتتاكى چۆل - جاڭگال، قاراڭ.

ھۆددە يەردە شۇنچە ئوخشاپتۇ كېۋەز، بۇغداي، قوناق…
مو[illegible]دىن ئاپتۇ دېھقان ئىككى مىڭ جىڭ شال، قاراڭ.

بارتىكەن ئاخشاملىرى بۇندا كۆرۈشكە تېلېۋىزور،
ھەر كۈنى ئادەمگە لىق تولغان ئازادە زال، قاراڭ.

خالىسا مەشرەپ قىزىتىپ ئوينايدىكەن ياشلار ئۇسسۇل،
ياش يىگىت تۇرماق يېشى يەتمىشكە يەتكەن چال، قاراڭ.

سەيلە قىلدىم باغلىرىنى بىر ئېزىز مېھمان سۈپەت،
ئالما، ئەنجۈر، بېھى، نەشپۈت... تەمى خۇددى بال، قاراڭ.

پەتىلەپ كىرگەندە كۆردۈم نۇرغۇن دېھقانىنىڭ ئۆيىنى،
تۆردە زىلچا خۇددى ئوتقاش قىلىدۇ يال ـ يال، قاراڭ.

مەيلى كىرمەي قايسى ئۆيگە توقچىلىق، مەمۇرچىلىق،
دەيدۇ ساھىپخان: «بالام، تارتىنما يېگىن، ئال!» قاراڭ.

بۇندىن ئون يىل ئالدى بىرلە پەرقى يېزام ئاسمان ـ زېمىن،
ئەمدى ھېچ قالماپتۇ شۇ نامراتچىلىق ئەھۋال، قاراڭ.

تەرىپىگە كۆل يېزامنىڭ سۆز تاپالماي قاتتى باش،
يازغىنىم مىڭدىن بىرى كەلدى قەلەمۇ گال، قاراڭ.

**ئۆمەرجان نىيازى**

## سەپەر تەسىراتلىرى

### شەيدا قىلدى

غەزەل ئوقۇدى بىر قىز مېنى شەيدا قىلدى،
ئاۋازى بۇلبۇل گويا ئىلھامىمنى دەريا قىلدى.

مەن ئىدىم تەنھا مۇساپىر بۇ سەپەردە،
ئىشقىدىن قاقتىم قانات بەلكى تۇرنا قىلدى.

خىيالەن كۆرەر ئىدىم بۇ يەڭلىغ پەرىزاتنى،
ۋادەرىخ، شۇ قەمەرنى ئوكۇمدا پەيدا قىلدى.

بۇ تەقدىر، بۇ قىسمەتكە يۈز مىڭ ئاپىرىن!
چىرچىق بويلىرىدا ئىككە يىلەننى تەنھا قىلدى.

1989 ـ يىل، تاشكەنت

## ئەنجاندا

ۋەتىنىمنىڭ كۆپ جايىدا «ئەنجان كوچىسى»،
مانا بۈگۈن تۇرارمەن ئەنجان شەھىرىدە.
ئەنە رەيھان، ئەنە سەبدە تۈمەن گۈل،
تويماي پۇرارمەن ئەنجان شەھىرىدە.

تونۇدۇم ئەنجاندا مەن ۋەتەنداشنى،
شەرىخان كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا.
ئۇلارمۇ كۆرگەنىكەن مېنى بىركەم،
«ئەنجان كوچىسى» دىكى تۇغقانلىرىنى يوقلىشىدا.

مەھەللىسى ـ مەھەللىگە ئوخشايدىكەن،
ئەنجان تېمى بىزنىڭ تامنىڭ جۈپتى پەقەت.
ھويلىسىدا ئۈزۈم باراڭ ئۈزۈن ـ ئۈزۈن،
مېھمان قىلدى ۋەتەندىشىم تۆكۈپ شەپقەت.

1989 ـ يىل، ئەنجان

## ماۋزۇسىز

تۇرارمەن تاغ يېنىدا ماتەمدە ـ غەمدە،
بابۇرنىڭ شاھ ئاتىسى يىقىلغان يەردە.

شۇ غالىپ كۆز يېشى تامغان قەسىردىن،
ئېچىلدى تۈمەن گۈل خىلمۇ خىل رەڭدە.

بېغىمگىنى سەيلىتىپ بابۇر ئېپتىخار بىلەن،
قەبرىگە گۈل قويدۇم سەھەر چاغى گۈلشەندە.

بېغىمگىدىن ياڭرايدۇ خەلقىنىڭ ناخشىسى،
بۇلبۇللار جۆر ئىكەن ئاڭا چىمەندە.

1989 ـ يىل، نەمەنگان.

## ئالما - ئاتا

ئالما - ئاتا، بوۋامنىڭ قويغان ئېتى،
ئالمىسى دەردكە داۋا بولغان چېغى.
سايلاردا ئالما خۇددى ئىلمىنىڭ ئالمىسىدەك،
قارىساڭ يەتمەس پەقەت كۆزنىڭ يېغى.

ئالما - ئاتا دەپ ئاتالغانمەن خېلى بۇرۇن،
چېن تۆمۈرنىڭ چۈچمكى ھەم يادىمدا.
يادىمدا مەختۇم سولانىڭ شەپقىتى،
ئالمىسى نامايەندۇر كۆز ئالدىمدا.

1989- يىل، ئالما - ئاتا

## ماناس ھەيكىلى ئالدىدا

ئەي ماناس، باتۇر ئوغلان،
ماناستىن ئۆتتۇم كېلەرىمدە،
ھەيكىلىڭدىن بېرەرمەن خەۋەر،
ماناسقا قايتىپ كېتەرىمدە.

قولۇڭدا قىلىچ، ئارغىماق مىنگەن،
قولۇڭدا قالقان، جەسۇر قامىتىڭ.
سەن غالىپ چىلىشتا يېڭىلمەي ئۆتكەن،
ماناستا تۇغۇلدۇڭ بولغاچ ئامىتىڭ.

1989- يىل، فرونزى

## ۋەتەن سېغىنچى

ئانا قەشقەر ھاۋاسىغا ئىنتىزار قىلغان ۋەتەن،
تەڭرىتاغنىڭ باغرىدا بەختىيار قىلغان ۋەتەن.

ياخشى ئىستەك ھەر زامان پەرزەنتىگە قالدۇرۇپ،
پاك ياشىنى ھەر دېمى يادىگار قىلغان ۋەتەن.

مەن كۆرۈپ مىڭ خىل دىيار بىر ساڭا ئوخشاتمىدىم،
ئۆزگە ئەلدە كۈنۈ تۈندە ئىپتىخار قىلغان ۋەتەن.

مەن يېيدىم كۆپ خىل تائاملار بولمىدى ھېچ لەززىتى،
ئۆز ئېلىمنىڭ تۇز، نېنىغا ئىختىيار قىلغان ۋەتەن.

بەزلەرگە گۈل كۆرۈندى ئۆزگىلەرنىڭ ياتىقى،
ئۆزگە ئەلدە مېنى ئىشقىغا خۇمار قىلغان ۋەتەن.

ئابلىكىم نورۇز

## مەدھىيە ئوقۇيمەن سېخى سەھراغا

تاڭ نۇرى تۆكۈلۈپ كەلدى يىراقتىن،
شوخ ئېقىن يۈزىدە توقۇپ زەر ھالقا.
سارغايغان تەبىئەت ھارغىن ۋە لېكىن،
ئوخشايدۇ مېھرىبان دىلكەش ئانامغا.

پايانسىز جاڭگاللىنى كېزىپ كېلىمەن،
تىنىقىم ئەۋجىدە بېقىپ يىراققا.
شاماللار ئىستىكىم بىلەن ئارىلاش،
سۆيگۈمنى يەتكۈزەر چىملان تۇپراققا.

پادىچى نېيىمنى چالماقتا مۇڭلۇق،
يۆلىنىپ باراقسان بىر تۈپ توغراققا.
جور بولۇپ تورغايلار ئۆتەر ئالدىدىن،
پەر قېقىپ سامادا چەكسىز ئۇپۇققا.

ۋۇجۇدۇم بىر ھوزۇر قۇچماقتا ھەدەپ،
سەھرايىم ساپ ھەۋاسى كىرىپ دىماققا.
بالىلىق ئىزىمنى تونۇپ خاتىرەم،
خوش سالام ئەيلەيدۇ گۈل دىيارىمغا.

شەھەرنىڭ ئەتىسى ھاجەتسىز ماڭا،
مەدھىيە ئوقۇيمەن سېخى سەھراغا.

يۈسۈپجان بارات (جەۋھەرى)

## قەلبىم ياپرىقىدىكى سۆزلۈك شەبنەملەر

### كاككۇك گۈلى

كاككۇك گۈلى گۈل ئەمەس دەيدۇ،
يەتمىگەنلەر ئۇنىڭ قەدرىگە.
مۇھتاجلىقتىن خالىدۇر دائىم،
ئىنتىلمەس ئۇ مېھنەت - ئەجرىگە.

پەرۋىش تەلەپ قىلماس بىراۋدىن،
بولغاچقا ئۇ تامادىن يىراق.
كۆكلەيدۇ ئۇ ئاشۇ خىسلەتتە،
كەڭ دالىغا چېچىپ خۇشپۇراق،

ئۈلگە ئالسام كاككۇك گۈلىدىن،
ئېچىلسام مەن دالا - تۈزگىمۇ.
ئانا تۇپراق قوينىدا كۆكلەپ،
توزىمىسام ھەتتا كۈزدىمۇ.

### تۇپراق ۋە ياپراق

ئانىجان تۇپراقتا بىخ سۈرۈپ كۆكلەپ،
قۇياشتىن نۇر ئېمىپ ئۆسىدۇ ياپراق.
بىر ئۆمۈر جان ئاتا قىلغاچقا ئاڭا،
كۈزدىمۇ قوينىغا ئالىدۇ تۇپراق.

زەر قۇياش نۇرىدا ئۆسكەن ياپراقلار،
تەبىئەت زىننىتى گۈزەللىكى شۇ،
بەك قىسقا بولسىمۇ ئۇنىڭكى ئۆمرى،
ھاياتنىڭ قىممىتى ئەۋزەللىكى شۇ،

مەنمۇ شۇ تۇپراقتا ئۆسكەن ئوغۇلمەن،
قىممەتلىك مەن ئۈچۈن ياپراقچە ھايات.
ئۆمرۈمنىڭ شېخىدىن ئېچىلىپ گۈللەر،
ئىرادەم تۇپراقتا تاۋلانغان پولات.

تۇپراقتا بىر ئۆمۈر كۆكلىسە مەيلى،
مېھنىتىم - تەردىن ئۆمۈر ياپرىقىم.
ئېچىلسا قىزىلگۈل خۇشپۇراق چېچىپ،
رەڭ ئالار ئەجرىدىن ئانا تۇپرىقىم.

**ئامىنە دۆلەت**

## ئىككى شېئىر

### ئانىجان، ئاقلايمەن ئاپئاق سۈتىڭنى

ئانىجان چېھرىڭدىن كۆڭۈلدە مىڭ قېتىم،
تومۇزنىڭ تەپتىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.
قىيانىدەك ئۇخچىغان سۆيگۈ مېھرىڭدىن،
باھارنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ تۇرىمەن.

كۈمۈشتەك ئاقارغان تال - تال چېچىڭدىن،
غۇبارسىز قەلبىڭنى كۆرۈپ تۇرىمەن.
مەردلىككە ئۈندىگەن ھەر بىر سۆزۈڭدىن،
شىجائەت ئېقىنىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.

•

ئۆستۈردۈڭ جان ئانا مېنى باغرىڭدا،
ئەڭ نازۇك مايسىدەك ئاسراپ - پەپىلەپ.
سۇغاردىڭ دىلىمنى مېھرى سۈيىدە،
ئەل ئۈچۈن نەپ بەرگىن دېدىڭ ھەسسىلەپ.

ئوقۇتتۇڭ يىللىق يىل تارتىپ دەردىمنى،
قىلاي دەپ ئوقۇملۇق، ئەلگە كېرەكلىك.
ئەل ئۈچۈن جەڭ - چېلىش داۋانلىرىدىن،
داجىماي ئۆتسۇن دەپ دادىل - يۈرەكلىك.

ئانىجان ھەر سۆزۈڭ قۇلاقتا ئەمەس،
ئورنىغاچ يۈرەكنىڭ پېغىشلىرىغا.
تىرىشىپ - تىرمىشىپ كىرمەكتىمەن تېز،
يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىلىم كانىغا.

شۇ ئىلىم كانىدىن تېپىپ كۈچ - ئەقىل،
ئاقلايمەن ئانىجان ئۈمىدلىرىڭنى.
ۋەتىنىم، خەلقىمنى قىلىپ مەن رىزا،
گۈللەرگە پۈركەيمەن ۋەتەن باغرىنى.

### ئۈمىد بىلەن چېچەك ئاچار ئارزۇيۇڭ

ئۈمىد دېگەن يېنىپ تۇرغان شام چىراق،
دىل ئۆيۈڭنى يورۇتىدۇ ھەممە ۋاق.
ئۈمىدسىزلىك قارا تۇمان، ھاڭ - توساق،
شۇ خەتەرلىك ھاڭ - توساقتىن تۇر يىراق.

ئۈمىد بىلەن مەنزىللەرگە ئات سالغىن،
پاك قەلبىڭ ئېتىزىغا ئۇرۇق سالغىن.
ئۈمىد بىلەن كۈنلىرىڭنى سۇغارغىن،
ئۈمىد بىلەن ئىرادەڭنى يۇغارغىن.

چۈنكى ئۈمىد شىجائەتنى ئۇرغىتار،
سېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتار.
باسساڭ داۋام يوللىرىڭنى ئۈمىدۋار،
پاك ئارزۇيۇڭ چېچەك ئاچار، گۈل ئاچار.

**ماخمۇت مۇھەممەت**

## مەرسىيەلەر

### چۈش كۆردۈم...

(ئەھمەد زىيائى خاتىرىسىگە)

چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ئەھمەد زىيائى،
يانىمۇ يان تۇراتتى نىزارى بىلەن.
رابىيە - سەئىدىن تەۋەززۇ قىلىپ،
مەي تۇتار جۈپزاتقا، ئەتراپ باغ، چىمەن!

ئىككى زات قولىدا ئىككى گۈلدەستە،
گۈللەركى رەڭگا-رەڭ، گۈللەركى خۇشبۇي.
شادىيانە ئەۋجىگە چىققاندا، زاتلار،
نىكاھقا ئىجازەت بېرىشتى خۇشخۇي.
تۆمەندە سۇ ئاقار، سامادا مۇقام،
چۈشۈمكەن، چۈشۈمكەن، كۈلۈپ ئويغانسام...

1990- يىل، 28- مارت

## يىراقتىن خەت

(مەرھۇم ئەمەت ئۆمەرگە بېغىشلايمەن)

مەن سېنى كۆرگەنىدىم دەل ئونبىر يىلنىڭ ئالدىدا،
كەتمىدى شۇندىن بۇيان يادىمدىن ئىسمىڭ زادىلا.

مىسلىسىز سەنئەت سۆيەر روھىڭ مېنى بەنت ئەيلىبان،
ئەل ئۈچۈن تەرمەكنى گۈل، قىلغانىدىم مەن دىلغا جان.

نەچچە كۈنلەر سۆھبىتىڭ قەلبىمدە غۇل-غۇل ئەيلىگەن،
ھەم غۇلاچ ئاتقانىدىم شوخ كۈلكىنىڭ دېڭىزىدا.

كۆرمىدىم شۇندىن بېرى، ئەمما گېپىڭنى ئاڭلىدىم،
مەنىلىك چاقچاقلىرىڭ كەتكەچكە تارقاپ ئەل ئارا.

كىم سېنى ئۆلدى دېسۇن، ھەر يىلدا تۇرساڭ شوخ كۈلۈپ،
ئەجرىڭ ئەمگەكلىرىڭ ئۆچمەس ئەبەد ئەل يادىدا.

ئويلىدىم: كۈلگەن پېتى كەتكەندۇ مەھشەرگە ئۇ زات،
كۈلدۈرۈپ ھەم ھازىدارلارنىمۇ تۇپراق بېشىدا.

چىن بۇ سۆز، روھىڭ كۈلەر، ئەجرىڭ كۈلەر ئەي مۆتىۋەر،
ھەم كۈلەر ئارمانلىرىڭ، ئالغىن ئارام تىنچ، ئەلۋىدا.

1987- يىل، 3- نويابىر

مۇھەممەتجان ئوسمان

## شېئىرلار

### ئارمانىم شۇ، بەختىمۇ ھەم شۇ

مەن دۇنيادىن ئىزدەپ لىرىكا،
كۆزلىرىگە چۆمۈلۈپ كەتتىم.
گۈزەل رەڭدار قوچاقلىرىدا،
بەخت نۇرىغا كۆمۈلۈپ كەتتىم.

پىكىرلىرىم مايسىلىرىنى
يېتىلدۈرۈپ ئىلھام سۈيىدە.
مىسرالاردىن ئېچىلدۇردۇم گۈل،
ماس كەلتۈرۈپ بەيگە كۈيىگە.

تەبىئەتنى مۇڭلۇق ساز قىلىپ،
ئېسىل كۈيگە چالسا بارمىقىم.

ناخشىسىنى جۆر قىلدى ماڭا،
شوخ قىيغىتىپ گۈزەل ئامرىقىم.

بەختىم دېدىم، ئانا تۇپراققا،
قۇيۇلغاندا كۆمۈش تەرلىرىم.
بەختىم دېدىم، ئەل بەختى ئۈچۈن،
جەڭدە قاقشال بولسا تەنلىرىم.

چۈنكى بەختىم، ئارمانىممۇ شۇ،
رازى بولسا ئوغلىدىن ئېلىم.

## كارۋان

ھەرىكىتىدىن ياساپ ماشىنا،
ئىشانىمنى يۈكلىدىم ئاڭا.
يۈرەك سوقار موتور مىسالى،
ساپ قان ئاقار تومۇرلار ئارا.

تەپەككۇرۇم ئۇۋلاپ جاھاننى،
لەۋلىرىدىن ئىزدەيدۇ ۋىسال.
ۋۇجۇدۇمدىن ئاققان كۆمۈش تەر،
دېڭىز گويا ئىلگىرىلەيدۇ سال.

مەن ئەشۇنداق تىنىمسىز كارۋان،
تىنىقىمدا پاكلىنار ھايات.
گۈلدۈرمامىنىڭ جاراڭلىق ئۈنى،
توختىمايدۇ ئويغىتىپ ئەۋلاد.

## بىلدىم ئەسلى قانۇنىيەتنى

چۈشلىرىمدە، يەرنى ياراتماي،
كۆچۈپ كەتتىم ئېگىز كۆككە مەن.
يۇلتۇزلارنى كەشتە - گۈل قىلىپ،
تىكىۋالدىم يېشىل بۆككە مەن.

تىنىقىمغا يوللىدىم ئەجەل،
(كېرەك بولماس دېدىم ئاسماندا).
قۇياش بىلەن تالىشىپ چىراي،
چىللىۋالدىم ئاينى شۇ ئاندا.

شۇنداق چەندى كۈرەشلەر بىلەن،
كۆكتە مىڭ يىل ياشاپتىمەن.
قورساق ئېچىپ دەرماندىن كېتىپ،
ئاينى بىرلا قاساپتىمەن.

ئاي چېقىراپ ئۇردى بىر تەستەك،
شۇ زەربىدىن يىقىلىپ كەتتىم.
شۇ چۆچۈشتىن ئويغاندىم يەنە،
يەرگە ئىشلەپ، يەرنى گۈللەتتىم.

## قېنى مېنىڭ نېسىۋەم؟

بىر شەھەردە، بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپ،
تەڭ سۇ ئىچىپ بىر بۇلاقتىن ئۇچۇملاپ.
ئاق - قارىنى، ئوڭ - تەتۈرنى تەڭ تونۇپ،
گۈزەللىكنى سۆيگەنىدۇق قۇچاقلاپ.

ئوخشاش نىيەت، ئوخشاش تىلەك، ئوخشاش يول،
چېتىپ قويغان قەلبىمىزنىڭ رىشتىنى.
دېگەنىدىڭ ئەشۇ چاغدا: قارا قول،
ئېپقاچالماس ئىككىمىزنىڭ رىسقىنى.

بىر دەمدىلا خېرىدارلىق ئۈزۈلكەتتەك،
باشقىلارنىڭ بولۇپ قاپسەن زېۋىدەم.
سۆزلىگىنە قاراپ تۇرماي ئۆلۈكتەك،
قېنى مېنىڭ مۇھەببەتتىن نېسىۋەم؟...

## يۈرىكىمنى ئوۋلىۋاپتۇ كۆزلىرىڭ

جىنەستىدەك بويلىرىڭدىن ئۆرگىلەي،
چىرايىڭدەك سۈزۈك ئىكەن سۆزلىرىڭ.
كېتەلمىدىم ئەتراپىڭنى ئايلىنىپ،
نۇرلۇق ئىكەن، ئوۋچى ئىكەن كۆزلىرىڭ.

نۇرلۇق ئىكەن، ئوۋچى ئىكەن كۆزلىرىڭ،
بېلىق بولۇپ شۇ كۆزلەرگە چۆمۈلەي.

ئىشقىم بىلەن كۆكسۈمگە ئاھ باش قويۇپ،
ئىككى يۈرەك ئارىسىغا بۆلۈنەي.

ئىجاد بىلەن گۈللىتەيلى ھاياتنى،
جۈپ يۈرەكتەك ئۆزىمىزمۇ جۈپ بولۇپ.

كەلگىن نىگار، كۈتەر بىزنى ئەتىمىز،
ئەشۇ ئوۋچى كۆزلىرىڭدەك نۇرلىنىپ.

بەختىمىزدەك سۈزۈك ئىكەن سۆزلىرىڭ،
نۇرلۇق ئىكەن، ئوۋچى ئىكەن كۆزلىرىڭ.

**ياسىنجان ئوسمان**

# شېئىرلار

## مۇمكىنمۇ ئاھ، ئىشقىڭغا چىداش

(1)

يالپۇز گۈلى سېغىنىدىم سېنى،
كەل ئىككىمىز بولايلى سىرداش.
ئاشىقلارغا ئېغىركەن ئەجەب،
مەشۇقىدىن ئايرىلىپ ياشاش،
كەلگىن جېنىم، بولايلى سىرداش.

چۈشەنمەيدۇ ئۆزگىلەر بىزنى،
دالىلاردا مۆگدىشىپ يۈرسەك،
ساراڭ بوپتۇ، دەيدۇ تەلۋىلەر،
كېچىلەرنى ئويغىتىپ كۈلسەك،
دالىلاردا مۆگدىشىپ يۈرسەك.

گۈللەر تولا ئۈشبۇ چىمەندە،
خۇشپۇراقىڭ دىلىمدىن كەتمەس،
تىل تەگمىسۇن ساڭا گۈزىلىم،
بارچە گۈللەر بىر ساڭا يەتمەس،
خۇشپۇراقىڭ دىلىمدىن كەتمەس.

بويلىرىڭنى ئىزلىسەم سەھەر،
سەن تەرەپتىن بالقىدى قۇياش،
يالغۇزلۇقۇڭ يەتكۈزدى سابا،
مۇمكىنمۇ ئاھ، ئىشقىڭغا چىداش؟...
سەن تەرەپتىن بالقىدى قۇياش.

موھام سۆزلەپ بېرەتتى قىسسە،
سەن توغرۇلۇق ئۇزاقتىن – ئۇزاق،
شۇندىن بېرى ۋەسلىڭنى ئىزلەپ،
يۈرىكىمنى ئۆرتىدى پىراق،
سەن توغرۇلۇق ئۇزاقتىن – ئۇزاق.

(2)

سەھەر سايراپ ئۆتتى بوز تورغاي،
زەڭگەر كۆكتە چىقىرىپ شامال،
كۆزلىرىدە لىغىلدايدۇ ياش،
ئاڭا كىملەر قىلغانىدۇ ئۇۋال؟
زەڭگەر كۆكتە چېقىرار شامال.

يەۋاپاسىز مەشۇقى تاشلاپ،
كەتكەنمىدۇ يىراققا ئۇچۇپ؟
نەسەۋدالار چۈشكەنىدۇ باشقا،
ئانا يەرنى ياتمىدۇ قۇچۇپ،
كەتكەنمىدۇ يىراققا ئۇچۇپ؟

نېمىندۇر ئىزلەر تولغىنىپ،
تەكرارلىنار تىنىمسىز شۇ ھال،
ئەجەب ياۋاش بىر جان ئىدىغۇ،
ئاڭا نېسىپ بولۇرمۇ ۋىسال؟
تەكرارلىنار مېنىڭدە شۇ ھال.

(3)

چەكىنىمنى ئارتىپ ئۆشنىمگە،
كېزدىپ چىقتىم تەنھا يى چۆللەر.
سەپىرىمگە ئاق يوللۇق تىلەپ،
قول ئۇزۇتۇپ قېلىشتى گۈللەر،
كېزدىپ چىقتىم تەنھا يى چۆللەر.

(4)

يار تۇتقا نىمەن ئۆمرۇمدە نەچچە،
ھېچ بىرىدىن كەلمىدى ۋاپا،
سەرسان ياشاپ ئۆتەرمەن دېسەم،
تىنىقىمنى يەتكۈزدى سابا،
گۈزەللەردىن كەلمىدى ۋاپا.

قىز غىنىشىپ سۆيگە نىدى ئەجەب،
بىر چاغلاردا نى ئېسىل قىزلار،
مىسرالارنى يۈرەككە تاشسام،
مېنى تاشلاپ كېتىشتى تېزلا،
ماڭا كۆيگەن شۇ لىۋەن قىزلار.

ئاھ ئۇرمايمەن قىسمىتىم ئۈچۈن،
ۋاپاسىزلىق ئۇلارنىڭ ئىشى،
گۈلنىڭمۇ ھەم تىكىنى بولۇر،
بولغىنىدەك باھارنىڭ قىشى،
ۋاپاسىزلىق ئۇلارنىڭ ئىشى.

سۆيگۈ نېمە، مۇھەببەت نېمە؟
بۇنى جەزمەن بىلگۈم كېلىدۇ.
كۆزلىرى ياش قىزلارنى كۆرسەم،
تەلۋىلەرچە كۈلگۈم كېلىدۇ،
دەردى نېمە؟... بىلگۈم كېلىدۇ.

(5)

مەن قارايمەن يىراق - يىراققا،
بىر نىشانغا تىكىلەر كۆزۈم،
ئۆزگىلەرگە بەخت تىلىسەم،
نىچۈن يالغۇز قالىمەن ئۆزۈم؟
نەسۋە بىكىن بىلمەيمەن ئۆزۈم؟!

(6)

ئىسسىپ بولدى ۋىسالىڭ ئاخىر،
ئىنتىزاردىم سېنى سۆيۈشكە،
يالپۇز گۈلى ئېشىقىڭدا، سېنىڭ —
ياراتقانمۇ مېنى كۆيۈشكە؟
ئىنتىزاردىم سېنى سۆيۈشكە.

× ×

گۈللەر تولا ئۇشبۇ چىمەندە،
خۇشپۇراقىڭ دىلىمدىن كەتمەس،
تىل تەگمىسۇن ساڭا گۈزىلىم،
بارچە گۈللەر بىر ساڭا يەتمەس،
خۇشپۇراقىڭ دىلىمدىن كەتمەس.

## يۈرىكىمنى قىلمىغىن زېدە

قاراپ سۇلغۇن چېھرىمگە نىگار،
بىھۇدىلا تۆكمە يېشىڭنى.
ئۆز لەۋزىمدىن يانمايمەن ھەرگىز،
ئۇرساڭمۇ گەر تاشقا بېشىمنى.

مەيلى دېگىن مېنى ئەيىبلاپ —
كىشىلەرگە: «ئۇنىڭ باغرى تاش».
مۇھەببەتسىز ئۆتسەممۇ ئۆتەي،
لېكىن ساڭا بولمايمەن سىرداش.

باشتا ئۆزۈڭ دېگەنىدىڭغۇ،
بىر بېشىمغا بىر ياغلىق كېرەك.
لېكىن ئاڭا قىلمىدىڭ ئەمەل،
رەنجىمىگىن مەندىن كېيىنەك.

گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ (ھىد پۇراپ)،
ھەممىسىگە ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ.
سانجىلغاندا ئۆتكۈر تىكىنى،
پۇشايمان قىپ، ئاھ ئۇرۇپ ياتتىڭ.

ئۆتۈنەي مەن گۈلخۇمار جانان،
بۇ كوچىغا مېنى چىللىما.
مۇھەببەتنىڭ جازاسى شۇنداق،
مېنى كۈتۈپ جاننى قىينىما.

مەردىپەتنىڭ بېغىدىن تالاپ،
ھۆيدۇم بىر گۈل باغلاپ ئەقىدە.
ئەي جانانىم ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ،
يۈرىكىمنى قىلمىغىن زىدە.

**غەيرەت ھوشۇر**

## شېئىرلار

### ھىجران نەزمىسى

مەن سەندىن ئايرىلىپ ھىجران سۈكۈتتە،
ئۇنتۇشنى ئويلىدىم يارقىن ئۈمىدتە.

(1)

ئىككىمىز ئايرىلغان ئەشۇ كېچىدە،
مەن قالغان ساھىلغا يېشىمنى تۆكۈپ.
ھىجراندىن توقۇلدى سانسىز قەسىدە،
جۇدالىق يۈرىكىم قېتىغا مۆكۈپ.
كىملەرگە سىر بولۇپ قالدىڭ مۇھەببەت،
ۋە كىملەر قاخشىدى، كىم كەتتى كۈلۈپ؟

(2)

يۆرگەندىم گوكۈمنىڭ قۇچاقلىرىغا،
خىيالەن كۆزلىرىم ئۇيقۇدىن بىدار.
ئۆرتەندىم نەچچە يىل، چەكتىم كۆپ ئازاب،
ئۇنتالماي مەن سېنى ئەي گۈزەل دىلدار.
مەن سەندىن ئايرىلدىم پىغان سۈكۈتتە،
قىلىمەن كىملەرگە سۆيگۈمنى ئىزھار.

(3)

مەن ئۇنىسىز يىغلىدىم بىلمىدىڭ بىراق،
مەن سەندىن ئايرىلىپ بولدۇم قەلەندەر.
پىراقتا يۈرگىنىم سىماسى گويا،
گۈلخاندا يالقۇنلاپ كۆيگەن سەمەندەر،
قانلىرى شەپەققە سىڭگەن مۇھەببەت،
سۆيگۈ دەپ جان ئۈزگەن تالاي ئادەملەر.
مەن ئۇچۇن بۇ سۆيگۈ مەڭگۈ قەدىرلىك،
ئىدى، ئەي پەرىشتەم، بىلمىدىڭ بىراق.
سەن كەتتىڭ پەرىشان يۇلتۇزسىز كېچە،
مەن قالدىم ئىزىڭدىن ئىز دەپ بىر چىراق.
مۇڭلارغا چۆمۈلدى دولقۇنلۇق دەريا،
جىمجىتلىق ئىلكىدە چۈش كۆرەر قىرغاق.

(4)

باقىمەن ھايا تقا تەلمۈرۈپ شۇنچە،
سەن كەبى بىرسىنى ئۇچراتمىدىم يار.
كۆيمىگەن كىشىنى سۆيمەك بىر زۇلۇم،
ھاياتنى كۈتكەندەك رەھىمسىز بىر دار.
چۈنكى بۇ ۋىسالىڭ تۈنجى يۈرەكتە،
ياغدۇرغان ياشلىقىم بېغىغا پاك قار.

ئەسلەيمەن ئەي نىگار مەڭگۈگە سېنى،
قالسامۇ سېنىڭدىن تەنھا ئايرىلىپ.
ئۇچراشاق خىلۋەتتە چۈشمەس نىگاھىڭ،
يۈرىكىم كەتمەكتە تاشقا ئايلىنىپ.
كۆزۈمنىڭ نۇرلىرى قاتقان ئاق ئۇيۇق،
«بىچارە» دەپ مېنى يۈزمە قايرىلىپ.

× ×

مەن سەندىن ئايرىلىپ ھىجران سۈكۈتتە،
ئۇنتۇشنى ئويلىدىم يارقىن ئۈمىدتە.

### يۈرىكىمدە پەقەت سەن

غېرىب دېمە يىگانە يۈرسەم،
قەلبىمدە يوق مىسكىنلىك زىنھار.
ئاچكۆز دېمە ئۇلۇغلاپ سۆيسەم،
پاك سۆيگۈم ئۇ ساقىلا ئىزھار.

دەردمەن دېمە ناخشا توۋلىسام،
مەھبۇبەم ئۇ ۋىسالىنىڭ كۈيى.
جىمغور دېمە كۆزۈڭگە باقسام،
ئۇ مۇھەببەت دېڭىز ىنىڭ سۈيى.

ئوغرى دېمە كېچىدە ئۆتسەم،
مەن مەلەڭگە سېنى دەپ بارغان.
سايىل دېمە ئىشىكىڭگە كەلسەم،
ئىشقى ئوتۇڭ يۈرەكتە يانغان.

سەۋدايى دەپ يۈرمە گۈل ئۈزسەم،
سېنىڭ ئۈچۈن تىزدىم گۈل دەستە.
گۈلخۇمار دەپ يۈرمە گۈل كۆرسەم،
لېۋىڭ گويا سۈزۈك چىنە ستە.

شاللاق دېمە شادلىنىپ كۈلسەم،
سېنى سۆيگەچ خۇشال مەن شۇنچە.
سەيلى قىلىپ جاھاننى كەزسەم،
دەپ سورىما سۆيگۈنىڭ قانچە؟!...

### شېئىرىمغا...

تۇغۇلغاندا قۇياشنى يۈدۈپ،
تۇغۇلۇڭلار ئوتلۇق يۈرەكتىن.
باش قويماڭلار ھەر بىر پەسلىگە،
يول ئالماڭلار غەيردي تىلەكتىن.
شاماللاردا يۈرمەڭلار توزۇپ،
مەھبۇپ ئىزدەپ پاسىق سۆڭەكتىن.

### ۋەسىيەت

ئۆلۈپ كەتسەم سەندىن مەن بۇرۇن،
يېشىڭ تۆكۈپ يۈرمىگىن جانان.
قەبرەمگىمۇ تىزما گۈل دەستە،
غەمگە ئەسلا چۈممەيدۇ جاھان،
سۆيگۈمىزنىڭ گۇۋاسى بولۇپ،
يۇلغۇن ئۈنەر قەبرەمدىن ھامان.

پەرھات مۇھەممەت

## قەلبىمدە پارلىغان ھېسلار

### نىمانچىلا يىغلايسەن ئەي قىز؟

نىمانچىلا يىغلايسەن ئەي قىز؟
ئېيسەدە يەسەن كىر پىكىڭدە نەم.
چۈلغۇۋالدى قەلبىڭنى قاندا ق،
ئۇنتۇلغۇسىز ئازاب ۋە ئەلەم؟

شۇنچە خۇشخۇي چېچەن قىز ئىدىڭ،
شۇنچە ئوماق، شۇنچە شوخ ئىدىڭ؟
قېنى ئايدەك يۈزۈڭدە كۈلكە،
نېمىلەردىن شۇنچە غەم يېدىڭ؟

كارمۇن تارتىپ قۇتلۇقلاپ سېنى،
يېڭى ئۆيگە كۆچۈرگەنىدۇق.
يىغلىساڭمۇ ئاچچىق تولغىنىپ،
بۇ شادلىقنىڭ بەلگىسى دېدۇق.

بىراق شۇندىن بېرى چېھرىڭدە،
كۆرەلمىدۇق زىنھار تەبەسسۇم.
ئاتاڭ ئاشۇ توي بىلەن سېنى،
قىلغانىكەن كۈلكىدىن مەھرۇم.

### سۆيگۈ بابىدا

قىزلار ئاجىز دەيدىكەن، بىراق،
ئاجىزلىقى نەدە بىلمىدىم.

ۋىسالىغا قەلەندەر كەبى،
قۇللۇق بىلەن قانچە تەلمۈردۈم.

بىلسەم كۈچلۈك ئاتالغان يىگىت،
ئاجىز ئىكەن قىزلار ئالدىدا.
ئاجىز بولۇپ يارالغان قىزلار،
كۈچلۈك ئىكەن سۆيگۈ بابىدا.

**سەن ئاھ ئۇرۇپ يىغلىساڭ دىلدار**

يۈرىكىمگە چۈشتى دومىلاپ،
كۆزلىرىڭدىن ئاققان تامچە ياش.
تاغلار غۇلاپ باسقاندەك مېنى،
بېرەلمىدىم زادىلا بەرداش.

ئاققۇزما ياش، ئاققۇزما زىنھار،
لەۋلىرىڭدە ئويناسۇن كۈلكە.
سەن ئاھ ئۇرۇپ يىغلىساڭ دىلدار،
ئايلىناركەن يۈرىكىم كۈلكە.

**چېكەلمىدىم دېرىزەڭنى مەن**

كەلگەنىدىم مەلەڭگە بۈگۈن،
تولۇن ئاينى ئەگەشتۈرۈپ ھەم.
ئېچىلمىدى دېرىزەڭ بىراق،
ناخشام بىلەن چىللىسام سەنەم.

دېرىزەڭنى چەكتى تولۇن ئاي،
يۈزلىرىڭنى سۆيدى ھەم نۇرى.
شۇنداقمىدى سۆيگۈ قىسسىنىڭ،
بىز باشلىغان ھەر باب، ھەر قۇرى؟

كۈتتۈم سېنى ئىنتىزارلىقتا،
چېكەلمىدىم دېرىزەڭنى ھەم.
بىللە ئېيتقان «سېغىنىش كۈيى»،
ياڭرار قۇلاق تۈۋىمدە شۇدەم.

**ئوخشاتمىغىن گۈلگە مېنى**

قىزىل گۈلگە ئوخشاتمىغىن يار،
ئوخشىمايمەن ئاڭا چىمەنگە.
سەن كۆڭلۈمنى كۆتەرمە زىنھار،
سۆيۈنمەيمەن ئۇنداق دېگەنگە.

چۈنكى كۆڭلۈم ئوخشىماس گۈلگە،
ھېلى توزۇپ، غۇنچىلايدىغان.
كۆڭلۈمگە قار لەيلىسى ئۆلگە،
قىش ۋە يازدا توزۇمايدىغان.

**مۇھەممەت ئەخمىدى**

## شېئىرلار

### كەلدىمۇ

چاچلىرىنى ئويناتىپ، ئاھ، يارۇ جانان كەلدىمۇ،
تولغىنىپ مەجنۇن كەبى ئۇ بىخارامان كەلدىمۇ.

سەيلىتىپ كۆڭۈل بېغىمنى، ئىشقىدىن مېڭ كۈلدۈرۈپ،
ئۈزلىقىدا تەگدىشى يوق ھۆرى - غىلمان كەلدىمۇ.

ئىشقىمنى بەرمەي ئىچۈنكى جاننى ئاپئاپقا سېلىپ،
سۆيگۈنىڭ جاڭگالىدا ئوۋلاشقا پالۋان كەلدىمۇ.

ئاھ، قۇدۇق قازساق مۇھەببەتتە كۆلۈپ يىڭنە بىلەن،
تەرىپى سىغماي دۇ قۇرغاق تىلدا داستان كەلدىمۇ.

چۆل ئارا ئېيتساق جاراڭلىق ناخشىنى ھەمدەم بولۇپ،
چۆر بولۇشقا چىن دىلىمدىن چېچەك بوستان كەلدىمۇ.

سۆيگۈنىڭ مەملىكەتىدە «كەل يىگىت بەختىڭنى تاپ»—
دەپ مېنى زورلاپ شارابقا شاھى سۇلتان كەلدىمۇ.

«ئۇچمە پەش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ،
بەختىمنى سورۇپلا كۆككە ھۆسنى گۈلخان كەلدىمۇ.

ۋەدىسىدۇر «مەن بارارمەن ئاي گۇۋاھ بولسۇن ئاڭا»—
دەپ قويۇپ ياساپ كۆڭۈلنى سۆزى يالغان كەلدىمۇ.

ۋەسلىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئەخمەدى تەييار ھامان،
بۇ ھايات سەيناسىدا گۈلزار - گۈلىستان كەلدىمۇ.

## ئانىمىزمۇ قويغانىكەن پۇتتۇشۇپ

ئانىمىزمۇ قويغانىكەن پۇتتۇشۇپ،
بىز دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغ ئەسلىدە.
سەبىلىكتە قولنى قولغا تۇتۇشۇپ،
تېپىشقانتۇق ئوقۇۋېتىپ يەسلىدە.

مانا ئەمدى قېنىپ ئارزۇ ئارمانغا،
توي ئويىنىدۇق تۇنجى باھار پەسلىدە.
جۈپ يۈرەككە ئورتاق نىشان مۇجەسسەم،
ھاياتلىقتىن ئۇنۋان ئېلىش قەستىدە.

## شوخلۇقۇمنى ئاي چولپاندىن سوراڭلار

تۇغۇلغانتىم تۇنجى باھار قوينىغا،
تەۋرەنگەنتىم بۆشۈكتە زېمىنىڭ،
سۆيگۈلىرىم يۇلغۇن بىلەن زامانداش،
ئايان شۇندىن قىزىللىقى قېنىمنىڭ.

شۇ سەۋەبتىن چۆمۈلىمەن بېلىقتەك،
پاك سۆيگۈنىڭ دېڭىزىغا بىمالال.
ۋۇجۇدۇمدا تۈگىمەس كۈچ-قۇۋۋەت بار،
كىملىكىمنى دوستلار شۇندىن بىلىپ قال.

مېھرى چوغدەك قۇياش بىلەن چىرماشسام،
«كۆيەرمىكىن» دەپ ئەندىشە قىلماڭلار.
كۆك ئاسماندا زەپەر مارشى ياڭراتسام،
شوخلۇقۇمنى ئاي، چولپاندىن سوراڭلار.

شوخلۇقۇمنى ئاي چولپاندىن سوراڭلار،
بىر سىلكىنىپ كائىناتنى كېزىمەن،
ھاياتىمدا قىلغان بۈيۈك ئىشلارنى،
كۆك ئاسمانغا نەقىش قىلىپ سىزىمەن.

Altunqa

ئۇيقۇنىغا تاشلىنىمەن دېگىنىمنىڭ،
ناخشىلىرىم ئايلىنىدۇ شاۋقۇنغا .
نۇر سۇمۇرسەم زەر قۇياشنىڭ جىسمىدىن
تىنىقلىرىم جاي بېرىدۇ يالقۇنغا .

ئەبەيدۇللا ئابدۇلۋارى

## يۇلتۇزلارغا سوئال

يۇلتۇزلار كۆكتىكى سانسىز چىراغدەك،
چاقنايدۇ ئاسماندا ئالتۇن نۇر چېچىپ.
ئالەمدە ھەممىگە سۆھبەتداش بولۇپ،
ئەركىلەر پىكرىمگە يېڭى يول ئېچىپ.

يەر - زېمىن ئۇيقۇدا، لېكىن مەن ئويغاق،
كۆڭلۈمدە كېزىدۇ شۇنداق بىر سوئال.
نە ئۈچۈن يۇلتۇزلار شۇنچە نۇرانە،
سۇر بۇلۇت باسسىمۇ تۇرار بىمالال؟

بىلگەندەك خىيالىمنى ئەشۇ يۇلتۇزلار،
دەر: «بىزنى توسالماس قارا بۇلۇتلار.
ئالىمىز قۇياشتىن پۈتمەس كۈچ-مەدەت،
شۇڭا بىز ئاي يېنىدا ئۆچمەس چىراغلار»

يۇلتۇزلار يەلپۈنسە زېمىنگە قاراپ،
كۆڭلۈمدە سەن بىلەن بولىمەن سىرداش.
قاراڭغۇ كېچىدە خىيال قۇشلىرىم،
كېزىدۇ ئالەمنى بوپ ساڭا يولداش.

ئېلى ئەھمەت

## سەھرادا سەھەر

كۈمۈشرەڭ شەپەدەك ئۇپۇقنىڭ يۈزى،
گىرىمسەن تونىنى كېيگەندە دالا.
مەيىن تاڭ شامىلى يەلپۈنسە كېلىپ،
ئېلىپ كېلەر باغلاردىن خۇشپۇراق ھاۋا.

بېشىدا ئوتقاشتەك گۈلچەمەن دوپپا،
يول ئالدى بىر پەرى شۇ چاغلار ئارا.
ئۆتكۈزگەن بىلەككە سۆۋەت بېغىنى،
سۆيۈنۈپ ئۇپۇقتىن قۇياشنى مارار.

لالىزار ئىچىدە پىنھاندا تۇرۇپ،
كاككۇكمۇ ھەسەتتىن قىلىدۇ ناۋا.
مېۋىسى مەي بولغان شاخنىڭ تۈۋىدە،
كەلدى ئۇ گۈزەل قىز بولغاندەك خۇمار.

چوغ كەبى قىزارغان توغاچ بېشىنى
ئەگدى، قىز ئالدىدا بولغاندەك خىجىل.
«تاتارغان رەڭگى دەپ كەتمەڭ» دېدى تىز،
تامدۇرۇپ ئابى مەي، رەڭگىدىن ئېسىل.

شۇ يېشىل ياپراقنىڭ بەرگىدە ئالتۇن
رەڭ كەبى ئەنجۇرمۇ قارار كۆز قىسىپ.
مېۋىلەر شاھىنىڭ كۆزىدىن شۇ دەم،
ئاقىدۇ شەربەتلىك ياشلىرى تېمىپ.

ئاھ سەھەر، بۇ سەھرا يازنىڭ سەھرى،
تەبىئەت پەسلىنىڭ ئېسىل چېغى بۇ.
گۈلچەمەن دوپپىدەك رەڭدار بېزەلگەن،
جەننەتۇل مەئۋانىڭ خۇددى ئۆزى بۇ.

شۇ رەڭدار شەربەتلىك مېۋىلەر ئالدى
پەرى قىز قولىدا سۆۋەتتىن ئورۇن.
ھاياتنىڭ شاۋقۇنلۇق قايىنىمى سەھەر،
كۆز ئاچتى يېزامدا ھەممىدىن بۇرۇن.

چىمەنگۈل ئاۋۇت

# شېئىرلار

## قۇش توپى

ئامكاپ گۈلى پۈراپ يۈرەر شاتۇتى،
ئاسمان تىرەپ ياتار سۆگگۈچ خىرامان.
بۆدىنىنىڭ تەشۈشىدە ئىزگۈ كۈي،
شامالىلارنىڭ قولى جانسىز (سىڭايان).

جۇشقۇنلۇق بار، چۇمۇلىلەر خورىدا،
شەپەرەڭنىڭ ئۇسۇلىدا غەمكىنلىك.
ئالدىمىدىكى ئاھ، گىرىمسىز شۇ سۈرەت،
ئاتا قىلدى خىيالىمغا تەمكىنلىك.

## ھەقىقەت

ئۇيۇپ قالغان كۆزلىرىڭگە،
تەرسالىقىڭنىڭ ئۇچقۇنى.
ھايات قىزى، ئاشۇ ئوتلۇق-
كۆزلىرىڭنىڭ تۇتقۇنى!

## ھەسەت

كۆلكەڭگە خال چېكىپ بولما ئاۋارە،
يۈرىكىڭ لەشكىرى يۈرەر دىۋانە...

## قەلبىڭ گۈزەل بولسا چىھرىڭدىن

سەتنى گۈزەل قىلغان نىمۇ قەلب،
گۈزەللىنى سەت قىلغان يەنە شۇ.
قەلبىڭ گۈزەل بولسا چىھرىڭدىن،
ئەڭ گۈزەل سەن چىن ھەقىقەت بۇ.

ئۆز چىھرىڭگە كىتەك ئىشىنىپ،
قاقىلدايدۇ «ئىشقىلىك»دا قاغا.

يازكەلسىلا يوقىلىپ كۆزدىن،
قويار سېنى ھېجرانىدا — داغدا.

## تېڭشا، نىگار

— بۇلبۇل مەن، گۈلۈمسەن دېدىڭ نىگارىم،
كۆڭلۈمنى شاد ئەتمەك بولۇپ ئېيتتىمال.
چىھرىڭدىن تەبەسسۇم ئۆچكەندە شۇئان،
سورىدىڭ: قىلدىمۇ كۆڭلۈڭنى مالال؟

— گۈلكە بىسولسام گىر قىش - زىمىستانىدا،
پەرۋاسىز تاشلاپلا كېتەمسەن ئۇچۇپ؟
يۈرەمسەن يەنە بىر يېڭى باھاردا،
خۇشبۇي ئۆز گۈللەرنىڭ پەيزىنى قۇچۇپ!؟

ھەر باھار يېڭى گۈل ئىشقىدا سايراپ،
چىن ئاشىق سانامسەن ئۆزۈڭنى شۇنداق؟
راستسۆيسەڭ دىلىڭدىن مېنى ئەي جانان،
قوياشسەن، مېنى كۆر بىرباھا تۇپراق...!

## ئۆچتى يۇلتۇز كۆزىدىن كۆلكە

چىھرىدىكى داغقا قاراپ كۈلگەنتى يۇلتۇز،
ئاي زەنجىرى، بۇلۇت تېزلا ئالدى قويىنىغا.
ئېسەدىدى، كۆزلىرىدىن تۆكۈلدى قەترە،
نەشتەر كېلىپسا نىجىلغاندەك بولۇپ باغرىغا.

يىغلىسا ئاي شادلىقىدىن چېلىشتى چاۋاك،
چىملان تۇپراق قويىنىدىكى لالە ھەم رەيھان.
توۋادە يەنە ھەيرانىلىقتا، مۇڭلاندى يۇلتۇز،
ھەييار كۆلكە كۆزلىرىدىن يوقالدى شۇئان.

**ئەنۋەر مۇھەممەت**

## ئىككى شېئىر

### خاس مۇلۇكىڭگە كېتەي ئايلىنىپ

روخسىتىڭسىز كىرمە چۈشۈمگە،
گۈل كۆتۈرۈپ، مەيلى قۇرۇق قول.
شېرىن ۋىسال كۈتسەڭ ئەگەردە،
تۇرغىن، ماڭا ئاق يول تىلە، بول!

مەرسىيەمنى ئوقۇما، ئۆلسەم،
ئۇنۇت ھىجران ئەلەملىرىمنى.
تاۋۇتۇمغا تېرىپ سېلىپ قوي،
خالىساڭ گەر قەلەملىرىمنى.

كۆزلىرىمنى يۇماي مەن شۇچاغ،
ئانا زېمىن قۇچقان ياپراقتەك.
خاس مۇلۇكىڭگە كېتەي ئايلىنىپ،
سېپىلىڭدە تۇرغان بايراقتەك!

### موزاي غەمسىز يۈرىدۇ، لېكىن...

دۇمبىسىدىن ئۆرلەپ ئاچچىق ھور،
قېرى ئۆكۈز ياتار ئاپتاپتا.
قانلىرىنى شورار بەھوزور،
كۆكۈيۈنلەر ئۇنىڭ شۇ تاپتا.

قۇيرۇقىنى سىلكىيدۇ تەستە،
مۈڭگۈزىگە قاينار زەردىسى.
ساڭگىلاتقان بېشىنى پەسكە،
بىر چاغدىكى مۈڭگۈز غەلۋىسى...

نەۋرىسىنى ئويلار ئەنسىرەپ،
ئۇ ئۆكۈنۈش ئىلكىدە مىسكىن.
«ماڭا تېزراق بەرسە مۈڭگۈز» دەپ،
موزاي غەمسىز يۈرىدۇ، لېكىن...

**ھەزرەتئەلى ئىمىن**

## شېئىرلار

### گۈزەللىككە ئامراق شوخ قىزلار

گۈزەل بولۇپ تۇغۇلغاچقىمۇ،
گۈزەللىككە ئامراق شوخ قىزلار.
گۈلگە قونغان كېپىنەك كەبى،
گۈزەللىكنى سۆيىدۇ ئۇلار.

چوغلۇق كەبى گۈزەلدۇر قەلبى،
شەپەق مىسال جۇلالاپ تۇرار.
ئاق ئەتىردەك گۈلگۈن ھېسلاردا،
ئوتقاش كەبى، يانىدۇ ئۇلار.

گۈلدىن بەرنا، گۈزەلدۇر قەلبى،
خۇددى چولپان كەبى جىلمىيار.
گۈلدىن گۈزەل - ئۈز بوپ تۇغۇلغاچ،
گۈزەللىككە ئامراق شوخ قىزلار.

### ئوۋلانغان تۇيغۇلار

كىرپىك ئوقۇق ئۇچۇرغان قۇشلار،
شەھلا كۆزۈڭ شەيداسى جېنىم.
لەۋلىرىڭگە قىلىدۇ سەجدە،
قارچۇقۇڭدا ئۈگدەپ بىتتىنىم.

ئاتەشلىرىڭ قىلىدۇ ناپۇت،
كۆزلىرىڭدىن ئالىدۇ ئوزۇق.
لەۋ جامىڭدىن تۆكۈپ ئۇنچىلەر،
جۇلا قېقىپ قويمايسەن قۇرۇق.

شىكار قىلغان تەبەسسۇمىڭدىن،
قانات قاقار سانسىزلىغان قۇش.
ۋىسالىڭنىڭ قەلئەلىرىدە،
يالار ئۈزۈپ قىلىسەن بىھۇش.

ناز - سىرىڭنى ئېيتقىنا جانان،
ئىشقىڭ ماڭا قۇشچىمۇ - مەرگەن؟
لەۋلىرىڭگە بولىدۇ دەپمەن،
قۇچىقىڭدا ھالسىرىغان تەن.

### ھىجران

چىدالمىدىم جۇدالىق كۈنى،
جانغا پاتتى ھىجراننىڭ تىغى.
بېرەلمىدى يۈرىكىم بەرداش،
ئاققان چاغدا كۆزۈڭنىڭ يېشى.

مۇنچاق - مۇنچاق يېشىڭ سىرغىغان،
قاراپ ماڭا كۆزۈڭ تالمىغان.
بىلمەمدىمەن شاللاقلىقىڭنى،
بۇنى قاچان ئۆزۈڭ ئويلىغان؟

ئالۋاستىغا كەتتىڭ نازلىنىپ،
يىغان ئىچىدە مېنى ئالچىتىپ.
تۆكۈپ بەرگىن كۆز ياشىرىڭنى،
ئۆزۈڭگە ئوخشاش خىلىڭنى تېپىپ.

ھۆسەيىن ئەسئەت

## بىر كۇبلىتلىق شېئىرلار

### ئادىللىق

ئويلاپباق، جاھاندا ۋاقىتتىن ئارتۇق،
ھەممىگە بىر كۆزلۈك ئادىلسوتچى يوق.
ۋاقىت تېز ئۆتىدۇ ئۆز يولى بىلەن،
بىل شۇنى، ۋاقىتنىڭ جازاسىدىن قورق.

### گۈل كۆرۈندۈڭ

ئەجەب ماڭا گۈل كۆرۈندۈڭ،
گۈل تۈۋىگە مېنى كۆندۈردۈڭ.
گۈل ئۈزۈشكە قول ئۇزاتسام،
گۈل ئورنىغا نېمە ئۇندۇردۇڭ؟

### بۇ نېمە قىلىق ؟

ئاپتاپ كەبى ئىللىتتىڭ مېنى ،
تېخى ھەتتا تەرلەپمۇ كەتتىم.
بىراق كېيىن سوۋۇتتۇڭ يەنە،
ئەمدى مۇزلار ھالەتكە يەتتىم.

### ... غا

ھەر قارىساق بۇلاق كۆزۈڭدە،
مەرۋايىتتەك ئۈنچە چاچرايدۇ.
گۈل ئېچىلسا نۇرلۇق يۈزۈڭدە،
ساڭا قاراپ كۆڭۈل ياپرايدۇ.

### پارچە

باغ ياساشقا باغلىدىڭ بەلنى،
بۇ نىيىتىڭ خۇش قىلار ئەلنى.
ئەلنى راستىن خۇش قىلار بولساڭ،
ئەجىر قىلغىن ئايىماي تەرنى.

قادىرجان مۇھەممەتئېلى

# بۇلاق سۈيى قۇرۇمايدۇ

(ھېكايە)

1

«توۋا، بۇ زادى قانداق بولغىنى؟ ئەقلىمگە زادىلا سىغدۇرالمايۋاتىمەن. ھەي، شۇ تاپتا كۆپكەن قورسىقىمنى راسا بوشىتىۋالسام، يۈز تۇرانە تۇرۇپ، ئەيىنى چاغدىكى رەھىمسىزلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ: دادا، قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلمىقى ئاندىن ئارتۇق دېگەندەك، ساڭا نېمە بولۇۋاتىدۇ، ئۆزۈڭنى يوقىتىپلا قويۇۋاتامسەن؟! بىر چاغلاردا مېنى رەسۋا قىلغىنىڭ، نومۇسقا قويۇپ، ئەزا تارتقۇزغىنىڭ، قىز دوستۇمنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتقىنىڭ ئېسىڭدە يوقمۇ ـ ھە؟ سەن قىزلارغا ئارىلىشىشنى، قىزلار بىلەن دوست بولۇشنى، قىسقىسى، ئايال زاتىغا تىكىلىپ قاراشنىمۇ ئۆچ كۆرەتتىڭ؛ ئۇلارغا ئارىلىشىشنى قوي ئارىسىغا بۆرە كىرگۈزگەنلىك، ئالتۇن ئوردىغا كىرىپ توقام ئوغرىلىغاندەك ئىش، دەپ بىلەتتىڭ. ئەمدى سەن قانداق قىلىۋاتىسەن، ئۆزۈڭگە ھېزى بول دادا، ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما! سەن ماڭا دائىم «نەسىھەت» قىلىپ: «قىزلارغا تىكىلىپ قارىغۇچى بولما، ئالدىڭغا توغرا؛ كېلىپ قالسىمۇ كۆرمەسكە سال. ئۇلار قاش ئاتسا، دەرھال قولۇڭغا تاش ئېلىپ ئات، ھەرگىز ئالما ئېتىپ تاشلىما، ئۇ سېنىڭ ئەقلىڭنى ئوغرىلايدۇ، زېھنىڭنى چاچىدۇ، ماڭغان يولۇڭدىن ئاداشتۇرۇۋېتىدۇ...» دېگەندەك دەبدەبىلىك «ھېكمەت» لەرنى ئېغىزلىرىڭدىن كۆپۈك چاچرىتىپ، ئەندىلا ئاق ئارىلىغان ساقاللىرىڭنى تىترىتىپ، قوللىرىڭنى شىلتىپ سۆزلەپ چۈشەندۈرەتتىڭ. بىراق، دادا سەن، ئەشۇ كۆڭلى يۇمشاق، مېھرىۋان، ياۋاش ئانامغا ئۆيلەنگەندە بۇلارنى نېمىشقا ئەستىن چىقىرىپ قويغان بولغىيتتىڭ؟ (ئانامنىڭ گېپىنى قىلسام، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يىغا تۇتۇۋاتىدۇ، ئۇ باقىي ئالەمدە خاتىرجەم ياتسۇن) ھازىرقى گەپ، سەن ھازىر كىمگە ئوخشاپ قالدىڭ دادا ـ ھە!...

ھەي، ھازىر تازا ۋاقتى كەلگەندى، تازا ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ، كەپتەر ئۈنلىگەندەك، خوراز چىللىغاندەك، كۆپتىكى سۇ بۇلدۇقلاپ يەرگە تۆكۈلگەندەك... ئىچىمگە پاتقۇزالمىغان دەردىمنى بىراقلا تۆكۈۋالسام...»

جاسارەت، بۇرۇم ـ بۇرۇم قورۇقلار بىلەن تولغان سوزۇنچاق يۈز، قاڭشار بۇرۇن، ساقال ـ بۇرۇتىغا ئاق كىرگەن، چېچى پاكىز چۈشۈرۈلگەن بېشىغا سەرپۇش تۇماق كېيىۋالغان. قېرىلىقنىڭ يەنە بىر ئالامىتى بولغان سەل دوكراق سىياقتا كىرىپ قالغان دادىسىغا قاراپ ھەيران بولاتتى.

خۇنۇكلاشقان، نۇرسىزلانغان كۆزلىرىنىڭ بۆ-
لەكچە چاقناپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
ئاچچىقى كېلەتتى لېكىن ئىسىندىمە يەتتى.
راست، بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ئادەتتىكى
نۇر ئەمەس. بەلكى قىزلارنىڭ يۈرەك-باغ-
رىنى ئېرىتكۈچى ھارارەتلىك نۇر — بەزى
ياشلاردا كۆرۈلىدىغان شەھۋانىلىق ئالا-
مەتلىرى يوشۇرۇنغان نۇرغا ئوخشايتتى.
بوۋاي پات-پات قېنى قاچقان لەۋلىرى-
نى يالاپ قوياتتى...

ئاپتوبۇس ئىتتىك-ئىتتىك، ئەمما يەڭ-
گىل سىلكىنىپ كېتىپ باراتتى. ئاپتوبۇس
ئىچىدىكى يولۇچىلار ھارغىنلىقىدىنمۇ ياكى
يولنىڭ بالدۇرراق تۈگەپ، مەنزىلگە يې-
تەلمەيۋاتقانلىقىدىنمۇ زېرىكىشلىك ھېس
قىلىپ، بەزىلىرى ئالدىدىكى ئورۇندۇقنىڭ
يۆلەنچۈكىگە قولىنى قويۇپ، قولىنىڭ ئۈس-
تىگە پېشانىسىنى تىرەپ شېرىن ئۇيقۇغا
كەتكەنىدى. بەزىلىرى بولسا، كەينىدىكى
يۆلەنچۈككە يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇ-
راتتى. بىر قىسىملىرى قىزىق پاراڭغا
چۈشكەنىدى، ئاندا-ساندا پىچىرلىغان
ئاۋازلار، پىخىلداپ كۈلگەن كۈلكىلەر
ئاڭلىنىپ قالاتتى.

جاسارەتنىڭ بەگباش كۆڭلىنى باشقۇ-
رالمايۋاتقان بوۋاينى ئەدەبلەپ قويغۇ-
سى كېلەتتى.

ئاپتوبۇسنىڭ كۈچلۈك سىلكىنىشى بىلەن
جاسارەتكە يۆلىنىپ قالغان بوۋاي، بالى-
نىڭ ئۆز ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ تۇر-
غانلىقىنى سېزىپ، سەل ئوڭشايسىزلاندى
بولغاي، سولاشقان ياپراققا سۇس سۇ يۈ-
گۈرگەندەك، يۈزىگە بىلىنەر-بىلىنمەس
قىزىللىق تارالدى. نومۇسلۇق ئىش قىلىپ
قويغان نارەسىدە قىزلاردەك مەيدىسىنىڭ
ئىچىگە قاراپ ئولتۇردى.



بوۋاي خېلى بىر ھازادىن كېيىن، ئاستا
كەينىدىكى ئورۇندۇققا يۆلەندى. «بەگباش»
كۆزلىرىنى غۇۋا يۇمۇپ، ئىچكى تىللىرىنى
ئىشقا سېلىپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قوياتتى.

«ئۇ كىمدۇ؟ بەلكىم شۇ بولمىسۇن يەنە.
يۈرەك — كۆڭۈلگە گۇۋاھ، دېگەن سۆز
توغرىمۇ؟ ياق، مېنىڭ كۆزلىرىم خاتا كۆر-
مەيۋاتقاندۇ؟ جەزمەن ئۇ، راستىنلا شۇ بو-
لۇپ قالسا مەن ئۈچۈن رەھىمسىز ئازاب،
دەھشەتلىك كۆڭۈلسىزلىك، چىدىغۇسىز ھا-
قارەت، ئېچىنىشلىق بەختسىزلىك...»

جاسارەتمۇ ئويلايتتى: «دادام، ئۇ ئا-
يالنى ئانامغا ئوخشىتىۋاتقان ئوخشايدۇ.
بوپتۇ، دادا قارىۋال، قانغۇچە قارىۋال...»

2

ئاپتوبۇس بىر خىل سۈرئەتتە غوڭۇلدىغان
ئاۋاز چىقىرىپ قۇمكۆل يېزىسىغا قاراپ
ئۇچماقتا. يول بويىدىكى ئورمانلار ئاپتو-
بۇس بىلەن بەسلەشكەندەك، تېز-تېز ئۆ-
تۈشمەكتە. مەسۇمكام خىيال قايىنىمىغا ئەسىر
بولۇپ ئولتۇرماقتا. ئۇ ئۆزىنى ئاپتوبۇس-
تىمۇ ياكى ئۆيىدىمۇ، باغدىمۇ يا تاغدىمۇ،
ئۆزىنىڭ قەيەردە ئولتۇرغانلىقىنى پۈتۈن-
لەي ئۇنتۇغانىدى...

— مەسۇم، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرغىنا.
بۇلاق بويىدىكى يۇمشاق، مەخمەلدەك چىم
ئۈستىگە ئولتۇرغان سارەم بۇلاقتىن بەش

قەدەمچە يىراقلىقتا سايە تاشلاپ تۇرغان سۆگەتنىڭ غولىغا يۆلىنىپ چىلان رەڭدىكى نەينى قىزىل ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇرغان مەسۇمنى ئۆز يېنىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

مەسۇم، مۇھەببەت تەشنالىقىدىن چاڭقىغان لەۋلىرىنى ئاستا يىمىرىپ قويۇپ سارەمگە يېقىنلاشتى. سارەم كىچىك، شوخ كۆزلىرىنى بۇلاق سۈيىگە تىكىپ، ئاق، ئىنچىكە قوللىرى بىلەن چىمەننى يۇلۇپ سۇغا تاشلايتتى. ۋەسال تەشنالىقىدىن چاڭقىغان يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ، كۆكرەكنىڭ تاملىرىغا زەرب بىلەن ئۇرۇلغاندەك قىلاتتى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان يۇمران كۆكسى ئىتتىكرەك نەپەس ئالغانلىقىدىنمۇ ياكى ھاياجانلانغانلىقىدىنمۇ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەيتتى. ئۇنىڭ سەۋزىرەڭ چىرايى شەپەردەك قىزاردى. سارەمنىڭ بۇلاق بويىدىكى ئاشۇ تۇرقى سۇ پەرىسىنى ئەسكە سالاتتى.

مەسۇم سارەمنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. مەسۇم قەلبىدىكى ئىشىق - مۇھەببىتىنىڭ ھارارىتىنىڭ تەپتىنى ئاشۇ بۇلاق سۈيى ئارقىلىق پەسەيتمەكچى بولغاندەك بۇلاق سۈيىدىن ئۇچۇملاپ ئىچتى. ئاندىن يوغان بىرنى تىنىپ، روھلىنىپ ئولتۇردى، بىراق سارەمگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىگە تىككىلگەنىدى.

تۇۋا، ئادەم ئالەمشۇمۇل بەختكە ئېرىشكەندە ھېچقانداق نەرسىنى ئويلىيالمايدىغان، ئۆز بەخت - نېسىۋىسىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئوخشايدۇ.

مەسۇم بىلەن سارەم كىچىككىنىلا مۇشۇ قىزىلكۆل يېزىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولۇشتى. بىرى، باينىڭ ئارزۇلۇق قىزى، يەنە بىرى بولسا، دادىسىز يېتىم. ئۇلار ئۆزمەھەللىسىدىكى سەيدۇللا خەلپەتتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقىرىشتى، بۇ مەزگىلدە ئۇلار بىر - بىرىنى سەبىيلەرچە ياقتۇرۇپ قېلىشتى. لېكىن مەسۇم ئائىلە قىيىنچىلىقى بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، 11 يېشىدىلا ساۋاق ئېلىشتىن توختاپ قالدى. تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇردىمۇ قانداق، مەسۇم ئەمەت باينىڭ ئۆيىدە يەللىقچى بولۇپ ئىشلەشكە مۇيەسسەر بولدى. سارەم مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا كىچىك مەسۇمنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى، سۇ ئېپكىرىشكە، ئوتۇن يېرىشىگە قاراپ تۇراتتى، بەزى چاغلاردا قوي - كالىلارغا ئوت سېلىشىپ بېرەتتى، سۇغۇرۇشقا ياردەملىشەتتى. بىراق، بۇلارنى باي كۆرۈپ قالسا، ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىرايتتى - دە، سارەمنى ساۋاق تەكرار قىلىشقا ئۈندەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ، كۆڭلى غەش ھالدا ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ كىرىپ كېتەتتى...

ئۇلار چوڭ بولۇشتى. مەسۇم سىرتلاردا ئىشلەيدىغان، بەزىدە ھەپتىلەپ، ئايلاپ ئۆيگە قايتمايدىغان بولدى. بۇ خىل ئايرىلىش سارەمنى تېخىمۇ ئازابلايدىغان، مەسۇمنىڭ بويىنى بىر كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

مۇھەببەت دېگەن ئاجايىپ نەرسە. دائىم يېنىڭدا تۇرسا ئانچە بىلىنمىگەندەك قىلىسەن، بىر بىرىدىن ئايرىلغاندا بەكمۇ ئاسان بىلىنىدىكەن، كۆرگۈسى كېلىدىكەن، باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ سۆيگۈسى، ئىشىق-پىراق سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىپ يۈرىكىنى تاپشۇرغۇسى، كۆڭلىنى بەرگۈسى كېلىدىكەن...

سارەم ئۆزىدە شەكىللەنگەن شېرىن ھېسسىياتنى بۈگۈن باشقىچىرەك چۈشەندى. يەنى ئۇ «دوستلۇق» نىڭ ئۆزى بىلمىگەن ھالدا «مۇھەببەت» كە ئورۇن بوشاتقانلى-

قىلنى ھېس قىلدى، ئۆزىنىڭ ئەندى چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بىر ئا يدىن بېرى دىدارىنى كۆرمىگەن مەسۇمنى بۈگۈن كۆرۈپ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالدى. تارتقان ھىجران ئازابىنى مەسۇمنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ سۆزلەپ بەرگۈسى كېلىپ، ئۇنى مۇشۇ بۇلاق بويىغا باشلاپ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇلار مۇھەببەتنىڭ سېھىرى كۈچىدىن ھېچنەرسە دېيەلمەي، ئالدىدىكى ئاشۇ بۇلاق گويا كى بىر - بەرىگە قەلبىدىكى سىرلارنى ساداسىز ھالدا قۇلاق پەردىلىرىگە ئۇرىدىغاندەك، مۇھەببەتلىك يۈرەكنىڭ گىزۋاھچىسى سۈپىتىدە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتقاندەك جىم ئولتۇرۇشاتتى...

قۇياش غەربتىكى تاغلار ئۈستىگە باش قويۇپ ئاستا - ئاستا غايىپ بولدى. كۆكۆم پەردىسى زېمىنغا يېيىلىشقا باشلىدى. بىراق، مۇنۇ ئاشىق - مەشۇقلار تېخىچىلا سۈكۈتتە ئولتۇراتتى.

— مەسۇم، گەپ قىلمايسەنغۇ؟! - چىداپ تۇرالمىغان سارەم ئاخىرى ئۆزى ئېغىز ئاچتى. مەسۇم بىر ئايدىن بېرى قىلغان ئىشلىرىنى قىسقىچىلا سۆزلەپ تۈگەتتى. بىراق، سارەم مەسۇمدىن بۇنداق سۆزلەرنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ ئۆپكىدەك ئېسەلىپ، ئاۋازىنى تىترىتىپ دېدى:

— مەسۇم، مەن سېنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سەن...

مەسۇممۇ شۇنداق دېمەكچى ئىدى، بىراق، ئۇلار ئوتتۇرىدىكى ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر ھالك ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى قىلىشقا يول قويمايتتى، مەسۇم سارەمگە بىر ھازا قاراپ تۇردى. ئۇن - تىنسىز ھالدا قولىنى تۇتتى، باغرىغا تارتتى. مۇھەببەت تەشنالىقىدا چاڭقىغان لەۋلەر بىر - بىرىگە جۈپلەشتى. مەسۇم ئۆزىنىڭ سارەمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاشۇ سۆيۈشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغاندەك تۇختىماي سۆيەتتى، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ھاياجاندىن شامال سوقىغان ياپراقتەك تىترەيتتى.

— جېنىم سارەم، سەن مېنىڭ بەختىم. مەن سېنى خېلى بۇرۇنلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، لېكىن بۇنى مەن ئۆزۈم ئۈچۈن زور جىنايەت، شەپىسىز بەختسىزلىك، دەپ تونۇپ، سېنى كۆرۈشتىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. يىراق- يىراقلارغا كېتىشنى ئويلىدىم،- مەسۇم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئاخىرقى گېپىنى بوغۇق ئاۋازدا ئېيتىۋەتتى، - سارەم بۇندىن كېيىن ئىككىمىز ئۇچراشمايلى...

مەسۇم! - سارەم مەسۇمنىڭ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن توسۇۋالدى، - نېمىشكە شۇنداق دەيسەن؟ مېنى ئىشىق دەردىدە سارالڭ بولسۇن دەپ ئويلامسەن؟

— سارەم، مەن ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمايمەن. سەن ھازىر كىمنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىشىڭ كېرەك. سەن، بىر باينىڭ ئارزۇلۇق قىزى، مەن بولسام بىر ئاتىسىز يېتىم، باي داداڭنىڭ چاكىرى. سەن ئۆزۈڭنى مەندەك بىر گادايغا بۇزماسلىقىڭ كېرەك، سەن مېنى ياقتۇرغان تەقدىردىمۇ، باي داداڭ ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ.

— مەسۇم، سەن — مېنىڭ ھاياتىم، بەختىم، تاجۇ تەختىم. سەن قولۇڭ قىسقا كەمبەغەل بولساڭمۇ، روھى جەھەتتە ھەممىدىن بايسەن. دادامنىڭ بايلىقىنى سېنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى ناخشاڭغا، نەي ئاۋازىغا تەڭ قىلالمايمەن. سەن دۇنيادىكى ھەممە ئادەمدىن قۇدرەتلىك، مېنىڭ تەقدىرىم ساڭا باغلانغان. بىز مۇرادىمە قەستىمىزگە يېتەلەيمىز. قاچانغىچە ئايرى-

لىش ئازابى چېكىمىز؟ ئىككىلەنمەي ئۆيگە ئەلچى كىرگۈز، جېنىم، سەنسىز بۇ ھاياتىمنىڭ ماڭا كېرىكى يوق.

ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئانىسىغا ئېيتىلغان قوزىغا ئوخشاش بىر-بىرىگە تەلمۈرۈپ قاراشتى...

3

سارەمنىڭ مۇھەببەتكە تولغان سۆزلىرى مەسۇمنى ئايلاندۇرۇپ قويۇپ بەرگەن، كۆزى تېگىلمىگەن ئادەمگە ئوخشىتىپ قويدى. ئۇ ئويلاندى، بىر قارارغا كېلىپ بولالماي تېڭىرقاپ يۈردى. ئولتۇرسا، قوپسا ئۆزىنى بىئارام قىلىۋاتقان، ئىچىنى قۇرتقا ئوخشاش تاتىلاۋاتقان «كېسەللىك» نىڭ دورىسىنى قانداق تېپىشنىڭ ئامالىنى ئويلايتتى، ئىزلەيتتى.

مەسۇم ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ دۇنيادا پەقەت ئانىسىغىلا ئۆز بالىسىنىڭ دەردىگە ھالىدا يېتەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئاخىرى «پەردىشەپ» نى قايرىۋېتىپ، بارلىق ئەھۋاللارنى ئانىسىغا ئېيتتى.

ئانا دەسلەپ ئىشەنمىدى، چۆچۈدى، كېيىن ئەنسىرىدى، يۈرىكى ئاغرىدى، ھاڭۋاقتاندەك بىر پەس تۇرۇپ قالدى. قورقۇنچتىن خىرەلەشكەن كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچەيدى، ئۆز ئوغلىنىڭ چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى ئەندىلا بىلگەندەك مەسۇمنىڭ كۆزلىرىگە ئۆتكۈر نەزەردە قارىدى. مۇھەببەتنىڭ ئاتەش نۇرلىرى چاقنىغان بۇ كۆزلەردىن ئىشقى-پىراقنى بايقىغاندەك بولدى.

ئانا ئوغلىنىڭ ھالىغا چىدىماي قالدى، خېلى بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن كۆڭلىدىن كەچكەنلەرنى ئوغلىغا يوشۇرماي ئېيتتى:

— بالام مەسۇم، ئۆزۈڭگىمۇ ئايان، ئاتاڭ قازا قىلغاندىن بېرى تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ غۇربەتچىلىكتە قالدى. بىراق، مەن تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىپ، سىلەرنى قاتارغا قوشتۇم. ئۆزۈڭگە مەلۇم، سەن ھازىر ئەمەت بايغا يالىمىچى بولۇپ ئىشلەۋاتىسەن. ئەمەت باي بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلاۋاتىدۇ، لېكىن ئەمەت باينىڭ شۆھرەتپەرەست، ھەشەمەتخور، نامراتلارنى كۆرسە يەرگە تۈكۈرۈپ، بېشىنى يۈگىنى تارتىلغان ئاتتەك ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى شاپاق يېگەن موزايدەك ئالايتىپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ شۇڭا بالام، ساڭا قويىدىغان تەلىپىم: ئۆزىمىزگە ئوخشاش كىشىلەر بىلەن قۇدىلاشساق دەيمەن.

— ئانا، جېنىم ئانا، مېنىڭ كۆڭلۈم باشقا قىزلارنى پەقەت سىغدۇرالمايدۇ. مېنىڭ قەلبىمگە پەقەت سارەملا سىغىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. ئانا، مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلما، غېرىب ئوغلۇڭنىڭ ئاھۇ دادىغا، مۇڭ-زارىغا يېتىشەي دېسەڭ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەن...

مەسۇم بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىچە قىينالدى، ئازابلاندى، بىراق بارلىق ئارزۇ ئارمانلىرىنى مېھرىبان، سۆيۈرچان ئانىسىغا ئېيتىۋالغاچقىمىكىن، ئۆزىنى بىر قەدەر يېنىك سەزدى. يۈرىكىدىكى زەرداب ئازراق بولسىمۇ چىقىپ كەتكەندەك بولدى...

ئانا ئوغلىنىڭ ھەسرەتلىك نالىسىنى جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىدى. كېچىلىرى ئۇخلىماي خىيال قىلدى، ئويلىدى. ئويلىغانسېرى ئازابلاندى، ئاچچىق ھەسرەتلەر چەكتى، ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بىئارام بولدى. يۈرىكىگە سانسىزلىغان يىڭنىلەر سانجىلغاندەك ئاچچىق بىلەن تولغاندى.

دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئانا بولغۇچى ئۆزىنىڭ يۈرەك - باغرىنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىنىڭ دەرد تارتىشىغا چىداپ تۇرالامدۇ؟ كۆز يېشى قىلماي قاراپ تۇرامدۇ؟... ياق، ھەرگىز قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ئانا ئۆز پەرزەنتى «دوزاخ» قا چۈشۈپ كېتىۋاتقان بولسا ئۇنى قۇتقۇزۇپ، ئورنىغا ئۆزى كىرىشكە رازىكى، ھەرگىزمۇ ئوغلىنىڭ ئەلەملىك كۆز يېشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ؛ «دوزاخ» تىكى ئازابلارغا، كۆيۈشلەرگە چىدايدۇكى، ئۆز پەرزەنتىنىڭ «ئاھ» ئۇرۇشىنى، ئۇۋاۇغ كىچىك تىنىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ؛ ئانا — پەرزەنت ئۈچۈن قوغدىغۇچى، پاسىبان. ئانا — پەرزەنت ئۈچۈن ئاجىر الماس قورغان؛ ئانا — پەرزەنتىنىڭ كېسەلگە شىپا، رەنجىگە داۋا دورا.

ئەتىسى كەچتە ئانا ئۈمىد، ئەنسىچىسىزلىك، دىلغۇللۇق، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئەمەت باينىڭ ئۆيىگە ئەيمىنىپ كىردى.

— نېمە؟ مەن ئاشۇ پەسكادايلارنى «قۇدام»، يالاڭ تۆشىنى «ئوغلۇم» دەپ ئاتامدىكەنمەن؟! بىلىپ قويسۇن، ئۇنداقلارغا بېرىدىغان قىزىم يوق! مەسۇم دېگەن يېتىم ئوغلاق ھوش - كاللىسىنى يىغىپ يۈرسۇن. ئۇنى «ئاتىسىز يېتىمكەن، ئاتىدارچىلىق قىلىپ قوياي» دەپ يىللىقچىلىققا ئالسام، ئەندىلىكتە خۇي چىقىرىپ، قىزىمنى ئازدۇرۇپ، باشلىرىنى قايدۇرۇپ يۈرۈپتىما؟! ھۇ تۇز كور بولمىدىغان، ئاش بەرگەن قازاننى چاقىدىغان، نائىنساب! «ئەچكۈگە ياغ ياراشماس، ياماننىغا يۇمغاقسۇت» دېگەن شۇ. بۇ قەلەندەرگە مېنىڭ ياخشىلىقىم ياراشماپتۇ. ئۇ، بۈگۈندىن باشلاپ بوسۇغا ئاتلاپ مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرگۈچى، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولمىسۇن!

زوۋرىخان ئەمەت بايدىن ئاشۇ ئاھانەتلىك، غەزەپلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەلەم بىلەن قايتىپ چىقتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلارنى كىرپىكلىرى توسۇپ قالالمىدى، ئۆزىنىڭ نامرات بولۇپ قالغىنىغا ئېچىنىپ يىغلىدى، تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىزلىكىگە لەنەت ئوقۇپ، تەقدىر قىسمىتىنى قارغىدى...

سارەم بىلەن مەسۇم شۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشەلمىدى. سارەم تۇرمىگە سولانغان جىنايەتچىدەك ئۆيگە سولاندى، قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىندى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە. بىراق، بۇ كۈنلەر ھورۇن كالا سۆرەم تارتقاندەك ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە، مۇھەببەتتىكى ئايرىلىش ئازابى سارەمنىڭ يۈرىكىدىكى ئىششىق ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. گۈزەل رۇخسارى سامانتەك سارغىيىشقا باشلىدى. ئانىدىن ئايرىلغان قوزىدەك ئاھۇ پەرياد كۆتەردى، ياشلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرى ئۆچۈشكە ئاز قالغان شامدەك پىلدىرلاپ قالدى.

مەسۇمنىڭ ھالىمۇ سارەمدىن قېلىشمايتتى. ئۇ كەمسۆز، جىمغۇر بولۇپ قالدى، ئۆزىگە بالايىئاپەت بولغان، ئاشىقلىق كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويغان نەينىمۇ چالمىدى. پەقەت يىگىتلىك غۇرۇرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ۋە مېھرىبان ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈنلا كۆز يېشى قىلمايدۇ، زارلانمايدۇ. ئەمما سارەمنى ھەر ۋاقىت ئويلايدۇ، كېچىلىرى توختىماي «ئاھ» ئۇرىدۇ. يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىدۇ، ئاچچىق تولغىنىدۇ، ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلىدۇ، ئۆزىنىڭ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى تۇيمايدۇ...

ئانىنىڭ ھالىمۇ خارابلىشىشقا باشلىدى، بەدىنى كېسەلگەن جىگدىدەك سولاشتى.

AltunOq

ئاق سۆزۈك چىرايى شامالداپ قالغان شاپ-
تۇلدەك قورۇلۇشقا باشلىدى. بىراق، بۇنى
ئوغلىغا چاندۇرماسلىققا تىرىشتى. يۈرت
ئاتلاپ يوشۇرۇنچە قىز ئىزدىدى. ئۆزىگە
ئوخشاش نامرات، ئەمما ساپدىل، ئاقكۆڭۈل
كىشىلەرنىڭ دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا
بارلىقىنى ئويلىدى...

مەسۇمنىڭ كۆڭلى يەنىلا سارەمدە، ئۇ
سارەمنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ، مەسۇمە-
نىڭ مۆھەببىتىگە نائىل بولالمىسا، ئۆزىنى
ھالاك قىلىشقا پېتىدۇ.

4

سارەمنىڭ تويى ھەشەمەتلىك، داغدۇ-
غىلىق ھالدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ توي مۇرا-
سىمى قۇمكۆل يېزىسىدا ئەمەس، ئەمەت
باينىڭ ناھىيە بازىرىدىكى قورۇسىدا بول-
دى. بۇ توي ئۈچۈن پۈتۈن ناھىيە بازىرى
تەۋرەپ كەتتى. چۈنكى ئەمەت بايغا قۇدا
بولغۇچى— ناھىيە بازىرىدا داڭ چىقارغان
چوڭ سودىگەر ئائىلىسى ئىدى. ھەممە خۇ-
شال، پەقەت سارەملا ھەسرەت، ئەلەم، ئا-
زابتا قىيىنالماقتا.

سارەم پەرياد كۆتەردى، چاچلىرىنى
يۇلدى، ئاخىرىدا تەقدىرگە تەن بېرىشكە
مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭدا نە ئامال، قىز
بالا دېگەن ئاجىز نەرسىكەن. ئۇلارنىڭ قو-
لىدىن كېلىدىغىنى پەقەت ئەشۇ مۆلدۈرلەپ
تۆرىدىغان بىر جۈپ كۆزىدىن ئىچىگە تو-
شۇپ كەتكەن ئەلەم زەردابىنى يېشى ئار-
قىلىق چىقىرىۋېتىشلا ئوخشايدۇ.

× ×

مەسۇم سارەمنىڭ توي قىلغانلىقىنى
ئاڭلاپ تاڭ قالدى. يەر شارى كۆمتۈرۈلۈپ
كېتىۋاتقاندەك بېشى قايدى، ئىزىدا ئو-
تۇرۇپ قالدى...

مەسۇم بۇ ئىشنىڭ تېگى-پېيىنى بىل-
مەكچى بولۇپ. ئەمەت باينىڭ قورۇسىنى
نەچچە قېتىم ئايلانغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي
قالدى. پەقەت سىرتتىكىلەردىن «سارەم
ياتلىق قىلىنغان يىگىت چوڭ سودىگەرمىش،
ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى غەلۋىردە كۆتۈرۈپ
يۈرەرمىش، ئەمەت باينىڭ ئۆيىگە مېھماندار-
چىلىققا كېلىپ كۆزى چۈشۈپ قالغانىمىش، بىر
كۆرۈپ ئاشىق - بىقارار بولغانىمىش، شۇڭا
توينى يېزىدا ئۆتكۈزمەي ناھىيەدە ئۆت-
كۈزگەنىمىش، سارەممۇ يىگىتنى بىرلا كۆ-
رۈپ رازىلىق بەرگەنىمىش» دېگەندەك سۆز-
چۆچەكلەرنى ئاڭلىدى. بۇنى ئاڭلىغان مە-
سۇمنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ، تولغاندى.
سارەمنىڭ قۇرۇق «ۋەدىسى» گە ئىشىنىپ،
ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىۋەتكەنلىكىگە پۇ-
شايمان قىلدى.

«قىزلارنىڭ كۆڭلى — گۈل ئۈستىگە
قونغان شەبنەمگە ئوخشايدۇ، شەبنەم پا-
لىدە قىلغان ئاپتاپنى كۆرۈپ يوقالغىنى-
دەك، ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ، دىلىمۇ، قەلبىمۇ
ئۆزگىرىدۇ.» مەسۇم شۇلارنى ئويلىدى. سا-
رەمگە كۈچلۈك نەپرەت ئوقۇپ غەزەپلەندى،
يىگىتلىك غۇرۇرىنىڭ دەپسەندە قىلىنغىنىغا
ئېچىندى...

ئۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ يىراقلارغا
كېتىشنى ئويلىدى. بىراق، ئانا مۆھەببىتى،
قېرىنداشلىق مۆھەببىتى ئۇنى تۇتۇپ قالدى.
ئانا ئوغلىنىڭ دەردىنى بىلگەچكە، ئۆزمۇ يە-
لىگە قويدى، ئوغلىنىڭ بەختىنى ئەتىگا پە-
تىن چۈشمەي ئاللادىن تىلىدى.

مەسۇمگە بولسا سارەمنىڭ نېمە ئۈچۈن
توي قىلىپ كەتكەنلىكى بىر سىر بولۇپ
قالدى .

× ×

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە زورى-
خان ئانا كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى،

مەسۇم ئەمدى قارا يېتىم بولۇپ قالدى...

ئازادلىق تېگى مەسۇمنى يېڭى بىر ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك خۇشال قىلدى. بىراق، ئۆزىنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلغان ئەمەت بايدىن ئۆچ ئالالمىدى. ئۇ يامان تۈلكە بولغاچقا، پۈتۈن يەر-زېمىنىنى، يەر ئىسلاھاتىدىن بۇرۇنلا ئالتۇن-كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇپ، تاغ كەينىگە① ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئايلار-يىللار يەنىلا ئۆتمەكتە. 1964-يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەسۇم بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. بۇ سارەمنىڭ خېتى ئىدى. ئۇ خەتنى — ئۆز بەختىنى ۋەيران قىلغان كىشىنىڭ لەنەتى خېتىنى يىرتىپ پارچە-پارچە قىلىپ تاشلىماقچى بولدى، لېكىن يۈرىكى ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشقا ئۈندىگەندەك تېز-تېز سوقۇشقا باشلىدى.

خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«جېنىم مەسۇم، مېنى كەچۈرەلەيدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن. مېنى قانچە ئەيىبلىسەڭمۇ، قارغىساڭمۇ بۇنىڭغا ھەقلىقسەن. بىراق، نېمە ئامال، مەن بىخوتلۇق قىلىپ قويۇپتىمەن. دادامنىڭ بۇنچە رەزىللىكىنى نەدىن بىلەي، مەن بىلەن توي قىلغان ئىنساننىڭ ئىپلاسلىقىنى ئويلىماپتىمەن، ئۇ مېنى ئالدىدى.

مەسۇم، ساڭا بولارنى قانداق ئىپادىلەپ بېرىشىمنى بىلمەيمەن. پەقەت مۇشۇ سۆزنىلا قىلالايمەن: «ئۇ مېنى ئازدۇرغان، مەن نىكاھسىز بۇزۇن بولغانىدىم... ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلدىم. بىراق، ئۆلۈشكە ئامال بولمىدى، ئاخىرى ياشاپ قالدىم. ئۆزۈم باشتىن كۆرمىگەن ھېلىقى ئىپلاس ئادەمنىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولدۇم، ئۇ مېنى سۆيىدۇ، ئاسرايدۇ، قوغدايدۇ، پۇل-مېلى ناھايىتى كۆپ، لېكىن مېنىڭ ھەممە نەرسەم تولۇق بولسىمۇ كۆڭلۈم يېرىم. ئۇ يېرىمنى پەقەت سېنىڭلا تولۇقلىيالايدىغانلىقىڭنى ھەر ۋاقىت ئويلايمەن. ئەمما بىز كېچىكتۇق، ناپاك تېنىم بىلەن سېنىڭ ساپ ۋۇجۇدۇڭنى بۇلغاشنى خالىمىدىم...»

مەسۇم خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇمىدى، سارەمنىڭ ھازىر نەدە تۇرغانلىقىنى ئويلىدى، بىراق، ئادرېسىنى ئېنىق يازمىغاچقا بىلەلمىدى. كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئۇقالمىدى. مانا بۈگۈن ئاپتوبۇستا ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقان كىشى شۇمىدۇ؟

## 5

ئاپتوبۇسنىڭ تۇيۇقسىز سىلكىنىپ توختىشى بوۋاينى ئېسىگە كەلتۈردى، شۇنداقلا ئۇ، قومۇل كەنتىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. يۇمۇلغان كۆزلىرىنى ئېچىپ، ھېلىقى ئاق روماللىق ئايالغا قارىدى. ئۇ كىچىك بىر بوپىنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتاتتى. بوۋاي ئوغلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاپتوبۇستىن ئاستا چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئاق روماللىق ئايال ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەمدىن «سۆگەت بۇلاق» نىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سوراپ، ئۇ كىشى كۆرسىتىپ بەرگەن تەرەپكە راۋان بولغانىدى.

بوۋاينىڭ كۆزى يەنىلا ئۇنى ئاختۇراتتى. كىشىلەر توپىدىن ئۈزۈلگەن ئايالنىڭ قەدەم باسقان يۆنىلىشىدىنلا ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە ماڭىدىغانلىقىنى پەم قىلدى بولغاي، ئوغلىغىمۇ قاراشنى ئۇنتۇپ، شۇ ياققا قەدەم باستى. بۇ چاغدا قوياش تاغ كەينىگە يوشۇرۇنۇشقا ئالدىراۋاتاتتى.

① سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.



جاسارەت بوۋاينىڭ كەينىدىن قارا كۆ-
رە ماڭدى. «دادام بۈگۈن ئاشۇ ئايالنى
كۆرۈپ خېلى جانلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ.
ھاسىسىنى يەرگە تەگكۈزمەي، قولتۇقىغا
قىستۇرۇپ مېڭىشىنى قارىمامدىغان. ئۇ بۈ-
گۈن ياشلىقىغا قايتقان ئوخشايدۇ، قېنى
قەيەرگە ماڭىدىكىن كۆرۈپ باقاي.» جاسا-
رەت شۇلارنى ئويلاپ مېيىقىدا كۈلۈپ قوي-
دى. پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ قانداق ئىش
يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلاتتى...

جاسارەت تۇرۇپ قالدى ۋە دادىسىغا
ھەيران بولۇپ كۈلۈپ قويدى. بوۋاي بۇ-
لاق بويىغا يېتىپ بارغاندا، قۇياش ئاللى-
بۇرۇن تاغ كەينىگە يوشۇرۇنغانىدى.

ئاق روماللىق ئايال قولىدىكى بوپىنى
يەرگە قويۇپ، بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان بۇ-
لاق سۈيىگە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باراقسان
سۆگەتلەرگە قاراپ تويمايتتى. ئۇ، ياشلىق
مەزگىللىرىدە ئولتۇرغان چىم ئۈستىنى ئا-
قىنى بىلەن ئاستا سىيپاپ قويدى، ياشلىق
ئەسلىمىلىرى يادىغا كەلگەن بولسا كېرەك،
كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

بوۋاي ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. شۇ چاغ-
دا موماي ئۇنى كۆردى. ئۇلار بىر-بىرى-
گە قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قېلىشتى.

— مەسۇم! — موماي قېرىغانلىقىنى ئۇن-
تۇدى بولغاي، خۇددى ياش قىزلاردەك،
بوۋاينى چاقىردى.

بوۋاي ئۈن-تىنسىز قاراپ تۇراتتى.
قانداقتۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئاستا-ئاستا يۇم-
شىغاندەك بولدى، كۆزلىرى ياشقا تولدى.
لەۋلىرى تىترىدى:

— سارەم!

ئۇلار بۇلاق بويىدا ئولتۇرۇشتى. بۇلاق
سۈيى ئوخچۇپ ئېتىلىپ چىقىپ تۇراتتى.

(ئاخىرى 21 - بەتتە)

**ئارزۇگۈل ئابدۇۋېلى**

## دوستۇمغا خىتاب

قەدىرلىك دوستۇم نەۋباھار، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ قىممەتلىك سالىمىڭنى يانىۋارنىڭ بەشىنچى كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، سۆيۈنۈش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. كۆز ئالدىمدا سېنىڭ ئىنىستىتۇتتىن ئايرىلىش ۋاقتىدىكى سۇلغۇن چىرايىڭ، ئازاب ياشلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىڭ پەيدا بولدى…

بىز ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت مەرىپەت بۆشۈكىگە قەدەم قويغان تۇنجى مىنۇتلار ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇچاغدا ئىككىمىز خۇددى قوشمېغىزدەك ئىجىل ـ ئىناق دوستلار ئىدۇق. ھەر كۈنى ئالىملىق باغنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلايتتۇق ۋە بەزىدە كەلگۈسى غايە، كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى شېرىن پاراڭلارغا بەنت بولۇپ كېتەتتۇق.

نەۋباھار، ئۇزۇن ئۆتمەي سېنىڭ يۇمران قەلب زېمىنىڭدا بىخ سۇرۇۋاتقان مەرىپەت مايسىلىرى بىردىنلا ئۈششۈك تەگكەندەك سولۇشۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياشلىقىڭنىڭ پەس ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنىڭ نەپرەتلىك تۇيغۇسى مۇجەسسەملەشكەن ساختا مۇھەببەتنىڭ ۋاپاسىز ئۇرۇقلىرى يىلتىز تارتىشقا باشلىدى. شۇندىن باشلاپ سەن مەن بىلەن بىرگە يۈرمەيدىغان بولدۇڭ، ھەتتا ياتاقتا ئۈنلۈكرەك كىتاب ئوقۇساممۇ تەرىڭنى تۈرۈپ ئاچچىقلايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدىڭ.

دوستۇم نەۋباھار، سەن تەنتەك خىياللارنىڭ ئۇچقۇر قانىتىغا مىنىپ، سەۋدايىلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ تۇرغان ئاشۇ كۈنلەردە، مېنىڭ ۋىجدانى غۇرۇرۇم سېنى بۇ كوچىدىن تارتىپ چىقىشقا ئۈندىدى. ئەمما سەممىي نەسىھەتلىرىم ئۆدەككە سۇ يۇقمىغاندەك ساڭا ھېچقانداق تەسىر بېرەلمىدى. شۇنداق قىلىپ سەن يۈگەنسىز ئاتتەك ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈيدىغان بولدۇڭ. سالتەنەتلىك رومكىلارنىڭ ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدىغان، رەڭگا ـ رەڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن تانسا مەيدانلىرى سېنىڭ قەلبىڭنى بەخت بۇلىقىغا چۆمۈلدۈرىدىغان سورۇن ئىدى. كىشىنى چۆچۈتىدىغان يېرى شۇكى، بەزى كۈنلىرى كەچتە سەن ياتاققا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ…

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن مەكتەپتە سېنى قايتۇرۇۋېتىش توغرىسىدىكى گەپ ـ لەر تارىلىپ كەتتى. ئەسلىدە سەن دىيانەتسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ، غۇبارسىز قىزلىقىڭ بىلەن خوشلاشقان ئىكەنسەن، مەن بۇلارنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. سەن ئاشۇ دەقىقىلەردە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ يىغلىدىڭ، چاچلىرىڭنى يۇلۇپ نالە ـ پەرياد چېكىپ تۆۋە ـ ئىستىغپار ئوقۇدۇڭ. بىراق، ۋاقىتنى ئۆتكەندە چەككەن ئەلەملىرىنىڭ نېمە پايدىسى؟ چۈنكى ئۇ غۇنچىدەك نەپىسلىكىڭنى، غۇبارسىز قەلبىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرەلەمدۇ ـ دە؟! شۇنىڭ بىلەن سەن ئاچچىق ئەلەم ۋە نومۇس كۆچىدىن مۇقەددەس يۇرتۇڭ بولغان ئانا سەھراغا يول ئالدىڭ.

نەۋباھار، بولدىلا، ئۆتكەن ئىشلارنى تەگەپ ئەلەم چەككەن يۈرىكىڭنى زېدە قىلماي، سەن خەتتە مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى كۈنلىرىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىڭنىڭ تاپا ـ

(ئاخىرى 17 ـ بەتتە)

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

# ئورۇنسىز گۇمانخورلۇق ۋە پەزىلەتسىز يېزىقچىلىق توغرىسىدا

سەن ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى. ئەدەبىيات ھەققىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرەلەيسەن ھەم چۈشىنەلەيسەن. شۇڭا، بىر تۇرۇپ ئادەمنىڭ كۈلگىسىنى كەلتۈرىدىغان، بىر تۇرۇپ ئادەمنى غەزەپتىن ئۆرتەيدىغان، يەنە بىر تۇرۇپ ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان بۇ ئىشلارنى ساڭا دېگۈم كەلدى.

سەن ئۇ يەردە ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يېڭى، يۈكسەك مەسىلىلىرى ھەققىدە ئۆگىنىپ، تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتساڭ، بىز بۇ يەردە ئەدەبىياتتىكى ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەقەللىي مەسىلىلەر — ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژ ۋە سيۇژېتنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەم ۋە ۋەقەنىڭ ئۆز ئەينى ئەمەسلىكى، ئەگەر ئۆز ئەينى بولىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلانمايدىغانلىقى؛ ئەدەبىياتتا توقۇلما بولىدىغانلىقى ۋە بولمىسا بولمايدىغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭدىكى پېرسوناژ ۋە سيۇژېتنىڭ دەل ئۆزىنى رېئال تۇرمۇشتىن ئىزدەشنىڭ بىھۇدىلىكى. ئىجادىيەت ئومۇمنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەنلىكى، ئۇ شەخسىي مەنپەئەت، مۇددىئا ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا بۇنىڭ سۆزسىزكى پەزىلەتسىزلىك بولىدىغانلىقى... غا ئوخشاش مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلەپ يۈرۈۋاتىمىز.

سەن ھەقىچان بىزگە تولىمۇ قىممەتلىك بولۇۋاتقان مەتبۇئات سەھىپىلىرىمىزنى يەنە تىلغا ئېلىپ يۈرۈشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى بولمىغان مۇشۇنداق مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلەپ ئىسراپ قىلىۋېتىپ بارغىنىمىزدىن ئۆكۈنىسەن. كىمنىڭ بۇ ھەقتە خالاپ سۆزلىگۈسى بار دەيسەن. يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ئەدەبىياتچىلىرىمىزنىڭ، كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئۈمىدى سېنىڭكى بىلەن ئوخشاش — ھەممىمىز دىققەت مەركىزىمىزنى ئەدەبىياتتىكى مۇھىم ئىجادىيەت مەسىلىلىرى ۋە يېڭى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە قارىتىشىمىز لازىم ئىدى، دەپ قارايمىز. لېكىن مەن ياشاۋاتقان مۇشۇ جايغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەھرام مۇدىردەك ئاغىنىلىرىمىزدە ھېچ بولمىسا ئەڭ ئەقەللىي ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى پەيدا قىلىپ، ياسىندەك يازغۇچىلىرىمىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ۋە يەنە پازىلدەك پەزىلەتسىز شائىرلىرىمىزغا ئىجاد مەسئۇلىيىتى ۋە پەزىلىتىنى ھېس قىلدۇرۇش — سەن ئۇ يەردە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئاشۇ مەسىلىلەردىن ھېچبىر قېلىشقۇچىلىكى يوق مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

بەھرامغا نېمە بولدى، دەپ سورارسەن ھەقىچان. ئۇ خىزمەتتە ئىلغار، مۇدىرلىق يارىشىپ خېلىلا سالاپەتلىك بولۇپ قالدى، دېمەك ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بولمىدى، لېكىن

Altun Oq

ئۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلىدە خاتىرجەم بولغىنى بىلەن يېقىندىن بېرى كۆڭۈلسىزلىكنى بولۇشىچە تارتىپ يۈردى. بۇ كۆڭۈلسىزلىككە پەقەت ئۇنىڭ ئورۇنسىز گۇمانخورلۇقىلا سەۋەب بولدى. بىزدە «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشلارنى ساڭا سەل تەپسىلىرەك ئېيتاي.

بىز ياقتۇرىدىغان ئاشۇ ژۇرنالنىڭ يېڭى سانىنى ۋاراقلاپ ئولتۇرسام تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. تېلېفوننى بەھرام بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىغا ھەيران قالدىم، چوڭ بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شەپىسىنى سېزىپ نېمە بولغانلىقىنى سورىسام، ئۇ مۇشۇ ژۇرنالغا بېسىلغان بىر پارچە ھېكايىنى ئوقۇپ باقساڭ، دېدى. بىز ئادەتتە ئۇنىڭ بىلەن بەزىبىر ھېكايىلەر ھەققىدە پاراڭ قىلىشىپمۇ قالاتتۇق، شۇڭا ھېچبىر ھەيرانلىق ھېس قىلماي ھېكايىنى ئوقۇدۇم. ھېكايىدە مەلۇم بىر ئىشخانا مۇدىرىنىڭ پارىخورلۇقى، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى، سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا ئۆزىلا قىيىنىلىپ قالماي، باشقىلارنىمۇ قىيىنايدىغانلىقى يېزىلىپتۇ. ھېكايە بەك ياخشى يېزىلىپتۇ، دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بىر مۇنچە مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ ۋە خەلقنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە بولغان كۈچلۈك ئىنكاسلىرى ئىپادىلىنىپتۇ. مەن بەھرام بۇ ھېكايىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، چوڭقۇر تەربىيە ئالغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى، ئۈنۈملۈك ئىشلەيدىغان بولدى، دەپ پەرەز قىلدىم.

كېچىدە تەكلىپ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. نەچچە ئادەم كەيپسىز ئېچىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەشۇ ھېكايە بېسىلغان ژۇرنال. بىردەمدە بۇ كەيپسىزلىكنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم، ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ھېلىقى پېرسوناژنى بۇلار بەھرام مۇدىرنىڭ دەل ئۆزى شۇ، دەپ خۇلاسە چىقىرىشىپ، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچلۈك تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ خۇلاسىدىن ئازابلىنىشىۋېتىپتۇ. بەھرامنىڭ ئەلپازى ناھايىتى يامان، بۇ تۇرقىدا ئۇ ئەگەر يازغۇچى ئالدىدا بولغان بولسا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئاپتورنىڭ كۆرگۈلىكىنى كۆرسىتىپ، تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىش ھەققىدىكى قەسەملىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدۇ. كۆردۈڭمۇ، ئۇنىڭ «ئەدەبىياتقا قىزىقىمەن»، «ئەدەبىياتتىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار» دېگەنلىرى، بەزىدە كىتاب - ژۇرنال ئوقۇپ قويۇشلىرى پۈتۈنلەي يالغان ئىكەن. قىزغىن بىر كىتابخان ئەمەس، ئادەتتە ئەقلى - ھوشى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەم ئەدەبىياتقا بۇنداق مۇئامىلە قىلمايدۇ. مەن ئەشۇ يازغۇچىغا كۆڭۈلسىزلىك كېلىدىغان ئۈچۈنلا ھېكايىدىكى مۇدىرنىڭ بەھرام ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇندۇم. نەزەرىيىنى ئاساس قىلىپ سۆزلىگەنلىرىمنى ئۇ چۈشەنگىلى ئۇنىماي، ئۆز گېپىدە تۇرۇۋالدى. ئاخىرى، ئاپتور سېنى تونىمايدۇ، سەن ھەققىدىمۇ ئاڭلىمىغانلىقى ئېنىق، شۇڭا ئۇ سېنى يازمىغان، دېمەك ھېكايىدىكى پېرسوناژ سەن ئەمەس، دەپ يۈرۈپ ئۇنى ئاران قايىل قىلغان بولدۇم.

تەبىئىكى، مېنىڭ دېگەنلىرىمدىن، ئەگەر بۇ ھېكايىنى سېنىڭ يېنىڭدا تۇرغان ياكى سېنى تونۇيدىغان بىرسى يازغان بولسا ئاندىن ئۇنى جازالىساڭ بولىدۇ، دېگەن مەنا چىقمىي قالىدۇ. ئادەمنى بۇنداق ئىرادىسىگە خىلاپ سۆزلىتىۋاتقىنى باشقا نەرسە ئەمەس،

دەل ئەدەبىياتنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئەدەبىياتقا ئارىلىشىۋېلىپ بارغانلىقى، كىتابخانلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە تۆۋەن بولۇۋاتقانلىقىدۇر. يەنە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بەدىئىي توقۇلما ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ پەرقىنى تازا ئېنىق ئايرىۋېلىپ بولالمىغانلىقىمۇ بىزدە نۇرغۇنلىغان بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلارنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئالدى بىلەن بىر قىسىم يازغۇچى، كىتابخان ۋە ئەدەبىياتنى چۈشەنمەيدىغانلارنىڭ نەزەرىدە ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ پەرقى ھەققىدە توغرا چۈشەنچە پەيدا قىلساق بولغۇدەك، بۇنداق قىلماي تۇرۇپ، سەن تەشەببۇس قىلىۋاتقان يېڭى، يۈكسەك مەسىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەس، قوبۇل قىلىش، ھەتتا تىلغا ئېلىشمۇ بەك تەسكە توختايدىغان ئوخشايدۇ.

ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ. يازغۇچى تۇرمۇش قانۇنىيىتى، تۇرمۇش رېئاللىقى ۋە تۇرمۇش رېتىمىگە چەكسىز ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كىشىگە خۇددى رېئاللىق تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك بىر خىل تەسىرات بېرىدۇ. لېكىن ئەدەبىيات ھەرگىزمۇ رېئاللىق تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئەمەس. بۇ يەردە كىشىگە «ئۆزىدەك» تەسىرات بېرىۋاتقىنى يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي چىنلىق بولۇپ، گەرچە بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا مۇمكىنچىلىككە ئېرىشىپ، يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلەلىسىمۇ، لېكىن بەدىئىي چىنلىق بىلەن تۇرمۇش چىنلىقى ھامان كەسكىن پەرقلىنىدۇ.

يازغۇچى رېئال تۇرمۇشنى تەسۋىرلەپ قويسىلا بۇ ئەدەبىيات بولمايدۇ. ئەدەبىيات تۈپ مەنىسىدىن ئېيتقاندا بىر خىل يۈكسەك ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىجادىيەت جەريانىدىن ئىبارەت. ئەگەر يازغۇچى ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان تۇرمۇش قانۇنىيىتى، تۇرمۇش رېئاللىقى ۋە تۇرمۇش رېتىمىنى ئەدەبىيات دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمىسە، يەنى تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزەلمىسە، ئاندىن بۇ ئەدەبىيات، يەنى بەدىئىي چىنلىق ئارقىلىق كىشىدە چوڭقۇر تۇرمۇش چىنلىقى تۇيغۇسى پەيدا قىلالمىسا بۇنداق يازغۇچى ماھارەتلىك يازغۇچى، ئاشۇنداق تۇيغۇ پەيدا قىلالايدىغان ئەسەر ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياندىن قارىغاندىمۇ ئەدەبىيات رېئاللىقنىڭ ئۆز ئەينى كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس.

سەنمۇ بىلىسەن، ئەدەبىيات مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا بىر خىل توقۇلما قىلىش سەنئىتى. ماھارەتلىك يازغۇچىلار ھامان تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا تۇرمۇش قانۇنىيىتى، تۇرمۇش رېئاللىقى ۋە تۇرمۇش رېتىمىغا چەكسىز ھۆرمەت قىلىپ، ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەسەرلىرىدە تۇرمۇش يارىتىدۇ. بۇنداق تۇرمۇشنىڭ «مانا شۇ» دەپ كۆرسەتكىلى بولىدىغان ئاساسىي بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ، كىشىلەردە چىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلالايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەسەرلەردە يارىتىلغان تۇرمۇش گەرچە توقۇلمىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچىنىڭ ماھارىتى سەۋەبلىك بۇنداق توقۇلما رېئال تۇرمۇشتىكى ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلىلەردىن ئەندىزە ئالغان (شۇلارغا تەقلىد قىلىنغان) بولغاچقا، ئۇ، يەنىلا ئەدەبىيات، ئەدەبىيات بولغاندىمۇ ياخشى ئەدەبىيات بولىدۇ. دېمەك،

ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشتىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژ، سيۇژېت، مەسىلىلەرنى رېئال تۇرمۇش بىلەن پەرقسىز تەڭلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش، بولۇپمۇ ئەسەردىكى پېرسوناژنى رېئال ئادەملەرگە ئوخشىتىۋېلىش — سەن بىلەن بىزنى بىئارام قىلماي، ئازابلىماي قويامدۇ!؟

بەھرامغا كەلسەك، ئۇنىڭ قىلغان — ئەتكەنلىرى، ھالى، نىيىتى ھېلىقى پېرسوناژ مۇدىرغا مەيلى قانچىلىك ئوخشىسۇن، ئۇ پېرسوناژ مۇدىر ھەرگىزمۇ بەھرام ئەمەس ھەم بولالمايدۇ. ئەگەر ئاپتور بەھرامنى يازدى دېگەن تەقدىردىمۇ، بەھرام يېزىلغان ئەسەر «ھېكايە» دېگەن ۋەۋىسكا بىلەن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ ئەسەردىكى بەھرام ئوخشاشلا رېئاللىقتىكى بەھرامنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ. بەھرام مەن زادى ئەشۇ پېرسوناژ شۇ، دەپ تۇرۇۋالغىنى بىلەنمۇ، ئۇلارنىڭ تەڭ بولۇشىغا ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتى ھەرگىز يول قويمايدۇ.

ئەمدى ئاڭلىسام، بەھرام ھېلىقى يازغۇچىنى ئاخىر تېپىپتۇ. ئۇنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا قايىل بولغىنى يالغان ئىكەن، يازغۇچىنى ئۇ بولۇشىچە تىللاپتۇ، جازالىتىۋېتىمەن، ئىدارەڭدە تۇرغۇسىز قىلىۋېتىمەن، رەھبىرىي كادىرلارغا بۆھتان چاپلىدى، دەپ سولىتىۋېتىمەن، دەپ ئىرادە بىلدۈرۈپتۇ، ھەتتا ئەگەر گۇناھىڭغا تۆۋە قىلىپ مېنى ماختاپ بىر پارچە ھېكايە ئېلان قىلدۇرمايدىغان بولساڭ... دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ.

بۇرۇن بەھرامنىڭ قالىلىشىغان ئىشلىرى ۋە مىجەزى ھەققىدە ئاز — تولا گەپ ئاڭلىۋىدىم، ئىشەنمەي يۈرگەنىكەنمەن. ئەمدى بولغاندا ئۇ ئۆزى ئىشەندۈردى. ئەگەر ئۇنىڭدا پېرسوناژ مۇدىردا بار بىر مۇنچە ئىللەتلەر، رەزىللىكلەر بولمىسا ئۇ ئۆزىنى نېمە دەپ پېرسوناژ مۇدىرغا ئوخشىتىۋالىدۇ!؟ ئىللەت، رەزىللىك بولسا ئۇنى تۈزىتىش كېرەكقۇ!؟ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى، يەنە كېلىپ مەسئۇلۇق خىزمەتنى ئىشلەۋاتقان بۇنداق ئادەم «يازغۇچى بىزدە ساقلىنىۋاتقان بىر مۇنچە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ» دەپ خۇش بولماقتا يوق، يازغۇچىغا تەھدىت سېلىۋاتسا، بۇنىڭغا نېمە دەيمىز؟ پاك — دىيانەتلىك بولۇش، ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش — ئەڭ ئېسىل پەزىلىتى بولغان پارتىيىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بەھرامدەك ئادەملەرنىڭ سالاھىيىتى توشامدۇ زادى!؟

بەھرامنىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى يىغىلىشتا ياسىنغا ھەم ھۆرمىتىم ئاشقان ھەم ئۇنىڭ ئۆچۈن يىغلىغۇم كەلگەنىدى. سەنمۇ بىلىسەن، ياسىن تېخى بىر ھەۋەسكار بولغىنى بىلەن ئەدەبىيات ئىشلىرىغا تولىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەدەبىياتنى قورال قىلىپ جەمئىيەتنى ياخشىلاشقا، ئادەملەرنى ئادەملىك پەزىلەتلەرگە ئىگە قىلىشقا، بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇ ئەشۇ ھېكايىسى بىلەن بىيوروكراتلىقنى، ئادالەتسىزلىكنى، بىلىمسىزلىكنى تۈگىتىپ، ھالال ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلىۋاتسا، بۇنىڭ نەرى يامان!؟ جەمئىيەتنىڭ، ئادەملەرنىڭ يېتەرسىزى، ناچار، قارا كۆڭۈل تەرەپلىرىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش — ئەدەبىيات قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى. پاش قىلىش، تەنقىد

قىلمىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇتۇقۇم خېلى كۆپ ھاللاردا مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇتۇقۇمدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. ئەدەبىيات پاش قىلمىش، تەنقىد قىلمىشتا لايىق ۋە شۇنىڭغا زۆرۈر تەرەپلەرنى پاش قىلمىش، تەنقىد قىلمىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن چوڭ تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى. شۇڭا يازغۇچىلار تارىختىن بېرى قەدىرلىنىپ ھۆرمەتلىنىپ كەلدى. ياسىنۇ ياخشى نىيەت بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىپ كېتىشى، ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ كادىرلارنىڭ پەزىلەتلىك بولۇشى ئۈچۈن چامىنىڭ يېتىشىچە كۈچ چىقارغانىدى، لېكىن ئۇ، ئويلىمىغان نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ ئادالەتسىزلىك ئۇنى قەلەم تاشلاشقا مەجبۇرلاپ، تاشلاتقۇزسا ئويلاپ باققىنا، بىز نېمىدىن ئايرىلىپ قالىمىز...؟

ئەمدى مەن ھېلىقى «يازغۇچى» ئاكىمىز پازىل ھەققىدە قاقشايمەن. «تەھرىرلەرنىڭ غەزەلىرىگە ئوخشىمەس، ھېچكا يېلىنىرغە ئويزۇر يېزىپ يۈرۈپ ئەسەر ئېلان قىلدۇرغانىدىم. كېيىن بۇ تەرەپلەرگە ئۆتكەن تەھرىرلەرگە يېلىنىپ، ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتسەم سومكا كۆتۈرۈشۈپ يەنە بىر ھۇنچە ئەسەر ئېلان قىلدۇردۇم. نېمە كەلسە يازدىم. يازغۇدەكلا نەرسە بولسا بوش قويمىدۇم، ئايدا ئون پارچىلاپ ئەسەر. ۋەزكە ندىكىن، بىرەر پارچىسى بولسىمۇ چىقىپ قالىدىكەن، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ مانا ئەمدى داڭلىق يازغۇچى بولۇپ قالدۇق.» ئۇ مەس بولۇپ قالغان چېغىدا ماڭا شۇلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ راست سۆزلىگەن بولسىمۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ كەتتىم، سەن خېلى بۇرۇنلا، پازىلدا ھېچ بىر يېزىقچىلىق پەزىلىتى بولمىغانلىقىنى ئۇستىدىگە. قىلچە يېزىقچىلىق ماھارىتىمۇ يوقلۇقىنى، بۇنداق ئادەمنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا پايدىسىدىن كۆرە زىيىنىنى كۆپلۈكىنى دېگەنىدىلىك. مەن ئەمدىلا دېگەنلىرىڭگە ئىشەنىدىم، «ئۇنىڭغا ناھەق ئۇۋال قىلىپ سالماپلى يەنە» دەپ، ئەسەرلىرىنى قايتىدىن بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم، نەتىجە ئوخشاشلا بولدى. ئۇنىڭ ئېلان قىلدۇرغان ئەسەرلىرىنى ساق بىر ھەپتە ئوقۇپمۇ ياخشى بىر پارچىسىنى تاپالمىدىم. تۈرۈپلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا سەرپ قىلغان ۋاقتىمغا، ئوئىسراپ قىلىۋەتكەن گېزىت-ژۇرنال، كىتاب بەتلىرىگە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەرپىنى تىزغاننا بۇرچىكلارغا، زېرىككەس تەھرىرگە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ قالغان كىتابخانلارغا ئىچىم ئاغرىدى. مەن ئەمدى قەتئىي نىيەتكە كەلدىم: ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ «سېنىڭمۇ ئىچىڭ ئاغرىسۇن» دەيمەن. بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا قەلەمنى تاشلاتقۇزۇپ، ساڭا «ئەدەبىياتىمىز قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، لېكىن ئىزچىل تۈردە ئىسراپخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغان بىر نان قېپىدىن قۇتۇلدى» دەپ خەت يازىمەن. ئاخىرچە پازىل ھەققىدىكى بۇ بايانلىرىمنى ئاڭلا:

ساۋاقدىشىمىز ئالىمنىڭ تويى بولغان كۈنى ئاماسىز ئۇۋەۋ بار سورۇنغا كىرىپ قالغانىدىم، گەپنىڭ ھەممىسىنى شۇ قىلىۋېتىپتۇ. «بىر ئاي ئارام ئالاي دېسەم باشلىقىم ئۇنىمىدى، مانا ئەمسە دەپ ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ ئۇ ھەققىدە بىر پارچە ھېكايە يېزىپ ئەۋەتىۋەتتىم. ھېكايەم ئېلان قىلىنغان ھامان پۈتۈن خەلق ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىپ ئوقىيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمەلىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ھېچ بولمىسا ئالدىمغا كېلىپ بىر ئايلىق ئەمەس، بىر يىللىق ئارام ئېلىش بېرىدۇ. ئەدەبىيات دېگەن مانا

مۇشۇنداق كاتتا قۇرال. ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمساڭ...» مەن چىداپ تۇرالماي چىقىپ كەتتىم. ئەشۇ چاغدا تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدىمكى، پازىل يازغۇچى ئەمەس ئىكەن، ئەقەللىسى بىر پەزىلەتلىك ئادەممۇ ئەمەسكەن. ئەدەبىياتنىڭ، خەلقنىڭ ئومۇمىي ئىشى، ئورتاق بايلىقى ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنى شەخسىي مەنپەئەت، مۇددىئا ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى؛ خەلق مەنپەئەتى، جەمئىيەتنىڭ چوڭ ئومۇمىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش يازغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى، ئىجادىيەتتە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلمىغان ئادەم يازغۇچى تۈگۈل، كىتابخانمۇ بولالمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

تەھرىرلەر پازىل يازغان ھېلىقى «ھېكايە» نىڭ (ئۇ بەردىبىر توقۇلما ئەمەسمۇ) بىر پارچە تۆھمەت خېتى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. ئۇنى «يامان ئەمەس يېزىلغان ھەجۋى ھېكايە» دەپ ئويلىغان چېغى ئۇنى ژورنالدا ئېلان قىلدى. پازىل «مەن ھېكايەمدە باشلىقىمنى يازغانىدىم» دەپ يۈرگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇ ھېكايىنى قايتا ئوقۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ئىدارە باشلىقىنى ھەر قانداق قىلىپمۇ پازىلنىڭ باشلىقىغا ئوخشىتالمايتتۇ. ئاردىن بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ پازىلنىڭ باشلىقى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانمىدى. پازىلنىڭ ئالدىغا روخسەت بەرگىلىمۇ كەلمىگەن ئوخشايدۇ. ئاڭلىساق پازىل ئەمدى ھېكايىسىنىڭ داغدۇغا پەيدا قىلىشىدا. باشلىقىنىڭ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان «مۇناسىۋەتلەر» ھەققىدە ھېكايە يېزىپ. پۈتۈن خىزمەتداشلىرىنى، باشلىقىنى باشقۇرىدىغان باشلىقلارنى قاتتىق سۆكۈۋېتىش ئۈچۈن بىر پارچە ھېكايە يېزىۋېتىپتۇ. تۇنۇگۈن بىر دوستۇمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، باشلىق ئالدىنقى بىر كۈنى پازىلنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ (پازىل باشلىققا گۆش توغرايمەن دەپ قولىنى ئۇزۇۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ)، پازىل قولىنى مىڭ بىر بالاندا تېڭىپ بولغاندىن كېيىن باشلىق پازىلغا: «سىز ھېكايىڭىزدە ھېلىقى باشلىقنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۆيىگە زادى بارمايدىغانلىقىنى يېزىپتىكەنسىز. بۇ يەرلىرى ماڭا بەك تەسىر قىلدى. بۇندىن كېيىن كۆپرەك ئارىلىشىپ ئۆتەيلى. سىزمۇ بىزنىڭ ئۆيلەرگە بېرىپ تۇرۇڭ» دەپتۇ. پازىل ئەسلى باشلىقنىڭ گۆش يېمىگەنلىكىگە قاراپ ئۇنى «روزا تۇتىدىكەن» دەپ تەشكىلگە ئېيتماقچى بولغانىكەن. كېيىن، باشلىقنىڭ ئۆزىگە بىر تال تاماكا بېرىپ بىللە ئولتۇرۇپ تاماكا چەككىنىنى ئېسىگە ئېلىپ شۇ تاماكىنى مىڭنى تىللاپتۇ...

ھازىر بەكلا كەچ بوپ كەتتى. ئەتە تاڭ سەھەردە دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بەھرام بىلەن پازىلنى، تەسەللىي بېرىپ ئۈمىدلەندۈرۈش ئۈچۈن يوقلىمىسام، ئاندىن خىزمەتكە ئۈلگۈرۈپ بارمىسام بولمايدۇ. ھە، راست، ياسىنغا «بۇندىن كېيىن مەنمۇ سەندەك ھەجۋى ھېكايە، ساتىرىك شېئىر يازىمەن» دەيمەن. مەن ھازىر شۇنداق نىيەتكە كەلدىم!

سەن مېنىڭ يېزىپ يۈرگەنلىرىمنى مەسخىرە قىلىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن چېچىلىپ يۈرمەي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يېڭى، يۈكسەك مەسلىلىرى ھەققىدىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەر. بىز چوقۇم شۇنىڭغا ھاجەتمەن بولىمىز!




(فېلىيەتون)

ئاڭلىشىمچە، زۇكام بولۇپ قالغانلار دورا ئىچكەندىن كېيىن ئازراق تەرلىتىۋالسا تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدىكەن. تەرلىتىشنىڭ ئۇسۇللىرىمۇ ھەر خىل ئوخشايدۇ؛ بەزىلەر جۇۋا ياكى قېلىن چاپان كىيىپ تەرلەيسە، بەزىلەر قېلىن يوتقانغا چۈمكىنىپ تەرلىتىدىكەن؛ ھازىرغا قەدەر بۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن تەرلەنگۈچىلەرنى كۆپ ئۇچراتقان بولساممۇ، لېكىن بىرسىنىڭمۇ باشقىلارنىڭ يېپىنچىسىنى تىلەپ تەرلەنگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا نام - شۆھرەت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭمۇ تەرلىتىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلىتىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەگەنىكەنمەن.

ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز بايرىمى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىدە ئوقۇيدىغان شېئىرىم ئۈستىدە ئىشلەۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، بۆلۈم باشلىقىمىز ھەسەن قارى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى.

— ئوھوي، شېئىر يېزىۋېتىپسىز - دە! - دېدى ئۇ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۈلكە بىلەن يېپىشقا تىرىشىپ، - كۆرۈپ باقاي، نېمىلەرنى يېزىۋەتتىڭىزكىن؟

ئامال بولمىدى، ئالدىمدىكى ئورىگىنالنى



يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. كۆرسەمەيلىغۇ، شېئىر دېگەننى كىشىلەر ئوقۇسۇن ئۈچۈن يازىدۇ. بىراق ئۇ، بىرەر نەرسە يازغىنىمنى بايقىدىمۇ، بولدى، سېرىق چىرايى قۇيۇلمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ، مۇشۇكىنىڭكىدەك كۆكۈش كۆزلىرىدە مۇزدەك سوغۇق ئۇچقۇنلار چاقناپ، بىز ھېلىلا يا-قا - ماقىدىن ئېلىشىپ مۇشلاشقاندەك بىر ئىككى كۈنگىچە گەپ قىلماس بولۇۋالاتتى.

— يەنە نېمىلەرنى يېزىۋاتىسىز؟ - دەيتتى ئۇ ئۆزىچە جىمجىت خىيال سۈرۈپ قالغان چاغلىرىمدا، - مانا مەك، ماۋۇ جەدۋەللەرنى بەش نۇسخىدىن تولدۇرۇپ قويۇڭ، ئاندىن ... — ئۇ يەنە توقامدەك قېلىن بىر دوكلاتنى قولۇمغا تۇتقۇزاتتى، - ئاۋۋال كۆرۈپ چىقىڭ، باغلاشمىغان يەرلىرى بولسا تۈزىتىپ قويارسىز. لېكىن - زە، قەلەم بىلەن چوك - چوك قىلىپ ئۈچ نۇسخا كۆچۈرۈپ قويىمساق بولمايدۇ، باشلىقلار ئوقۇيدىغان گەپ...

ئۇ ماڭا يەنە ئىش تاپقىلى كەلگىنىدەك نېمىلەرنىدۇ ئويلىنىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا «بۇ ئىشخانىدا يالغۇز مەنلا بارمىدىم؟» دېگەندەك قىلىپ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇپ پوپايكا توقۇۋاتقان بۇدرە چاچلىق ئايالغا، كىر پىسلوغا يۆلەنگىنىچە قايناقسۇ ئىچىپ، كۆرۈپ بولغان گېزىتىنى قايتا كۆرۈپ زېرىككەنلىكىدىن ئەسنەۋاتقان كىشىگە، ئىشىك تۈۋىدە چېقىۋېلىپ ھۆل لاتا بىلەن ۋېلىسىپىت سۈرتۈۋاتقان يىگىتكە قاراپ قويۇشلىرىمۇ ئۇنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى.

— قانداق قىلىمىز، ئەھۋال مۇشۇ تۇرسا، - دەيتتى ئۇ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك ئېغىر تىنىپ، - بەرداشلىق بېرىڭ، دوكلات ئەتە ئەتىگەندىن قالمىسۇن.

كەسپىي ئېھتىياجدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل دوكلاتلارنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى نۇسخىسىنىڭلا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، كۆپ يېتىش كېرەك بولغاندا قارا قەغەز ياكى خەت بېسىش ماشىنىسىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى. قولتا يازما قىلىپ ئارتۇق كۆچەرتكۈزۈشنىڭ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ۋاقىتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتىم، نېمە ئامال؟ مېنىڭ بۇ ئىدارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇمۇ ئۇنىڭ ئىنسابىغا باغلىقتە!

ئەتىسى بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىم ئاخىرقى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنىڭ كېرەكسىز قەغەزلەر تاشلىنىدىغان كونا قەغەز يەشىكتە تۇرغانلىقىنى، ئىدارە ئىشچىسىنىڭ ئۇنى ئەخلەت بىلەن قوشۇپ ھاجەتخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، كېرەكسىز قەغەزلەر بىلەن ھاجەتخانىغا تۆكۈلىۋاتقىنى قەغەز ئەمەس، مېنىڭ ئىشتىن سىرتقى ھاياتىم، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزۈمنى قۇدرەتتاپقۇزىدىغان، دەم ئالىدىغان قىممەتلىك ۋاقتىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، دەرد - ھەسرەتنىڭ پىغانلىق ئوتلىرىدا كۆيەتتىم. بۇ خىل ئىشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېتىۋەرگەندىن كېيىن، ئاخىرى باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كېتىشكە چى بولدۇم.

— بىلله ئىشلەيلى، - دېدى ھەسەن قارى بىر كۈنى مەن بىلەن «سىردىشىپ»، - ئىدارە باشلىقىمۇ قوشۇلمىدى. ناۋادا بايقىدەك قەتئىي يۆتكىلىپ كېتىمەن، دەپلا تۇرۇۋالسىڭىز، ئويلاپ كۆرسىڭىز بولىدۇ. ئادەم دېگەننىڭ بىر ئاۋغا ھاجەتچىشەي قالمايدۇ، ئۇ چاغدا قايسى يۈزىڭىز بىلەن

باشلىقلارنىڭ ئالدىغا كېلەلەيسىز؟

ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىدى، شۇڭا چوڭقۇر ئويلىنىشلاردىن كېيىن يەنە بۇ ئىدارىدا قېلىپ قالغانىدىم.

— «مەھمۇت مەشئەلى ئۆچمەس» — ئوقۇدى ئۇ مەن يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئورىگىنالدىكى شېئىرنىڭ ماۋزۇسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.— پاھ، راستىنلا پۈتتىمىكەنسىز، بىزنىڭ مەي شۈجىنى مۇشۇ باھانىدا تازا بىر ماختاپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ كۆزىگە بىر كۆرۈنەي دەپسىز-دە، قانداق تاپتىممۇ؟ بىز دېگەن بىلىپ تۇرىمىز. لېكىن-زە ئادىشىم، پەخەس بولۇڭ، قەلەم بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىشىش بەك ئاسان، مەنمۇ بىر چاغدا...

ئۇ مۇھىم بىر سىرنى ئېيتىشتىن قىزغىنىۋاتقان كىشىدەك تەمتىناس تۇرۇپ قېلىپ، زاڭلىق ئارىلاش كۈلۈشلىرىمگىمۇ دىققەت قىلمىدى.

— قېنى، قانداق ماختىدىڭىزكىن؟— ئۇ شېئىر ئۈستىدىكى ئورىگىنالنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىرىغىنىچە ئوقۇغىلى تۇردى.

— ۋاي بۇ يەردە قەشقەرى - قەشقەرى دەۋېرىپسىزغۇ! بۇ ناھىيىدە خۇددى سىز يوقتەك، مەن سىزگە ئېيتاي: مەي شۈجى قەشقەرلىك ئەمەس، بىزنىڭ ناھىيىدىن؛ سىلەر يازىدىغانلار ئۇنداق دېسەم ئادىشىم كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، مەنمۇ شۇسەپكە كىرىپ قالدىم، لېكىن-زە يالغان گەپ توقۇيسىلەر!

مەن بۇ ساۋاتسىزلارچە بىلجىرلاشلاردىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدىم.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسىز؟ شېئىردا دېيىلگىنى مەھمۇت يۈنۈس شۈجى ئەمەس، مەھمۇت قەشقەرى!

ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى بىلگەن چېغى، مايمۇننىڭ ساغرىسىدەك بىر خىل قىزىللىق ئۇنىڭ يۈزىگە تېپىپ چىقتى.

— ھاھ - ھاھ - ھاھ...

— ھەھ - ھەھ - ھەھ...

بىز تەڭلا كۈلۈشتۇق.

— چاقچاق قىلىپ قويسام-زە، راستىمىكىن دەپ قالدىڭىزما؟ مەھمۇت قەشقەرى دېگەننى بىزمۇ بىلىمىز. سىز بىز ئاغىنە ئادەم، مۇشۇنداق تاڭسىق - تاڭسىق چاقچاقلارنى قىلىشىپ تۇرمىساق قانداق بولىدۇ؟! مانا، كۈلدىڭىز، مېڭىڭىز ئارام ئالدى. ئەمدى خالىغانچە يازالايسىز. خىزمەتتىمۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىش، كېچىلىرى ئۇنى - بۇنى يېزىش ئاسان ئەمەس. ئادەم دېگەنچۇ ئاز - تولا ئارام ئالمىسىمۇ بولمايدۇ...

تۇۋا، ئۇنىڭ مېنى ماختاشقا قانداق ئاغزى باردىكىنە؟ مەنمۇ مۇنداق ماختاشلارنى تاما قىلىپمۇ كەتمەيمەن. ئۇ ئادەتتە ئىدارە باشلىقى ئالدىدىمۇ، باھالاش يىغىنلىرىدىمۇ، مەن ھەققىدە گەپ بولغانلىكى يەردە مېنى چۆكۈرەتتى. نەتىجىلىرىمنى كۆرمەسكە سالاتتى، بىراق بۈگۈن...

بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئۇنىڭ ئۆزى بەردى:

— بۇ شېئىرىڭىزنى بۈگۈن كەچكى يىغىندا ئوقۇيسىزغۇ دەيمەن؟

— مۇمكىن بولسا... — مەن مۇجمەل جاۋاب بەردىم.

— ھەي، ئىشنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا ما چاتاقنى كۆرمەپسىز؟ شەنبە كۈنىدىكى ئولتۇرۇشتا كەيپچىلىكتىنمۇ ئىشقىلىپ ئۆتكەنكى گېزىتتە بېسىلغان ماقالەم قانداقراق چىقىپتۇ، دەپ پۇسۇقىدا سوراپ سالماسىمۇ، قالدىم بالاغا، ھېلىقى سىزنى تونۇيدىغان يازغۇچىلار تۇشمۇ تۇشتىن ماخ-

ئىشىپ قەدەھ سۇنۇشتى ۋە «سىلىدە ئۈمىد زور، يازسىلا بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز» دېيىشتى. مەن نېمە دەيمەن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ كۆزى ئادەم تونۇيدىغان خەقكەن، مانا بۇنى ئەۋەتىپتۇ، تەكلىپ دەگا، تەكلىپ. شۇنچە خەقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نەرسە ئوقۇيدىغان گەپكەن...

ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدىكىن؟ بىلمىدىم، ئارىدەك ئۇزۇن قوللارنىڭ پۇلاڭلاۋاتقانلىقىنى، غارك - غۇرۇك ئاۋازىنىڭ بىردە پەسىيىپ، بىردە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، كۆكۈش كۆزلەرنىڭ ئىلتىجالىق نەزەر بىلەن ماڭا تىكىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدىم. «ئەچكۈگە جان قايغۇسى، قاسساپقا ياغ» دېگەندەك، كۆزۈم سائەت ستربلكىسىدا، خىيالىم ئۆز ھەلەكچىلىكى دېڭىزىدا غۇلاچ ئاتاتتى. شېئىرىمغا مەركەزلەشكەن پىكىرلىرىم توخۇ چوقىغان داندەك چېچىلىپ، بايىلا ئويلىغانلىرىم ئەتراپىمدا توزغاقتەك خىرە - شىرە ئۇچۇپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

ئۇ يانچۇقىدىن بىر دەپتەرنى چىقىرىپ ئالدىمغا قويدى.

— ئۆتكەندە سىزنىڭ تەسىرىڭىز بىلەن يېزىپ باققانىدىم. نورۇزغا بېغىشلاپ... سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

رايىم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن دەپتەرنى ئاچتىم، تېخى ھېلى يېزىلغان ئوخشايدۇ. ئىرماش - چىرماش ئالدىراپ يېزىلغان خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭدا نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈلسە بولىدىغانلىقىنى، بۇ بايرامنىڭ بەك قىزىقىدىغانلىقىنى، ئۇ ئارقىلىق تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشنى، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلغانىدى.

ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىكى مەسخىرىلىك ئالامەتلەرنى سەزدى بولغاي، قىزارغان ھالدا:

— ئەمدى قەلەممىزگىلا راق، قانداق قىلىمىز، سىز بولغاندىكىن... سىز دېگەن ئىچىڭىز دەريا ئادەمسىز، «قولۇڭ ياغلاشسا قوشناڭغا سۇۋا» دەپتىكەن، بىرلا ھەپىلەشسىڭىز توغرىلاپ قويۇسىز، — دېدى.

— سىز بۇنى چوڭ يىغىندا ئوقۇماقچىمۇ؟ ياخشىسى ئوقۇمىسىڭىز بولۇپتىكەن، ۋەزىپە بولمىغاندىكىن...

— ئۇغۇ شۇنداق! — ئۇ تىرىكتىمۇ قانداق، ئاۋازى غەلىتىلا چىقىپ كەتتى، — خەقلەر مېنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، ئىسمىمنى تىزىملىككە كىرگۈزۈپ بولغان تۇرسا... — ئۇ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ، سوقچاق بېشىنى سىلىكىدى، — مەيلى، مېنى چۈكۈرگىڭىز كەلگەن بولسا...

ئۇنىڭ چۆلدە ماشىنىدىن قېلىپ قالغان يولۇچىدەك ئارامسىزلىنىۋاتقانلىقى تاتارغان چىرايىدىن مانا مەن، دەپ چىقىپ تۇراتتى.

قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بىر تەرەپتىن ئىچىمدە ئۇنى مىڭنى قاغايتتىم. نېمە قىلىدۇ بۇ ئاداشمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئۆزىنى شۇنچە ئۇرۇپ؟ مەنمۇ تازا بىر ئەخمەق، ئالدىنقى قېتىمدا ئۆزى «نەسر» دەپ ئاتىۋالغان مۇشۇنداق بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كىرسە يامان ئەمەس يېزىپتۇ، ئۆزگەرتىپ بەرسەم بېرەي، دەپ ئۆزگەرتىپ قويۇپتىمەن. كېيىن ئاڭلىسام، مۇشۇ ئىشخانىغا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن يول مېڭىپ يۈرگەن بىر ئەدەبىي ھەۋەسكارنىڭ يېزىپ بەرگىنىكەن. ئاخىرى ئىدارە باشلىقى ئادىمىمىز تولۇق دەپ ئالمىغاندىكىن كېيىن، ئورۇنلىشالماي ھەسەن قارى ئۇستىدە كىشىلەرگە خېلى ئۇ-

زۇنغىچە سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈردى. مانا ئەمدى بالاغا مەن قالدىم. كۆڭلۈمدە بىر تۈرۈپ: تۇتە ئاداش بىر نېمەڭنى، كۆلەلمىگەن ھالىڭغا ھېچا يىمىسا كېچۈ، دېگۈم كېلىپ كەتتى. يەنە بىر تۈرۈپ ئويلىنىپ قالدىم: ئۇ باشلىقنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى، ئۇ مېنىڭدىن ئۆچ ئالماسمۇ؟ ئۆچ ئالغۇچىلار سەۋەنلىكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. خالىسا قىلىدەك سەۋەنلىكىڭنى پىلدەك قىلالايدۇ. سەن نەتىجە ياراتقانىدا كۆرمەسكە سالىغىنىنى بىلەن، بىر قەدەمنى ئاۋايلىماي بېسىپ قويساڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەسلىدە مەن خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدىم، لېكىن بۇ ئىشخانىدا ھەسەن قارىنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان، ئەگەر ئۇ تەتۈر تۈرۈپ چاقسىچۇ؟ بۇ ئۇنىڭ كونا ھۈنىرى.

— قانداق زادى بولامدىكەن؟ - ئۇنىڭ مەيۈسانە ئاۋاز بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى خىيال يىپلىرىمنى ئۈزۈۋەتتى، - ناۋادا بولمايدۇ دېسىڭىز ئىختىيارىڭىز...

— بولىدۇ، تۈزىتىپ قوياي.

كەچتە تۈزىتىلگەن، ياق، توغرىسىنى ئېيتقاندا، قايتا يېزىلىپ ئاقتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىنىمدا، يىغىن باشلىنىشقا يېرىم سائەتلا قالغانىدى. ھېلىقى شېئىرىمچۇ؟ ئۇ شۇ پېتى تۇراتتى. پىشمىغان نەرسىنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقىشنى خالىمىدىم، باشقا شېئىرلىرىمنى ئوقۇيمۇ دېدىم، لېكىن مەشق خاتىرىلىرىم ئۆيدە ئىدى. ئاخىرى يىغىن باشقۇرغۇچىدىن ئۆزرە سورىدىم.

يىغىندا ھەسەن قارىنىڭ «ئەسىرى» قانداق ئالقىشلاندى، كىملەر ئەسەر ئوقۇدى، بۇنى بىلمەيمەن. چۈنكى ھەسەن قارى بىر پارچە دوكلاتنىيە نە ئەتە سەھەرگىچە ئۆلگۈرتۈشۈمنى تاپىلاپ قويغانىدى.

باھالاش بولۇپ قالغانلىقتىنمۇ ھەسەن قارى ئىككى كۈنگىچە كۆرۈنمىدى. ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئىدارە باشلىقى مېنى ئۆز يېنىدىن چاقىرىۋېلىپ ئۇنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئالدىغا ۋېلىسىپىتلار قاتار تىزىلغان ھويلىنىڭ يېشىل سىردا سىرلانغان دەرۋازىسىنىڭ بىر قانىتى قىيا ئوچۇق تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ يۇمىلاق تۆمۈر ھالقىسىنى تاقىلداتتىم. ئۆيدە مېھمانلار قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن ئوخشايدۇ. گۇر-گۇر - مۇڭۇر گەپلەر ۋە كۈلكە گاھ ئاڭلىنىپ، گاھ پەسىيىپ قالاتتى. ھېچكىم چىقمىدى، ھويلىغا كىردىم، ياندىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئۆز ئىسمىمنىڭ ئاڭلىنىپ قېلىشى مېنى مېڭىشتىن چىپپىدە توختاتتى.

— ... لېكىن-زە، قارىسام، قاسىمجاننىڭ بۇ ئەسەرنى ئۇزقۇماك، دېيىشىدە بىر كۆرەلمەسلىك باردەك قىلىدى، - بۇ، ھەسەن قارىنىڭ ئاۋازى ئىدى، - شۇنىڭ بىلەن بۇنى «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك ھەر قايسىڭلارغا تەقدىم قىلدىم.

— مانا، بۇ دەل جايىدا ئىش بولدى. ئەسەرلىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇ كۆرەلمەس ئۆز كۆزى بىلەن بىر كۆرگەن بولسىدى... - بۇ كىمنىڭ ئاۋازىكىن، جەزملەشتۈرەلمىدىم. يەرلىك گېزىتتە ئانچە - مۇنچە بىر نەرسە ئېلان قىلىپ قويۇدىغان بىرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاتقاندەكمۇ قىلدىم، - قۇيرۇقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇنى يوغان سۆزلەتكەن ئۇنىڭ ئەشۇ خىزمەت ئورنى ئەمەسمۇ؟

— ئەمدى يوغان سۆزلىمەيدۇ، - بۇ

Altunoq

ھەسەن قارىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — بىز ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەم ئەكىلىشنى ئويلىشىۋاتىمىز...

ھەسەن قارىنىڭ ئاخىرقى سۆزى يىغىن ئەھلىگە بىر دىلگەن كوماندىدەك كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇردى بولغاي، تۇشمۇ تۇشتىن مېنى سۆكۈش، ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش مۇسابىقىسى باشلىنىپ كەتتى. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھەسەن قارىغا ياخشى كۆرۈنۈش، مۇشۇ مەن ئولتۇرغان ئورۇندۇققا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغاندەك قىلاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلار ھەسەن قارىنى ئەڭ تالانتلىق، ئەڭ ئەخلاقلىق ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ شان - شەرىپى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، مېنى ئەڭ يارىماس، ھاراقكەش، ئىقتىدارسىزلار قاتارىغا ئىتتىرىپ قويۇشتى.

تاماكا قۇتامنى ئېلىۋېدىم، تاماكام تۈگەپ قاپتۇ، قولۇمدىكى تاماكا قەغىزىنى مىجىپ تاشلىدىم. ۋۇجۇدۇم غەزەپتىن تىترەيتتى. توۋا، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىكى ماڭا ياللۇۋۇرغان ھەسەن قارى شۇمىدۇ؟ قۇلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدا ئادەمنىڭ مايمۇندىن ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلىم جەھەتتىن قوبۇل قىلغان بولسامۇ، ئاڭ جەھەتتىن قوبۇل قىلغۇدەك بولالمىغانىدىم. ئادەم دېگەن راستلا مايمۇننىڭ ئەۋلادىمىدۇ؟ نېمىدېگەن ئوخشاشلىق - ھە!

سائەتكە قارىۋىدىم، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. غەيۋەتخور ئالا - جوقا مەسلەرنىڭ پاچاق غاجاشلىرىغا قاراپ تۇرۇۋەرگىلى بولمايتتى، ئاخىرى ئۆيگە كىردىم.

تالانىڭ يورۇق بولۇشىغا قارىماي يېقىۋېتىلگەن پانۇس شەكىللىك لامپىنىڭ ئاستىدىكى يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان سورۇن ئەھلى مېنى كۆرۈپ تىمتاس بولۇپ قېلىشتى.

— ۋوي، ئادىشىم سىزمۇ كەلدىڭىزمۇ؟

قېنى - قېنى، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ھەسەن قارى قولىدىكى مىس چەينەكنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، — تېخى ھازىرلا سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق، ئوبدان ۋاقتىدا كەپسىز، «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دېگەنىدەك.

— «يامان مېھمان غەيۋەت ئۈستىگە» دېگەندەك، — ئۆزۈمنى تۇتالماي ئېيتقان بۇ سۆزۈم بىر خىل سۈنئىي كۈلكە پەيدا قىلدى ۋە جىمجىتلىق تېزلا ئەسلىگە كەلدى.

— قېنى ساقى، قاسىمجانغا بېلىق كۆزى قىلىپ قويۇۋېتىڭگا! قېنى، كۆپچىلىك باققاچ ئولتۇرۇڭلار.

مەن ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىۋېدىم، ئۇلارمۇ ئانچە زورلاپ كەتمىدى. مەن كېلىش مەقسىتىمنى ھەسەن قارىغا ئېيتتىم.

— ئاپلا، ئۆيدە يوقكەن دەپ قويسىڭىزمۇ بولۇۋېتىكەن.

— ياق بولمايدۇ، ئۆزلىرىنى يەنە ئاۋارە قىلمايلى.

ئۆيدىن دەلدۈگۈنۈپ چىققان مەسلەر، تايتاڭلىغىنىچە ۋېلسىپىتلىرىگە ئېسىلىشقا ئاران ئۈلگۈرۈشتى.

ھەسەن قارى بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتىمىز، ئۇ ۋېلسىپىت رولىدىن قولىنى بوشىتىپ، شىمىنىڭ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ يۈزلىرىنى سۈرتتى.

راست، ئۇ تەرلىگەنىدى. ئىككى كۈندىن بۇيانقى ئۆزىگە ئوقۇلغان مەدھىيە، ھەمدۇسانالار ئۇنى ھاياجاننىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقارغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ، ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەنگەن نومۇسسىز تىلەمچىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ باققانمىدۇ؟

مەن بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە شۇنداق خىتاب قىلىمەن: چاپىنىڭلارنى بۇنداق كىشىلەرگە بېرىپ تۇرماڭلار، تەرلىنىۋالغاندىن كېيىن سىلەرنى يالىڭاچلاپ قويىدۇ!

**ئابلىمىت باتۇر**

# تۈزۈپ كەتكەن دەسمايە




(فېلىيە تۇن)

كىشى ئۆزىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنى مەيـ
لى ياخشى قىلسۇن، مەيلى يامان قىلسۇن، ئىش قىلىپ بىرەر پۇرسەت ئۇنىڭغا تېـ
پىلماي قالمايدىكەن.

زوھۇردىن باي يۈز يۈەنلىك پۇل چىققانـ
دىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىرنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئۇششاق ـ چۈششەك سودا ـ سېتىقـ
قا دەسمايە قىلىپ يۈرگىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى. ئۇ، بۇ پۇلنى ئۇششاق بالىلىرى ئۇـ
چۈن كەمپىت، پېچىنە ئېلىشتىن تارتىپ، بىر قاپ سەرەڭگە، بىر تال شام، ھەتتا بىـر سىقىم گازىر، بىر تىلىم قوغۇن سېتىۋالـ
غانلارغا قەدەر ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: ئۇ بەشـ
ئالتە ياش بالىلىرىدىن بىرـ ئىككىسىنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كوچىغا چىقىدۇ ـ دە، بىرـ ئىككى موچەنلىك پېچىنە ياكى كەمـ
پىت ئېلىپ، بالىلىرىغا تۇتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىـن يۈز يۈەنلـىك ھېلىقى پۇلنى دۇـ
كانچىغا ئۇزىتىدۇ. دۇكانچى بۇ پۇلـنى كۆرۈپلا بېشى قاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا پۇل ياندۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتسە، نۇرغۇن پۇلغا قىلىنىدىغان تىجارەت توختاپ قالىدۇ. شۇڭا:

ـــ بولدى كېتىۋېرىڭ، يەنە بىر قېتىمـ
دا ھېسابلىۋېتەرمىز، ـ دېيىشكە مەجبۇر بوـ
لىدۇ.

زوھۇردىن باي مانا شۇ تەرىقىدە بىرنەچـ
چە ئاي «سودا» قىلدى. كونىلاردا «ئۆرـ
دەك گۆشى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول» دېگەن تەمسىل بار ئەمەسمۇ؟ ئۇمۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆز ئىشىنى تېخىمۇ پۇختىلاشقا بەل باغلىدى. ھازىر ئۇ، كەمپىت، پېچىنىـ
لەرنى ئاۋۋال بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ، بىرـ ئىككى چايناتقۇزۇۋېتىپ، سەرەڭگە ئالـ
سا بىرـ ئىككى تالنى ياندۇرۇپ بېقىپ، شام ئالغاندا، پىلىكىنى كۆيدۈرۈپ قارا قىلىۋېتىپ، ئاندىن ھېلىقى چوڭ پۇلنى تەڭـ
لەيدىغان بولدى. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا مال قايتۇرۇلمايتتى. يەنىلا پىرىكازچىك «خەير، بوپتۇ، يەنە بىر قېتىمدا» دېيىشكە مەجبۇر بولاتتى.

زوھۇردىن باي يەنە بىر دۇكانغا بىر ھەپـ
تە ياكى بىر ئايدا بىر قېتىم كىرگەندە،

ئۇنىڭغا يىسىزلانمايدىغانلىقىنى، مال ئېلىۋاتقان پەيتتە، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشىنىڭ زىيانلىق ئەمەسلىكىنىمۇ ھېس قىلىپ قالدى. شۇڭا پۈتۈن شەھەر بويىچە يول، كوچا ئايرىمىسى بىلەن بارلىق چەرچەن مالدۇكانلىرىنى قويۇن دەپتىرىگە رەتلىك خاتىرىلىۋالدى. قايسى دۇكانغا كىرسە، شۇنىڭ ئۇدۇلىغا، شۇ كۈننىڭ چېسلاسىنى قەلەمنىڭ ئۇچى بىلەن جىجىپ قويىدىغان، مۇشۇلارغا قاراپ، بىر كۈنلۈك سودا-سېتىق پائالىيىتىنى خەتەرسىز ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدى. تەجرىبە - ساۋاقلار ئۇنىڭغا ئەمەلىي - پاراسەت بەخش ئەتمەكتە. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق پوزىتسىيىسى ناچارلىشىۋاتقان پىرىكازچىكلارغا ئۇدۇل بولماي، ئۇنىڭ ئورنىنى خەنزۇ پىرىكازچىكلار بىلەن تولۇقلاشنى قارار قىلدى. دېگەندەك بۇ ئىشمۇ ئەپلىشىپ قالدى. خەنزۇچە «بۇخۇيىسى» (خېجىل بولۇۋاتىمەن) ۋە «شى - شى نى» (رەھمەت سىزگە) دېگەندەك سۆزلەرنى باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋالدى. بۇ سۆزلەر گويا ئۇنىڭغا تومۇ دورىسىدەك پايدا قىلىشقا باشلىدى. كوچا ئاپتوبۇسى، پېۋاخانا، ھاراقخانا، مۇز نوكچا بوتكىسى، ھەتتا ساتىراچخانىلاردىنمۇ ئۇ مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن «قانىتىغا قان تەككۈزمەي» چىقىپ كېتىدىغان بولدى.

مېنىڭچە، ئىنسان يامان نىيەت بىلەن باسقان بىرىنچى قەدىمىدىلا، شەرمەندە بولۇپ كەتكىنى تۈزۈك ئىكەن. بولمىسا ئەسەبىيلىشىپ، ۋەھشىيلىشىپ ۋە ياۋايىلىشىپ، دەسسىگەنلا يېرىنى پاسكىنا قىلىپ ماڭىدىكەن. مانا زوھۇرىدىن باينىڭ «ئالدامچى» دېگەن سېسىق - نامى ھازىر كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىك سۆزلىرىدە، مازاق كۈلكىلىرىدە ۋە نەپرەتلىك قاراشلىرىدا ئايان بولماقتا. لېكىن ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنىلا قويۇن دەپتىرىگە ئانچە - مۇنچە قاراپ قويۇپ، ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

تۇۋا دېگۈلۈك، كونىلار: «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقانىكەن. بۈگۈن شاماللىق ئەتىيازكۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. زوھۇرىدىن باي ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ كوچىغا چىقتى.

يۈز - كۆزىگە ئۇرۇلىۋاتقان توپا، ئەخلەتلەرنىڭ دەستىدىن ئۇ، كوچىدا ئاران ماڭاتتى. ئاخىرى بولالماي بىر دۇكاننىڭ ئۈستىلا كىرىپ قالدى. قويۇن دەپتىرىگە قاراپ بېقىش يادىغا كەلمىگەن بولسا كېرەك، ھايال ئۆتكۈزمەستىن ئىككى موچەنلىك پېچىنە ئالدى - دە، بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، پىرىكازچىك ئايالغا ھېلىقى پۈتۈن پۇلنى ئۇزاتتى. نەمە ئۈچۈنكى، بۈگۈن بۇ پۈتۈن پۇل پىرىكازچىكنىڭ قولىغا ئۈن - تىنسىزلا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئايال باشقا كەسپداشلىرىغا ئوخشاش زوھۇرىدىن بايغا تالاي قېتىم ئالدانغان. قىسقىسى، «خەپ» دەپ تۇرغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. شۇڭا پۇل تارتىمىسىنى يۇلۇپلا ئالدى - دە، زوھۇرىدىن باينىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى ۋە بىپەرۋالىق بىلەن:

— مانا پۇللارنى سانىۋېلىڭ، قانچىلىك كەلمىسە تولۇقلاپ بېرىمەن، — دەپ قويۇپ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. تارتىمىدا نېرىسى ئەللىك پۇڭ، بېرىسى بىر پۇڭ، ئىككى پۇڭلۇق پۇللار پەۋەس ئىدى. بىر يۈەن ئىككى يۈەنلىكلىرى ئانچە - مۇنچە كۆزگە چېلىقاتتى.

— كەچۈرۈڭ سىڭلىم، بۇ پۇللارنى قانداقمۇ ساناپ بولارمەن، سىلى بىز مۇشۇ شەھەردە بار ئادەملەرغۇ، كېيىنچە…

— بولمايدۇ، ئەگەر ئۈزىمىسەڭىز ئىچە-
ىملەرنى قايتۇرۇڭ!

زوھۇردىن باي بالىلىرىغا قارىدى، ئۇ-
لارنىڭ تىلى بىلەن ئاغزىنىڭچۆرىسىنى يا-
لىشۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ئىتنىڭ بالىلىرى،— دېدى ئۇ ۋىچىر-
لاپ، — سەن ئىچمەلەرمۇ دېگەنىدىن ئارتۇق
«ئاچ ئەرۋاھ» بولۇشۇپ كەتتىڭ.

زوھۇردىن باي زىيان تارتىپ قېلىشتىن
ئەنسىرەپ يانچۇقىغا ئۇششاق پۇلنىمۇسا ل-
ما يتتى. ئۇ ئىككى موچەن ئۆتنە سوراش ئۇ-
چۇن ئەترابىغا قارىدى. لېكىن بىرمۇ تو-
نۇش تېپىلمىدى. ھازىر نېمە ئىلاج! ئۇ ئە-
ىدى توقسان توققۇز يۈەن سەكسەن فۇڭنى
بىرمۇ بىر ساناپ ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.
تارتىمنى ئىشىككە يېقىن، يوروقراق يەر-
گە ئەكەلدى - دە، تىترەپ تۇرغان ئورۇق
قوللىرى بىلەن ئۇششاق پۇللارنى قىممەت
رېتى بويىچە ساناپ، ساناپ بولغانلىرىنى
چىمدىپ، قاتلاپ بىر تەرەپتە قويۇشقا باشـ
لىدى. ئىككى بالىچۇ؟ ئۇلار ئۆزەلدىن بىردۇ-
كانداكى، ئۆچ مىنۇت ئىچىدە ئوشۇق تۇرما يدى-
غان ئادەتكە كۆنۈپ قېلىشقان. شۇڭا ئىچى ئى-
ىتىلدىشىپ دادىسىنى خاپا قىلغىلى تۇردى.
دادىسى بولسا، ئارقىسىدا غىڭشىپ تۇرغان
بالىلىرىنى ئانچە - مۇنچە جېنىكلەپ قو-
يۇپ، پۇتۇن زېھنى بىلەن پۇل ساناتتى؛
ھەر بىر قاتلاقتا بىر - ئىككىدىن ئوشۇق
پۇل قىستۇراتتى. ئۇ شۇنچە ۋاقىت ھېچـ-
كىمگە تۇتۇق بەرمەي كېلىپ بۈگۈن بىر ئا-
يال ئالدىدا مات بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭ
ئوغىسىنى قايناتۋاتاتتى. ئىككى چېكىسى-
دىن ئېقىۋاتقان قارا تەر چەيزى بۇرۇن،
ئۇزۇن ئىڭەكلىك ئورۇق يۈزىنى يۇيۇپ، تارتـ-
ىمدىكى پۇللارنى نەمدەۋاتاتتى. بالىلارنىڭ
ئاچچىقى دادىسىنىڭكىدىن يامان ئوخشايد-
دۇ. «گېپ ئاڭلىمىغان» دادىسىنىڭ ئىككى-
جېنىكىنى تەڭلا سىلكىشلىۋېدى، تارتما يەر-
گە سىيرىلىپ چۈشتى. ئىشىكتىن دولقۇنسىمان
ئۇرۇلۋاتقان شامال بۇ پۇللارنى خۇددى
ھۇركىگەن قۇچقاچلاردەك ھەر تەرەپكە ئۇچـ-
چۇرۇپ كەتتى. زوھۇردىن باي ئۆزىنى ئوڭـ-
شاپ بولغىچە، ئۇنىڭ ئالدىدا قولىدىكى بىر
تۇتام ئۇششاق پۇلدىن باشقا ھېچنېمە قال-
مىغانىدى. بۇ پۇللار كوچىنىڭ ئۇقاسىدا،
دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا، قەۋەتلىك بىنا-
لارنىڭ ئۆگزىلىرىدە ئەركىن پەرۋاز قىلـ-
ماقتا. زوھۇردىن باي كالىدەك ھۆكىرەپ كەت-
تى. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا تەسەللى بەر-
مىدى. پېرىكازچىك ئايال بولسا ئۆز ئىشى
بىلەن بەنت ... قىسقىسى، ئۇنىڭ قازىنى
بۇگۈن رەسمىي تېشىلگەنىدى.

(بېشى 97 - بەتتە)

(بېشى 97 - بەتتە)

مەن بۇرۇنقى ئادىتىمدىن خىجىل بولۇپ،
ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدىغان-
لىقىمنى ئېيتقىنىمدا، دىلمۇراتمۇ باشقا
ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنىمايدۇ.

«توھۇزغا» نىڭ يامان ئادەتلىرى مەن-
دە يوقالدى، ئەمما مېنىڭ ئىككى ئوكام
بار. مەن ھازىر ئۇلارغا مادارىمنىڭ يېتى-
شىچە، «توھۇزغا» بولۇپ قالماسلىق ھەق-
قىدە پات-پات نەسىھەت قىلماقتىمەن...

ئابلىمىت قۇربان (ساباھى)

# مەسەل ۋە ساتىرالار

## يولۋاس شاھ بىلەن تۈلكە ۋەزىر

زامانلاردىن زامانلارنىڭ ئەۋۋىلىدە،
تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىدە؛
بولغانىكەن چەكسىز كەتكەن بىر جاڭگاللىق،
ئىچى ئۇنىڭ بۈك-باراقسان، چىغ-چاتقاللىق.
ياشايدىكەن ئۇندا ھەر خىل ھايۋاناتلار،
يولۋاس، ئېيىق، تۈلكە، كېيىك... ياۋائاتلار.
بۇ دىيارنىڭ شاھەنشاھى ئىكەن يولۋاس،
ھۆكمى شۇنچە ئىتتىك ئىكەن، ئەييۇھەنناس.
ئوردا ئىچرە كېيىك ئاغا ئىكەن ۋەزىر،
ھەققانىيەت - مەيدانىدا گويا خىزىر.
پەسلى تومۇز ئايلىرىنىڭ مەلۇم كۈنى،
قوياش قىزىدىپ بوپتۇ گويا ئوت يالقۇنى.
پىژ-پىژ ئىسسىق، پىشار ئىكەن تاشتا كاۋاپ،
ئاقار ئىكەن جانلىقلاردىن تەر چىپىلداپ.
بىراق، يولۋاس شۇ چاغ سۆھبەت-مەجلىس قۇرۇپ،
تەخت ئۈستىدە چىپ - چىپ تەرگە چۆمۈلۈپ تۇرۇپ؛
دەپتۇ: «توڭدۇم، بولدى ئەجەب قاتتىق سوغۇق،
ئۆي ئىسسىسۇن، يېقىڭلار ئوت كۆيسۇن ئۇلۇغ!»
بۇ پەرماندىن جاڭگال ئەھلى قاپتۇ ھەيران،
كېيىك ۋەزىر دەپتۇ يولۋاس شاھقا شۇئان:
«ئۇلۇغ شاھىم، چۈشەنمىدۇق سۆزلىرىنى،
مۇنچاق-مۇنچاق تەر قاپلاپتۇ يۈزلىرىنى.
تونۇر تەپتى دالا-تۈزمۇ، جاھان تىنتاس،
بۇ ئىسسىقتا ھېچ مەۋجۇدات چىداپ بولماس؛
شۇنداق ئىكەن، ئوردىمىزغا ئوت نېمە ھاجەت،
بۇ سۆزۈمگە قايىل شۇدەم ئەل-جامائەت».
گەپتىن توختاپ تۇرسا كېيىك ئەدەب بىلەن،
ھۆرپىيىپتۇ يولۋاس قەھرى-غەزەپ بىلەن.
دەپتۇ: «ئەبلەخ، ئېيتقانلىرىڭ ئەمەس يوللۇق،
بىلدۈرۈشنىڭ لازىم ئەمدى ماڭا قوللۇق.
ئەپسۇس، كۆزگە ئىلمىدىڭ سەن بۇيرۇقۇمنى،
تۇتۇۋالدىم مانا ئەمدى قۇيرۇقۇڭنى.
بۈگۈندىن سوڭ ئوردىغا سەن لازىم ئەمەس،
پەرمانىم شۇ: «چىق بۇ يەردىن چىق بولدى، بەس!!»
شۇ سۆز بىلەن قاپتۇ كېيىك ۋەزىرلىكتىن،
ھەيران بوپتۇ ئەل بۇ قىسمەت، رەزىللىكتىن.
بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۈلكە ھارامزادە،
قىپتۇ ئىجاد ئۆزگىچە بىر يېڭى پەدە.
باش ئۇرۇپتۇ يولۋاس شاھقا ئەيلەپ تازىم،
دەپتۇ سۆزلەپ: «ئەي كەرەملىك ئۇلۇغ شاھىم.
گەپلىرى راست، قاپلاندى قار - مۇزغا دالا،
ئىسسىنسىلا، ئوتنى ياقاي مەن ھازىرلا!»
تۈلكىۋايدىن يولۋاس بەكمۇ سۆيۈنۈپتۇ،
(كېيىكتىن ئۇ بەك ئىشەنچلىك تۇيۇلۇپتۇ).
تۈلكە شۇئان بوپتۇ شاھقا ئوڭ قول ۋەزىر،
نېسىپ بوپتۇ ئاڭا كاتتا ئالتۇن قەسىر.

× ×

كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ يورغىلىشىپ،
تۈلكە قالتىس بولۇپ كېتىپتۇ بىر يىل توشۇپ.
سەمرىدىپ قورساق ساپتۇ، تۈكى پارقىراپتۇ،

قولىنى شىلتىپ چوڭ - كىچىككە ۋارقىراپتۇ.
يېتىملەپتۇ ئۇقتا سېلىپ شاھ بۇرنىدىن،
كۆڭلى قاپتۇ ۋەزىرلىكتىن — ئۆز ئورنىدىن.
كەپتۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇنداق شۇملۇق:
«يۇرتقا ئۆزۈم شاھ بولىمەن ئەمدى يوللۇق!»
تۈلكە ئەشۇ مەقسىتىگە يەتمەك ئۈچۈن؛
شاھىنشاھ بوپ كۆڭلىنى شاد ئەتمەك ئۈچۈن؛
كېچە - كۈندۈز ئويلاپ چارە، ھىيلە - مىكىر،
بوپتۇ پەيدا كاللىسىدا مۇنداق پىكىر:
«ماختاپ-ماختاپ مەن ئۇچۇراي شاھنى كۆككە،
تۈيدۇرماستىن چىگدە سالاي تاجىغا — بۆككە!»
شۇنىڭدىن باشلاپ تۈلكە ئۆزگە يول تۇتۇپتۇ،
يولۋاس شاھقا كۈندە دەستە گۈل تۇتۇپتۇ.
ياغدۇرۇپتۇ شاھقا تىلىدىن شېرىنە - شېكەر،
ساقلاپ يۇرۇپ قوينىدا ئۇ ئوغا - زەھەر.
دەپتۇ: «شاھىم، جاھاندا يوق تەڭداشلىرى،
يەتتە ئىقلىم ئۆزلىرىنىڭ قولداشلىرى.
ھەزرەتلىرى بولمىسىلا چىقمايدۇ كۈن،
زۇلمەت بېسىپ يەر-زېمىننى قاپلايدۇ تۈن...»
ماختاشلاردىن يولۋاس چەكسىز بوپتۇ مەمنۇن،
قىپتۇ بىمخوت شاھنى شۇنداق تۈلكە مەلئۇن.
قاپتۇ قىشنىڭ بىر ئاخشىمى ئوردا خىلۋەت،
كەپتۇ ئاخىر تۈلكە كۈتكەن ياخشى پۇرسەت.
يولۋاس، تۈلكە ئىچىشىپتۇ كۆپ مەي-شاراب،
(قۇۋ تۈلكە ساق، بوپتۇ شاھنىڭ ھالى خاراب).
شۇ ئەسنادا تۈلكە قولغا قەدەھ ئېلىپ،
شاراب قۇيۇپ، ئاندىن ئوغا - زەھەر سېلىپ؛
بىھوش ياتقان يولۋاس شاھقا ئىچكۈزۈپتۇ،
قەترە زايا قىلماي گالدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.
پاجىئەدە شاھنىڭ رەڭگى بولۇپ سامان،
ھايالسىزلا ئۇ دۇنياغا بوپتۇ راۋان...
جاڭگال ئەھلى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ،
تۈشمۇتۈشتىن ئوردا تامان كەپتۇ يېتىپ.
دەپتۇ ئۇلار: شاھ ھاماقەت بولسا ھامان،
يولۋاس ئوخشاش تەقدىرى شۇ، قالماس ئامان!

## ئىت غاجىماس قۇرۇق سۆڭەكنى

كىمنى كۆرسەڭ دەيسەن ماختىنىپ:
«ئەۋلادى مەن ئەۋلىيا - باينىڭ.
مەنسۇپ ئىدى ئەجدادلىرىمغا،
نۇر - جۇلاسى ھەتتا كى ئاينىڭ...»
مەسخىرىلىك كۈلسە ئەل - ئاۋام،
بىزار بولۇپ لاۋزا گېپىڭدىن؛
ئۇيالمايسەن، ئاھانەت - ئىززا —
جاندىن ئەمەس، ئۆتەر يېنىڭدىن.
ئۆتەر كۈنۈڭ - ۋاقتىڭ مەنىسىز،
ئىش - ئوقەتسىز بىكار لاغايلاپ.
باقسام، سۇدىن چىققان مۈشۈككە —
ئوخشاپ قاپتۇ تەلەتىڭ شۇتاپ.
نەسىھەتىم: تۆككىن ھالال تەر،
تاپ ئەجرىڭدىن ئىززەت - ھۆرمەتنى.
تۇت ئېسىڭدە، بۇ بىر ھەقىقەت:
«ئىت غاجىماس قۇرۇق سۆڭەكنى!»

## بولامدۇ پەرزەنتكە تەربىيە شۇنداق؟

ئوتقاشتەك بېزەلگەن مېھمانخانا — ئۆي،
قويۇلغان تامغا چوڭ ئەينەكلىك ئىشكاپ.
جۇلالىق - پارقىراق ئەينەكنىڭ ئالدىدا،
ئاجايىپ مەنزىرە نامايان شۇتاپ:
تۇتۇنغان پەردازغا — گىرىمگە ئانا،
يېنىدا پەرزەنت — قىز (ئون ئۈچ ياش بالا).
ئانىنىڭ قولىدا سۈرمە ۋە ئەڭلىك،
قىزىل كالپۇك بويايدۇ، يوق قىلچە ھايا.
قېلىشار گاھ ئۇلار ئەينەك تالىشىپ،
ئىتتىرىپ ئۆز ئارا تەتۈر قارىشىپ.
مەسخىرە كۈلكىدە كەنجى جۈپ ئوغۇل،
بەس - بەستە باش تىقىپ ئۆيگە مارىشىپ...
توۋا دەپ ياقامنى قالدىم مەن تۇتۇپ،
ئويلىدىم: «ئانىمۇ بولامدۇ شۇنداق؟
ئاغزىدىن سۈت تەمى كەتمىگەن قىزغا،
تەربىيە - پەملەش بولامدۇ شۇنداق؟!»

ئوسمانجان مۇھەممەت

## سوپىنىڭ جاۋابى

( مەسەل )

تىزىلغاندا قوغۇنلار رەتكە،
بىر سوپىما تەڭ كىرىپتۇ سەپكە.
لېكىن چىداپ تۇرالماي قوغۇن،
دەپتۇ كايىپ، چىقىپ بىر چەتكە:

— كىرمەك بولدۇڭ قېتىمىزغا سەن،
ئۆزۈڭ سوپىما تۇرۇپ قانداقچە؟
ئارىمىزدىن ئالالمايسەن جاي،
يالۋۇرساڭمۇ ئەگەر ھەر قانچە.

پىچەك قىلماي بىزنىڭ قاتارنى،
يوقال، چىقىپ كېتىپ قال تېزراق!
سېنىڭ بۇنداق يەرگە كىرىشكە،
تېخى بالدۇر، ھايال بار ئازراق.

— ساڭا ئوخشاش مەنمۇ بىر قوغۇن!—
دەپتۇ سوپىما، جاراڭلىق سۆزلەپ.
چۈنكى بىردۇر پىلەك - بېغىمىز،
مېڭىش كېرەك ئىزىڭنى كۆزلەپ.

شۇچاغ قالار ئەبىدىلئەبەد،
بىر پىلەكتىن چىققان نامىمىز.
قېرىلارنىڭ ئىزىنى ياشلار—
بېسىش — بىزنىڭ ئورتاق غايىمىز.

شۇڭا قوغۇن ئاكا رەنجىمەي،
قوشۇۋېلىڭ مېنىمۇ سەپكە.
سىزدىن ئۆرنەك ئېلىپ ھەر قاچان،
ئۈلۈش قوشاي ئەل ئۈچۈن نەپكە.

× ×

قوغۇن شۇدەم جىم بولۇپ قاپتۇ،
ئۆز نەسلىنى يېنىغا ئاپتۇ.

ئەنۋەرجان مەتنىياز

## شېئىرلار

### يار تۇتمايلى شەيتان ئازدۇرسا

( بىر شائىرغا )

سۆيگۈ ئۇلۇغ، سۆيگۈ مۇقەددەس،
مەنىسىزدۇر سۆيگۈسىز ھايات.
ئۇلۇغلىساق سۆيگۈنى ئەگەر،
سۆيگۈ بىلەن تۇرمۇش باياشاد.

يار تۇتمايلى شەيتان ئازدۇرسا،
سۆيگۈ— قۇياش، سۆيگۈ— بەخت-قۇت.
ئارىلاشمىسۇن سۆيگۈگە شەيتان،
گۇم قىلمايلى ئاڭا چېچىپ ئوت.

### ئىت

نان تەڭلىسەڭ قاۋايمەن،
كالتەك بەرسەڭ يالايمەن.

### ئېھتىمالىق

ئېيتىپ باقسام ھېسلىرىمنى قۇچاقلاپ،
كۆز قاماشقان ئاشۇ رەڭدار ئۇپۇققا.
ئاڭا سىغماي يولۇنارمۇ ( بىلمىدىم )،
ئەڭ سوغۇقچاي—جەنۇبىي شار قۇتۇپقا...

سەلەي قاسىم

# ئىسمىم ۋەجىدىن

( ھېكايە )

« ئانام ئايدەك، دادام كۈندەك،
مېنى باقىدۇ قىزىل گۈلدەك.
گۈل ئارىلاپ، نۇر ئارىلاپ،
كۈلۈپ ئۆتىمەن بۇلبۇلدەك.

دادام باغرى گويا ئالتۇن،
ئانام باغرى قىزىق يالقۇن.
قۇياشلىق ھۆر زامانىم بار،
ماڭا تەگمەس بوران - چاپقۇن »

سەيدىخان تىللىق چىققاندىن بېرى ئەنە شۇ ناخشىنى ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدۇ. ئۆزى شوخ، ئوماق، ئۆيىنىڭ گۈلى، مەھەللىنىڭ بۇلبۇلى، قارىسا كىشىنىڭ مەسلىكى كېلىدۇ، كۈلۈپلا تۇرىدۇ، بىرسى ئىشقا بۇيرىسا ۋىلىققىنا بىرنى كۈلۈپ، ئېگىكىنى لىڭشىتىپ « ماقۇل » دەپ قالغاچتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ، دېگەن ئىشنى بىجا كەلتۈرمەي قويمايدۇ، دائىم تەرىپىنى قىلىمىز. ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.

ھاياتقۇ ئەسلىدە ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا ئوخشايدۇ. ھېلى ئېچىلسا، ھېلى تۇتۇلۇپ. ھېلى يىغلىسا، ھېلى كۈلۈپ ...

سەيدىخاننىڭ بۈگۈنكى كۈنىمۇ شۇنداق بولدى. بەخت ئۆستەڭىنىڭ بويىدا دوستلىرى بىلەن ئەشمە قومىنى سۇنىڭ تېگىدىن ئېلىپ چىم - چىم ئېيتىپ ئويناۋاتقاندا قاراڭغۇلۇق تېغىنىڭ ئۈستى - تېلەتنى بۇزدى. قارا بۇلۇت، قاپقارا قانىتىنى كەڭ يېيىپ قەشقەر ئاسمىنىنى كۆزلەپ كېلىشكە باشلىدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە قاپقارا تۇتەك كەلدى. ئارقىدىنلا قاتتىق بوران كېلىپ، يامغۇرنى باشلاپ كەلدى. چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، پۈتۈن جاھان سۈچىلىققا ئايلاندى.

سەيدىخان ئۆيگە قامىلىپ ئولتۇرغىنى خېلى بولدى. دادىسى بىلەن ئانىسى ئىشتىن كەلگىنى يوق. « قاردا پولو، يامغۇردا شورپا، بوراندا ئۇيقۇ » دەپ ئانىسى سالغان شورپىغا سىڭىپ پىشقان ناندىن ئاز - ئازدىن چىلاپ تەرلەپ تۇرۇپ ئىچىشىپ، سوۋۇپ تىنىۋغا كەلگەن گۆشنى ياغاقلانغان چامغۇر بىلەن سەۋزىنى مەززە قىلىپ يېيىشىپ ھوزۇرلىنىشتى.

سەيدىخان دېرىزىدىن ئۇششاق قۇم تاسقىغاندەك چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا قاراپ خىيالغا كەتتى. ئۇ ئاق يېغىننى ياخشى كۆرەتتى. ئاق يېغىن ئۇزاق داۋاملىشىدۇ، پۈتۈن كائىناتنى يۇيۇپ پاكلايدۇ.

ئاق يېغىن ھەققىدە ئۆتكەن يىلى يازدا



بوۋىسىنىڭ ئېيتقىنى ئېسىگە كەلدى . شۇ كۈنىمۇ مانا مۇشۇ بۈگۈنكىدەك ئاق يېغىن بولۇۋاتاتتى .

— يادىچى كەلگەن ئوخشايدۇ ، - دېدى بوۋىسى ( دادىسىنىڭ دادىسى ) يىراقتا غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان تاغقا قاراپ.

سەيدىخان قىزىقسىندى:

— يادىچى دېگەن نېمە بوۋا؟

— يادا تېشى بار ئادەم ، يادا تېشى بار ئادەمنى يادىچى دەيدۇ . يادىچى تاغ ئۈڭكۈرىگە ، دەرەخنىڭ كاۋىكىغا ، يا پۇچۇق گۈمبەز ۋە ياكى شام گۆرگە كىرىۋېلىپ سۈرە يادىسىنى ئوقۇپ يادا تېشى ئېتىپ تۇتۇپ ئويىنىسا بوران چىقىپ ، بۇلۇت كېلىپ يامغۇر ياغىدۇ . قانچە تېز ئېتىپ ، تېز تۇتسا يامغۇر شۇنچە كۆپ ياغىدۇ ، قاچانىكى ئېتىپ تۇتۇپ ئوينىسا شۇ ۋاقىتقىچە ياغىدۇ .

سەيدىخان بوۋىسىنىڭ شۇ گەپلىرىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ ، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئىچكىرى ئۆيدە قىلىشىۋاتقان گېپىنى ئاڭلاپ قالدى :

— خەلچەم ! ...

— ھە ...

— مۇنداق قارىسام ... ھەي شۇ ... نېمە دېسەم بولار ؟ ماڭا قارا سەن ئاۋۋال ئوبدانراق ئويلاپ كۆر ... ماۋۇ ئالدىمىزدىكى ئۆيگە ...

— سەيدىخان مۇئاۋىن ھاكىم كۆچۈپ كەلدى .

— ھە ئە ، شۇ ...

— نېمە دېمەكچىسىز ؟

— قىزىمىزنىڭ ئېيتىمۇ سەيدىخان ...

— ئوخشاش ئىكەن .

— شۇنى دەيمەنا ...

— ئوھۇش ! ... بۈگۈن نېمە بولدى ماۋۇ ئادەم . ئېيتى - مېتى دەپ گېپىنى ئوچۇق قىلماي ...

— ئۆزۈڭمۇ ئويلاپ باق ، مەن بولسام ئادەتتىكى كادىر ، سەن بىر ئادەتتىكى سېستىرا ، يۇقىرىدا قولىمىزغۇچىمىز يوق ، تۆۋەندە ھېمايىچىمىز . « پۇۋ » دېسە ئۇچۇپ كېتىمىز . ئىش ئورنىمىزنى دەرەخ دېسەك ، بىز بىر بەرگى سارغىيىپ قالغان بىر تال ياپراق ...

— ۋىيەي !... ئادەمنى قورقاتماي دېسىلە قېنى . زادى نېمە گەپ ؟ سىلىگە بىر ئىش بولدىمۇ يا ؟ ...

— قىزىمىزنىڭ ئىسمىنى يۆتكىۋەتسەكمىكىن . دەيمەنا ! ؟ ...

— نېمە ؟ ! ... ساراڭ بولدىڭىزمۇ ... ؟ ئانامنىڭ ئانىسىنىڭ ئېيتى تۇرسا ؟ ...

تالانى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ چاقماق چېقىپ ، ئادەمنىڭ تېنى شۈركەنگىدەك ھاۋا گۈلدۈرلىدى .

— ھەي ، ئوبدانراق ئويلاپ باق ! ...

— بولمايدۇ ! ئۇ ھوكا يۈزى لەغمەن پاچاق ، چىڭگىلى چاچ مۇئاۋىن ھاكىم بولسا ئۆزىدىكە . مېنىڭ ئارزۇلۇق قىزىمنىڭ ئېيتى نېمىشقا يۆتىلىشىدىكەن ؟ بۇنداق گەپ سىزنىڭ كاللىڭىزغا قانداقلارچە كېلىپ قالدىكىن . تاڭ ! ...

— ھەي !!!! ... سەن خوتۇننى - زە... ئۇلار كۆچۈپ كەلگەن كۈنى ، قولۇم - قوشنىلار ئۇلارنىڭ يۈك - تاقىسىنى توشۇپ بېرىۋاتسا ق سەن ئىشىكتىن بېشىڭنىمۇ چىقارمىدىڭ ...

— سەيدىخان ! ... دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدىڭ . سەيدىخان مۇئاۋىن ھاكىم ئۈچىلى قېتىم ئۆرۈلۈپ قارىدى . دەسلەپ چۆچۈپ كەتتى دېگىنە ، مەن قاراپ تۇردۇم ...

— قارىسا قارىسۇن ، قارىسا مېنىڭ ،

پەرۋايىم پەلەك، ئۆزۈمنىڭ قىزى، تۇۋلىغىم كەلسە، تۇۋلاۋېرىمەن.

— تۇۋلايسەن، تۇۋلاۋېرىسەن!...

— ۋايىيەي!... نېمە ئانچە قىلىدىغانسىز ئۇ مۇئاۋىن ھاكىم خېنىمغا؟ قول ئاستىدا ئىشلىسىڭىز سىز ئىشلەيسىز. مەن دېگەن دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىدە... تولا تېتىقسىز گەپ قىلماڭا ئىچىمنى ئېلىشتۇرۇپ.

— ئالدىنقى كۈنى چۈشتە:

— ھوي!!!... سەيدەم! — دەپ تۇۋلىدىڭ. سەيدىخان مۇئاۋىن ھاكىم ئىمتىنىڭ دېرىزىدىن قارىدى.

— ئوينىۋاتقان قىزىمغا تالىقىم كېلىپ شۇنداق تۇۋلىغان.

— ئاڭلىسا، چالۋاقاپ «ھەي! سەيدەك» دېدىڭ.

— ئاچچىقىم كەلسە شۇنداق دەيمەن شۇ...

— بىراق، مەن سەل ئويلاپ قالدىم.

— نېمىشكە؟

— ... مۇئاۋىن ھاكىم تۇرسا، قىزىمىزنىڭ ئېتىنى پەلە-پەتىش تۇۋلىساق... ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىدە ئاغزىڭنى بۇزۇپ تىللاپ سالىسەن. كوچىدا بالىلارمۇ «سەيدەم پۈچۈق»، «سەيدەم قاپاق»، «سەيدەم يىغلاڭغۇ»، «سەيدەم ئۇششۇق»...

— بولدى-بولدى، خۇدايىم ئېغىزلىرىغا مەرەز چىقار، ئۇ شۇملارنىڭ.

— ئەشۇلارنى ئويلاپ...

— بۇ... بۇ... بۇمۇ بىر ئىش بولۇپتۇدە... بىز كۆچۈپ كېتەمدۇق-يا؟

— نەگە؟...

— دوختۇرخانىنىڭ ئالتە قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسى پۈتەي دەپ قالدى...

— ئۇ بىناغا كۆچىدىغانلار ئالدىن ئۈچ مىڭ يۈەن تاپشۇردى ئەمەسمۇ؟...

— ئۇغۇ شۇنداق... قانداق قىلارمىز ئېسىت!...

— مەن بىر ئىشنى ئويلىغان سا...

— نېمە دەپ؟

— رەھمەتلىك ئانامنىڭ ئېتى سىلىمەخان ئەمەسمىدى؟ سەلىمە، دېسەكمىكىن؟

— قىزىمىز چوڭ بولۇپ قالدى. تونۇش-بىلىشلىرى كۆپ، كۆنەلمەسمىكىن؟

— تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرغاندا سەيدىخان دېمەي، «سەلىمە» ياكى «سىلىمىگۈل» دېسەكلا بولمىدىمۇ؟...

يامغۇر سەل پەسلىگەندەك قىلدى. دادىسى ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ سەيدىخاننىڭ يېنىغا كەلدى. سەيدىخاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى، كۈلدى، ئاستا بېرىپ پەردىنى قايرىپ دېرىزىنى ئاچتى، ئۆيگە مۇزدەك سوغۇق ھاۋا كىردى. سەيدىخاننىڭ ئىچىنى تۈمەنمىڭ قۇرت تەڭلا غاجىلاۋاتقاندەك ئازابلاندى. «سەيدىگۈل» دەپ چاقىرىۋاتقان بىر توپ ساۋاقداشلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. «سەيدىخان» دېگەن ئۇ مۇئاۋىن ھاكىم خوتۇننىڭ كۆچۈپ كەلگىنىگە ئۆچلىكى كەلدى.

دادىسى گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، تالادا ھەم سەيدىخاننىڭ كۆڭۈل بوستانىدا تەڭلا چاقماق چاقتى، ئارقىدىنلا دەھشەتلىك ھاۋا گۈلدۈرلەپ يەر زېمىن لەرزىگە كەلدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى، ئۆيگە ئەمدىلا چىراغ يېقىلغاندا سەيدىخان مۇئاۋىن ھاكىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چىرايلىق سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى. ساپاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، كۈلۈپ، ئاستا قولىنى سۇنۇپ سەيدىخاننى يېنىغا تارتىپ، قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزدى، سەيدىخاننىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ئۆرە پېتى قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قېلىشتى.

تىلىۋالدى ئەيسا

# تومۇزغا

( ھېكايە )

ياۋاشمىكەنمەن دېسەم ياۋاش ئەمەس، كېتەۋالمىكەنمەن دېسەم ئۇنداق تەرەپلىرىمنىمۇ بىلمەيمەن، نېمىشقىدۇ شۇنچە كۆپ ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە دىلمۇرات ئىسىملىك بىرسى مەن بىلەنلا قالدى. ئاخشىمى ئۆيگە قايتقىنىمدىلا ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قۇلىقىم يىراقلايدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە كەلگەن ھامان گويا ئۇ، مېنى سېغىنىپ كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولغاندەك، دەرۋازىنىڭ بىر چېتىدە مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ-دە، مەن ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشۈم بىلەنلا «تومۇزغا»، «تومۇزغا» دەپ ئاۋاز قوشقاچتەك ۋىچىرلاپلا كېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان دەسلەپكى چاغلىرىمدا پىسەنت قىلمىدىم، كېيىن نەچچە ئون قېتىم تەكرارلانغاندا، ئۆزۈمچىلا ئاچچىقىم كېلىپ تېرىكتىم:

— سەن نېمىشقا ئىسمىمنى ئاتىماي شۇنداق چاقىرىۋېرىسەن؟ — دېدىم بىر كۈنى ئەتىگەندە غەزىپىمدىن ئۆزۈمنى باسالماي.

— خاپا بولما بالەك تومۇزغا، سەن تومۇزغىنىڭ ئۆزى تۇرساڭ تومۇزغا دېمەي نېمە دەيتتىم؟ خاپا بولامسەن، خۇش بولامسەن كارىم يوق، سېنى كۆرگەن چاغلىرىمدا شۇنداق دەۋەرگىنىم دەۋەرگەن، ھى.. ھى... ھى...

دىلمۇراتنىڭ مېنى بۇنداق ئاتىشى راستىنلا كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. باشقا ساۋاقداشلىرىمۇ ئىككى گېپىنىڭ بىرى بولسا شۇنداق ئاتاپ چاقچاق قىلىدىغان ياكى ئۆز ئارا بىرەر ئىش توغرۇلۇق گەپ تالىشىپ قالغاندا يەنىلا «تومۇزغا» دېگەن سۆزنى ئىشلىشتۇرۇپ گەپتە سوقۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا دەرس ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچىمىز ئىختىيارىي سوئال سورىغاندا، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جاۋاب بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقىنىدىمۇ، بەزىسى پەس ئاۋازدا چىشىمغا تېگىپ، «تومۇزغا جاۋاب بەرسۇن»، «تومۇزغا قىزىق سۆزلەيدۇ»، «تومۇزغىنىڭ ئاۋازى ئەجەب چىرايلىق» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلىشاتتى. مەن سىنىپتىكى چاغدا ھەر قاچان ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالىغا ھەممىدىن بۇرۇن جاۋاب بېرىشكە ئىنتىلىدىغان ئادىتىم بولغاچقا، ئۇنداقلارنىڭ نېمە دەپ ئولتۇرۇشى بىلەن كارىم بولماي ئۆز يولۇمنى تۇتۇۋەردىم. كېيىنكى كۈنلەردە «تومۇزغا» دېگەننىڭ زادى قانداق بىر نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىم كېلىپ ئوقۇتقۇچىمىزدىن: «تومۇزغا دېگەن نېمە، مۇئەللىم؟» دەپ سورىدىم. مۇئەللىم جاۋاب ئورنىدا «تومۇزغا دېگەن نەرسە بىزنىڭ بۇ تەرەپلەردە يوق، سەن ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن، دەرسىڭنى ئۆگەن» دېدى. مەن ئوقۇتقۇچىمغا رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتتىم، ئەمما كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىم كېلەتتى، شۇڭا بىر كۈنى ئاخشىمى دادامدىن سورىدىم، دادام: «سېنىڭ دەرسلىك كىتابىڭدا شۇنداق ئىسىم بارمىكەن؟» دېدى سوئالىمغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ. مەن «ياق» دېۋىدىم، دادام چېچىلغاندەك

بولدى: «دەرسلىك ماتېرىيالىڭدا بار نەر-
سىلەرنى ئوقۇتقۇچىڭ چۈشەنـدۈرۈپ قويىـ
دۇ، دەرسلىك كىتابىڭدا يوق نەرسىلەرنىڭ
ئېغى – بېغىنى سـۈرۈشتـە قىلىپ يـۈرمە،
مەندىن سورىساڭ نېمە دەيتتىم؟ تومـۇزغا
دېگەن تومۇزغىنىڭ ئۆزى شۇ! يۈگۈر، كىتا-
بىڭنى بىردەم كۆرۈپ ئۇخلاپ قال!»

شۇ مىنۇتتىن باشلاپ باشلاپ، «تومۇزغا»
دېگەن سۆز بىلەن كارىم بولمىدى...

يازلىق كانىكۇلغا بىر ھەپتىدەك ۋاقىت
قالغاندا، دادام كاماندۇرۇپكىغا چىقـماقـ
چى بولدى، ئۇ بۇ قېـتىـم بېيجىڭگە بار-
ردىكەن، شۇڭا بۇ ئاخـبەتتىـن راسـتىنـلا
خۇشال بولدى، دادام بۇ قېتىملىق سەپە-
رىدە يالغۇز بېيجىڭنىلا كۆرۈپ قـالمـاي،
شۇ باھاندا «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىت-
تۇتى» دا خىزمەت قىلىدىغان ئاكىسى بى-
لەنمۇ كۆرۈشۈۋېلىشقا نېسىپ بولاتتى. چۈن-
كى، ئۇ، تاغام يۇرتىمىزغا كەلمىگىلى بەش
يىلدىن ئاشقانىدى.

– يەنە بىر ھەپتە ساقلاپ تۇرۇپ ئوغ-
لىمىز مۇراتنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىپ كې-
لىڭ،– دېدى ئانام دادام ھەدەپ تەييار-
لىق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى-
دا،– بالىلارغا كىچىك چېغىدا چوڭ شەھەر-
لەرنى كۆرسەتسە تارىخقا، جۇغراپىيىگە
بولغان قىزغىنلىقى ئاشىدۇ، نەزەر دائى-
رىسىمۇ كېڭىيىدۇ، بۇنىڭ كەلگۈسىدە بالى-
مىزنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا
پايدىسى زور.

– ياپىللاخوتۇن، «كۆتۈرەلمىسەك ساڭ-
گىلىتىۋال» دېگەندەك، مەن نېمە كويدا،
سىلەر نېمە كويدا، بىلىپ قويۇڭلار، مەن
ئويناپيۈرۈشكە ئەمەس، خىزمەت قىلغىلى
بارىمەن! –

– بۇنى بىلمەمەن دادىسى، بالىنى نە-
گە بارسىڭىز ھاپاشلاپ يۈرمەيسىز، ماشىنا،
پويىزلارغا يېرىم بېلەت ئالسىڭىز سىز بى-
لەن كېتىۋېرىدۇ، بالىنىڭ كېيىنكى ئىس-
تىقبالى ئۈچۈن بۇنچىلىك پۇل كەتسە
مەيلى.

– مانا، مانا بۇ گەپنى كۆرۈڭ،– دې-
دى دادام رەنجىۋاتقان نەرسىلەرنى قو-
يۇپ ئانامغا تىكىلگەن ھالدا،– مەن پۇل
كېتەرمىكەن دەپ ئەنسىرىگەن يېرىم يوق،
بېيجىڭدەك چوڭ شەھەردە دائىم دېگۈدەك
كەينىگە سېلىپ ئەگەشتۈرۈپ يۈرگىلى بولـ
مايدۇ، ماقۇل دېگىلا، سىلە بىلەن تۇرۇپ
تۇرسۇن، چوڭ بولغاندا شەھەر كۆرۈپ ھې-
رىپ كېتىدۇ تېخى.

ئانام تاغام ئۈچۈن راسلاۋاتقان خال-
تىسىنى قويۇپ دادام قېشىغا كەلدى-دە،
دادامنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە يەڭگىل شاپىلاق-
لاپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

– بېيجىڭ شەھىرىنى ھېچ بولمىغاندا
ئىككى-ئۈچ كۈن ئايلىنىسىلەر، شۇ چاغ-
دا سىزگە ئېغىر چىلىق كەلمەيدۇ، بېجىرى-
دىغان ئىشىڭلارنى باشلىغاندا، ئاكىڭىزنىڭ
ئۆيىدە قالدۇرسىڭىز بالىلىرى بىلەن بىر-
گە بولىدۇ، قايتاشىڭىزدا يەنە بىرگە ئې-
لىپ قايتىسىز، بۇنىڭ بىلەن بالىمىزغا
روھىي جەھەتتىن ئىلھام بولۇپ، كەلگۈسىدە
يارامىلىق ئادەم بولۇپ قالسا يەنىلا بىز-
نىڭ بەختىمىز ئەمەسمۇ؟– دېدى.

دادام ئويلانغاندەك سەل تۇرۇۋالدى-
دە، ئاخىرى ماقۇل بولدى... دېگەندەكمەن
يازلىق كانىكۇلنىڭ ئىككىنچى كۈنى دادام
بىلەن بىرگە يولغا چىقتىم، ئۈچ بىرىنچى
كۈنى بېيجىڭگە يېتىپ باردۇق، تاغام پو-
يىز ئىستانسىسىدا بىزنى كۈتۈۋالدى، يې-
تىپ – قوپىدىغان ماكانىمىز تاغامنىڭ ئۆ-
يى بولدى. مەن ئۆزۈمنى خۇددى تەڭتۈش-

لىرىم ئېرىشەلمەيدىغان بىر بەختكە ئىگە بولغاندەك، ئىنتايىن خۇشاللىق ھېس قىلدىم. بېيىجىڭگە بارغىچە كۆرگەن شەھەرلەر، بىنالار، گۈزەل مەنزىرىلەر ھەر قاچان كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. بەزىدە تېخى شۇ شەھەرلەرنى چۈشۈمدىمۇ كۆرەتتىم، شادلىقىمدىن ئۆزۈمنى باسالماي ئويناقلاپ يۈگۈرۈۋاتقاندەك ئويغىنىپ كېتەتتىم — دە، دەرھال چۈش كۆرگەنلىكىمنى ھېس قىلاتتىم.

تاغام بىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈچ كۈن شەھەر ئايلاندۇردى، داڭلىق باغچىلارغا، ئاۋات كوچىلارغا، چوڭ ماگىزىنلارغا، تارىخىي ئورۇنلارغا باشلاپ باردى. مەن بۇ جەرياندىكى ھېس تۇيغۇلىرىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزمەن.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقنى يېگەندىن كېيىن تاغام بىزنى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ كۆرسەتتى، تاغام بىزگە ھەر بىر قەدەمدە سۆزلەپ باراتتى: بىنالارنىڭ قانداق بىنا ئىكەنلىكىنى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ سانىنى، قانچە مىللەتتىن ئوقۇغۇچى بارلىقىنى، مەكتەپنىڭ كۆلىمى ۋە تارىخىنى، چەت ئەللىك مېھمانلار مەكتەپكە چىققاندا ئۇلارنى قانداق قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى چۈشەندۈرەتتى. مەن تاغامنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىمچە ماڭاتتىم، ھازىردىن باشلاپ داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇشۇنداق چوڭ شەھەرلەردىكى مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن، ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىچىمدە ۋەدە بېرەتتىم.

بىر پەستىن كېيىن تاغام بىزنى ئۆز ئىشخانىسىغا باشلاپ چىقتى، تاغامنىڭ ئىشخانىسى بىرىنچى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەتىدە ئىدى، دادام بىلەن تاغام قىزغىن پاراڭلاشتى، ئەتراپتا بىر نەرسىنىڭ «چىر-ر...» «چىر-ر...» قىلغىنىنى ھېس قىلغاندا، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئادەمنىڭ قۇلىقىغا غەلىتە ئاڭلىنىدىغان بۇ ئاۋاز كىشىنى بەكمۇ زېرىكتۈرەتتى.

— بۇلبۇللارمۇ ھەر ۋاقىت سايراپ تۇرىدىكەن ئاكا، — دېدى دادام بىر پەستىن كېيىن ئىشىك تەرەپكە قاراۋېتىپ چاقچاق ئارىلاش، — مۇشۇ بۇلبۇللاردىن مېھرىڭىزنى ئۈزەلمەي شۇڭا بىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز-دە؟

— نەدىكى گەپنى دەۋاتىسەن، — دېدى تاغام كۈلۈمسىرەپ، — خوشمىسىز يوق بۇ بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازىغىمۇ كۆنۈپ قالدۇق.

— بۇ «بۇلبۇل» ئىڭىزنىڭ ئەسلى ئىسمى نېمە؟

— تومۇزغا.

— تومۇزغا؟ — تاغامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا سورىدىم مەن قىزىقىپ.

— ھە-ئە، — دېدى تاغام ماڭا قاراپ، — قىزىقامسەن؟

— قانداق نېمە ئۇ؟ ئاۋۋال ئۇنى بىلىپ باقاي.

— نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى تاغام ئۇنى تونۇشتۇرۇشقا باشلاپ، — تومۇزغا دېگەن بۇ جانىۋار بىر قارىسا قۇرتقا، بىر قارىسا قوڭغۇزغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ، دەرەخ شاخلىرىدا ياشايدۇ.

— ئەمدى بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى دادام تاغامنىڭ سۆزىدىن كېيىن، — ئۆتكەندە مەندىن سورىغانىدىڭ، ئەمدى ئوبدان بىلىۋال.

— مەن دادامغا كۈلۈپ قويۇپلا، كېلىپ ئىشىككە يۈلىنىپ تۇردۇم، تاغام مەن تەرەپكە تولۇق بۇرۇلۇپ سورىدى:

— سەن ئۇنىڭ نېمە دەپ چىرىلدايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— ياق، — دېدىم مەن سەل ئويلىغان قىياپەتتە.

— ئۇنىڭ ھەر بىر چىرىلدىغىنى «بىلمەمەن»، «بىلمەمەن» دېگەن تىلنىڭ ئىپادىسى.

— «بىلمەمەن» دېگەن تىلنىڭ ئىپادىسى؟

— ھە-ئە.

— نېمىنى بىلمەيدۇ ئۇ؟

— بولدى سورىما، دەپ كەسلەك گەپ ئۈزۈن.

— دەپ بېرىڭا، مەن بۇ ئىسمىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، بۇ زادى...

— ھە، بايا سىزگە دېدىمغۇ ئاكا، بۇ ئاجايىپ بىر بالا بولدى، نېمىنى كۆرسە شۇنىڭغا قىزىقىدۇ، بۇنىڭغۇ راستىنى ئېيتسام ئانىسىدىن كۆرىمەن، ھەدېسە ئانىسى يول قويۇۋېرىپ، ئادەم كۆرۈپ باقمىغان، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر نەرسىلەرنىڭ كەينىنى قىلىپ كېتىدۇ تېخى. جاھاندا نېمە تولا، ئۆگىنىدىغان نەرسە تولا، بولدى، بۇ قېتىم بۇنىڭغا تومۇزغىنىڭ نېمىشقا «بىلمەمەن» دەيدىغانلىقىنى دەپ بېرىڭا، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئانىسىغا «بالا نېمە دېسە يول قويۇۋېرەمسىز؟» دەپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بالىنىمۇ تىزگىنلەيمەن.

— ئۇكام، ئايالىڭ يوق يەردە پو ئېتىۋالما، ئايالىڭ شۇنداق بىر ھۆرپەيسە كىرىدىغان تۆشۈك تاپالمايقالىدىغانلىقىڭنى بىلمىسەم كاشكى.

— ئاكا، ئۇ چاغدا يېڭىدىن ئۆيى تۇتقاچقا، ئۆيىمىز بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن، دەپ نېمە دېسە ماقۇل دەپ يول قويغۇنۇم راست، ئەمدى بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭە، مېنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقىمدىن چىقالمايدۇ.

تاغام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن ئەسلى گەپىنىڭ ئۈزىگە كەلدى.

— سۆزلىسەم بۇ بىر ھېكايە، — دېدى تاغام سۆزىنى باشلاپ، — تومۇزغا ئەسلىدە ئاددىي بىر كىچىك قۇرت بولۇپ، ئاۋاز چىقىرىشنى ھەرگىز بىلمەيدىكەن، دەرەخ يوپۇرمىقىنى يەپ ياشايدىكەن، لېكىن كىچىك بولغىنى بىلەن بىر جايدا جىم تۇرماي دائىم دېگۈدەك بۇ دەرەخنىڭ شېخىدىن ئۇ دەرەخنىڭ شېخىغا يامىشىپ چىقىۋالىدىكەن، يوپۇرماق يېگەچ دەرەخ ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايدىكەن. بارا-بارا ئۇ ئادەملەرنىڭ گېپىنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ، مۇرەككەپ گەپلىرىنى ئۆگىنەلمەي پەقەت ئاددىغىنا «بىلمەمەن»نى ئۆگىنىۋاپتۇ. شۇندىن باشلاپ كىشىلەر مەيلى نېمە ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشمىسۇن پەقەت ئۇ ئاڭلاپلا قالسا، ئىچ-قارىنى تۆكۈپ: «بىلمەمەن»، «بىلمەمەن» دەپ چىرىلداشقا باشلايدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئەسلىدىكى «تومۇزغا» دېگەن ئىسمىنى ئاتىماي «بىلمەمەن»، «بىلمەمەن» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

تاغامنىڭ بۇ ھەققىدىكى ھېكايىسى تاماملانغاندا، دادام بىلەن ئىككىمىز بەكلا كۈلۈپ كەتتۇق. بۇ ھېكايىنى تاغام باشقىلاردىن ئاڭلىغانمۇ ياكى ئۆزى توقۇپ چىقارغانمۇ بۇنى بىلمەيمەن، شۇنداقتىمۇ مەن ئىشەندىم ۋە خېلىلا قىزىقتىم. تاغام بىلەن دادام باشقا پاراڭلارغا چۈشكەندە، مەن ئاستا تۆمۈر رىشاتكىلىق ئۈزۈم بالىكۇنىغا چىقتىم-دە، بالىكۇنىڭ تۆمۈر رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئىككى ئالقىنىم بىلەن ئېڭەك ھەم يۈزۈمنى قامالاپ تۇتقۇنىمچە دەرەخكە قاراپ، تومۇزغىنىڭ ئاۋازىنى

تىڭشىدىم. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ئادەمنىڭ تەقلىد قىلىپ چىقارغان ئاۋازىغا ئوخشاش بولۇپ، ماڭا راستىنلا: «بىلمەيمەن» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى...

يازلىق كانىكۇل ۋاقتىم تۈگىشتى. مەكتەپكە چىققان بىرىنچى كۈنى يەنە ھېلىقى كۆزۈمنىڭ سەتى بولغان ساۋاقدىشىم دىلمۇرات بىلەن سىنىپ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ مېنى كۆرۈپلا ھېجايدى. ئاندىن «كەلدىڭمۇ تومۇزغا، كانىكۇلدا كۆرۈنمەيلا كەتتىڭغۇ، ھە راست، سەن يېزا-تاغلارغا چېقىرىغلى كەتتىڭ» دېيىشى بىلەن جان-ئىمانىم چىقىپ كەتكۈدەك بولدى-دە، دەرھاللا ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشتىم:

— تومۇزغا دېگەن ئوبدان نەرسىكەن، مەن «تومۇزغا» بولسام سەن نېمىتىڭ؟ مەن «تومۇزغا» بولغىنىمغا رازىمەن!

دىلمۇرات ئاغزىنى كالچايتىپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئەتراپىمىزغا باللار ئولاشتى. دىلمۇرات بىر قولىنى بىلىگە تىرەپ، بىر قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، چىڭ ئاۋازدا سۆزلەپ كەتتى:

— بىلىپ قوي «تومۇزغا»، بىز دېگەن تومۇزغىنى چوڭ بىلمەيمىز، دادام ماڭا تومۇزغا ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بەرگەن. دادام ئاخىرىدا مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ «سەن تومۇزغىنى دوراپ قالما، تومۇزغىنى دوراش يامان ئادەت، مۇئەللىمىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگۈدەك قۇدرىتىڭ بولمىسا، بىلەرمەنلىك قىلىپ ساقال تاغىقلىق قىلما، بىلمىگىنىڭنى بىلمەيمەن-دە، بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلىمەن دەپ سالما، مەنمەنلىك قىلىشتىن، ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشتىن ساقلان بالام، مۇبادا ھازىردىن باشلاپ دىققەت قىلمىساڭ، كېيىن تۈزەتمەك قىيىن» دېگەنتى.

قېنى بىر ئويلاپ باقە، قايسى بىر مۇئەللىم ئوتتۇرىغا بىر سوئال قويسا ھەممىدىن بۇرۇن قولۇڭنى ئاسمانغا تاقاشقىدەك كۆتۈرىسەن، سۆزلەش پۇرسىتى بەرسە تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى كۈلدۈرۈپ سىنىپ ئىنتىزامىنى بۇزىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى ھەر قانچە قىلساڭمۇ ئۆگىنىش نەتىجەڭ يۇقىرى ئەمەس، بىر قېتىممۇ «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولالمىدىڭ، ھالىڭغا قارىسا ھالىڭنى بىرەر ماشىنىمۇ تارتالمايدۇ، ئادەمنىڭ كۈلگۈسىنى كەلتۈرۈپ. مانا مۇشۇنداق ئادەتلىرىڭ «تومۇزغا»نىڭ ئادەتلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كەتمەمدۇ؟

مەن ئۇنىڭ ئالدىدا گەپ قىلالماي قالدىم. ئەتراپىمىكى ساۋاقداشلىرىم ئاسمان-پەلەك ھۇقۇيتۇشۇپ كۈلۈشتى، زاڭلىق قىلدى. مەن لېۋىمنى چىشلەپ پوكاندەك قىزارغىنىمچە ئۇدۇل سىنىپقا كىرىپ كەتتىم.

ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇرۇنقىدەك ناباپ ئادىتىمنى تۈگەتتىم، ھېلىقى بىر چاغدا مەن دىلمۇرات بىلەن تاكاللىشىپ سىنىپقا كىرىپ كەتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ، خېلى كۈنلەرگىچە ئۆزۈمنىڭ ئەنە شۇنداق تەرەپلىرى ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. گەرچە مەندە چوڭلارنىڭكىدەك ئەقىل-پاراسەت بولمىسىمۇ، ئويلا-ئويلا ئاخىرى مول ھەم مۇكەممەل بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن، كەمتەرلىك بىلەن جاپالىق ئۆگىنىشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەندىم. ھازىر مېنى ساۋاقداشلىرىممۇ، مۇئەللىمىمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، يېقىندا «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولدۇم. ئۆگىنىش نەتىجەم ھەقىقەتەن ياخشى، سىنىپتا بىرەر ئىلغارلارنى كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە، دىلمۇرات ھەممىدىن ئاۋۋال مېنى كۆرسىتىدۇ.

(ئاخىرى 86 ـ بەتتە)

ئوبۇلھاشىم قاسىم

# «مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ»

( ھېكايە )

بىرىنچى سائەتلىك دەرستىن چىقىپ تۇرۇشۇمغا، پوچتالىيون مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. مەن بىلەن بىر قانچە ئوقۇتقۇچى ئۇنى ئورىۋالدۇق.

— بۇ سىلىنىڭ خەتلىرىڭىز، مۇئەللىم، — دېدى ئۇ ماڭا قېلىن بىر كونۋېرتنى سۇنۇپ. مەن كونۋېرتتا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتىم، ئۇنىڭدا مېنىڭ ئادرېسىم بىلەن ئىسمىملا يېزىلغان؛ ئەمما خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ نە ئادرېسى، نە ئىسمى يوق ئىدى.

«كىمدىن كەلدىكىنە بۇ خەت؟!» مەن ھەيرانلىق ئىچىدە كونۋېرتنىڭ بىر تەرىپىنى يىرتىپ، ئىچىدىكى خەتنى ئېلىپ ئىچىمدە ئوقۇشقا باشلىدىم:

«سالام، قەدىرلىك ئۇستازىم!

سالامەتمۇسىز؟ سىز دۇنيادا مېنىڭ ھالىمغا يېتىدىغان تەك يېقىن، كۆيۈملۈك كىشىم سىز. مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!

مەن ھازىر ئۆز ئۆيۈمدە، ئۆز يۇرتۇمدا ئەمەس، مازارلىق يېزىسىدىكى ياسىن قارىنىڭ ئۆيىدە، مەن ھەممە ئەھۋالنى سىزگە باشتىن سۆزلەپ بېرەي:

بىزنى تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەن كۈنى كەچتە دادام ماڭا:

— ئوغلۇم، ئەتە سەھەردە ئورنۇڭدىن تۇرغىن؛ بىر يەرگە بارىمىز، — دېدى.

مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— نەگە بارىمىز دادا؟

— مازارلىق يېزىسىغا.

— ئۇ يەردە نېمىش قىلىمىز؟

— ئۇ يۇرتتا بىر تاغاڭ بار، كۆرۈپ كېلىمىز.

شۇ كېچە پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى. مەن تۇغۇلۇپ ئون ئىككى ياشقىچە كۆرمىگەن تاغامنى كۆرۈش خۇشاللىقى ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغان ئىدى...

— ھوي مۇھەممەت ئەلى، قوپ بالام، ھارۋىنى قات!

مەن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ، يېرىم ئۆرە بولۇپ ئولتۇردۇم. ئەتراپىمغا ئېسەنكىرەپ قارىدىم، دادام پېگادا ماڭا قاراپ تۇراتتى، دېرىزىدىن كۆكۈش يورۇق چۈشۈپ، ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتقان ئىدى. مەن ئالمان - تالمان كېيىنىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، ھويلىغا چىقىپ ئېشەك ھارۋىنى قاتتىم. ماڭىدىغان چاغدا مېھرىبان ئانام ماڭا ئېسىلىپ، ئۈنسىز يىغلاپ كەتتى. مەن بۇ ھالدىن سەل ئەجەبلەندىم. دادام ئانامنىڭ بۇ قىلىقىغا ئاچچىقلاپ، غەزەپلىك ۋارقىرىدى. شۇندىلا ئانام يېنىمدىن توختىدى، مېنى قويۇۋەتتى، تاكى چوڭ يولغا چىققىچە كەينىمىزدىن ئەگىشىپ كەلدى، مەن خۇددى كەلمەس يەرگە كېتىۋاتقاندەك، مەندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك بىر خىل قايغۇلۇق ھېسسىياتتا ئۇزىتىپ قالدى...

يېزىنىڭ توپىلىق يولىدا يەڭگىل تەۋرىنىپ كېتىۋاتىمىز. ھارۋىنىڭ ئارقىسىدا پۇتلىرى چۈشۈلۈپ ياتقۇزۇلغان ئاقباش قوچقار پات - پات ئېچىنىشلىق مەرەپ قويىدۇ، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولىدۇ، دادامغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئەيمىنىپ قاراپ قويىمەن. ئۇ تۈگۈلۈپ كۆزلى-

رىنى يېرىم يۇمۇپ، ئاللىقانداق خىياللارغا چۆمۈپ ئولتۇراتتۇ...

ئۇزۇن يول ماڭدۇق، ناماز شام بىلەن ئاخىرى مازارلىق يېزىسىغا يېتىپ كەلدۇق. دادام ئالدىغا ئۇچرىغان كىشىلەردىن: «ياسىن قارىمنىڭ ئۆيى نەدە؟» دەپ سورىدى. مەن تېخىمۇ ھەيران قالدىم: «دادام ئۆز تۇغقىنىنىڭ ئۆيىنىمۇ بىلمەيدىكەنا؟ بۇ قانداق گەپ بولدى ئەمدى؟!» دادامنىڭ سەپرا مىجەزىنى بىلگەچكە، ئۇ يىلىغا ئىلىرىدىنى تېشىمغا چىقىرىشقا پېتىنالمىدىم.

مەن ئېشەكنىڭ بېشىنى دادام كۆرسەتكەن تەرەپكە — بىر تار كوچىغا بۇرىدىم.

— ھە، ھارۋىنى توختات، بالام!

سىرلاقسىز قوش قانات تىلىقدەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە دادام ھارۋىنى توختىتىشىمنى بۇيرىدى. ئاندىن ھارۋىدىن چۈشۈپ ھويلا ئىچىگە بويۇندىدى. ئانچىچە يىلىمىزدىن يەتمىش ياشلاردىكى ئېگىز بوي، ئاپئاق ساقاللىق، ھاسا تاياقلىق، ئۇزۇن تونلۇق سالاپەتلىك بىر موي سېپىت كىشى بىزگە يېقىنلاپ كەلدى. ئاياغ تىۋىشىدىن دادام چۆچىگەندەك دەرھال بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئادەمنى كۆردى — دە، قوللىرىنى قوشۇشتۇرۇپ ئېگىلىپ تازىم قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تەقسىر!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — ئۇ ئادەممۇ دادامغا جاۋابەن سالام قايتۇردى، — ئۆزلىرى بۇ كېچىدە...

موي سېپىت كىشى ئاۋۋال ماڭا، ئاندىن ھارۋىدىكى قوچقارغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، بىر ئىشنى پەم ئەتتى بولغاي، بىزنى ئىشىكتىكى ئۆيگە باشلىدى. ھويلىغا كىردۇق، قوچقارنىڭ پۇتىنى يەشتۇق...

— خوش، ئۆزلىرىنى قايسى يۇرتتىن سورايمىز؟

— چىلانلىق يېزىسىدىن بولىمەن، تەقسىر.

ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. دادام بىلەن بۇ ئادەم تېخىچە بىر-بىرىنى تونىمايدىغان تۇغقانلار ئوخشىمامدۇ؟ جاھاندا مۇشۇنداق ئىشلارمۇ بولامدىكەن — ھە!

مەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا سەمە بولۇپ تۇردۇم.

— بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسەت تىلىرى نېمىكىن؟

— ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن مۇبارەك نامۇ شەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىمەن. پېقىرنىڭ بۇ ئوغلىنى مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتسىپ، ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ قويارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە سىلىنى ئىزدەپ، تاۋاپ قىلىپ كېلىشىم.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەممىنى چۈشەندىم، ھەم ئۆزۈمنىڭ ئالدانغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم، دادامغا ئالىيىپ قارىدىم.

— ھە، تولا ئوبدان ئويلاپلا، ئىككى دۇنيالىق ساۋاپ ئاپلا، قېنى ئۆيگە كىرەيلى.

مۇئەللىم، مېنىڭ شۇ كېچىسى قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىلەملا؟ دادام ئەتىسى ئەتىگەندە يىغلاپ — يالۇۋۇرۇشۇمغا قارىماي كېتىپ قالدى. مەن كېچىچە ھېچنەرسە يېمەي يىغلىدىم.

مانا بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئىككى ئاي بولدى، ئاشتى، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى، قۇلىقىمدىن تىل — ھاقارەت، بېشىمدىن تاياق كەتمىدى. ئاھ، مۇئەللىم، سىز بىزنى تەللىما يېتىمىز، ئۇرما يېتىمىز، ھەممىسى ئىلىملىق بولسا مۇئەللىم قىلالايتىمىز، ئەمما، ياسىن قارىم دېگەن بۇ رەھىمسىز، ئاچكۆز ئادەم...

ھەي، نېمەسىنى دەي؟

ھازىر مەن بۇ ئۆينىڭ يىللىقچىسىغا ئوخشاپ قالدىم، قوي باقىمەن، ئېغىل قۇرۇغدايمەن؛ ئۇنىڭدىن بىكار قالسام سۇرە يادلايمەن، ياسىن قارىدىن ساۋاق ئالمەن. ئەتىگەندە مەسچىتكە نامازغا چىقىمەن، نامازدىن يېنىپ بىر زاغىرنى بېلىمگە تۇگىمەن ــ دە، قوي ــ كالىلارنى ھەيدەپ ئوتلاققا ماڭىمەن. ئوتلاقتا بىر كۆزۈم قوي ــ كالىلاردا، بىر كۆزۈم ھەپتىيەكتىكى «بە، سە، لام، جىم» لاردا. كەچقۇرۇن پادىلارنى ھەيدەپ ئۆيگە قايتىپ كېلىمەن؛ خۇپتەندىن كېيىن قارىم مۇڭلۇق ئاۋازدا قىرائەت قىلىدۇ، مەن سۇرە، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمىسەممۇ، ياسىن قارىنىڭ ئۇن بەش نەپەرشاگىرتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قارىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالىمەن.

بىر كۈنى ياسىن قارىم قىرائەت قىلىۋاتقاندا، كۈلكەم تېشىمغا چىقىپ كەتتى. قارىم: ‹ قايسىڭ؟ › دېدى ــ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھاسىسىنى ماڭا ئاتتى. ھاسا ئاغزىمغا تېگىپ بىر تال ئۇتتۇر چىشىمنى چۇشۇرۇۋەتتى.

— مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، بۇندىن كېيىن كىمدە ــ كىم قىرائەت قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا دىققەتنى بۇزىدىكەن، سارائىلاردەك كۈلىدىكەن، شۇنىڭ ئۆزىگە خۇدايىتالانىڭ غەزىپى ياغىدۇ؛ ئىمانىدىن ئاجرايدۇ، دوزاخقا مەھكۇم قىلىنىدۇ… — دېدى ئۇ زەردە بىلەن ماڭا ئالىيىپ.

ئەتىسى مەن چىشىمنىڭ ئاغرىقىدا ھېچنەرسە يېيەلمىدىم. كالپۇكۇممۇ ئىششىپ كەتكەنىدى، شۇ كۈنى كەچتە، دادام ئېشەك ھارۋىسىغا ئىككى تاغار بۇغداينى بېسىپ يەنە ياسىن قارىنىڭ ئۆيىگە كەلدي.

ئادەتتە دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بەر، كىتاپ ئالغىلى پۇل بەر دېسەم قاتتىقلىق قىلىدىغان دادام ئالدىنقى قېتىمدا ياسىن قارىغا قوي، تونلۇق رەخت ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ قېتىم يەنە تاغارلاپ بۇغداي ئېلىپ كەپتۇ، مەن كەچتە دادامنى بىر چەتكە تارتىپ بۇ ئۆيدە ھازىر ساۋاق ئېلىشتىن تولاراق ئىش، ئەمگەكنى قىلىۋاتقىنىمنى، بۇنىڭغا چىدىيالمىغا نلىقىمنى ھەم نارازى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئاخىرىدا يىغلاپ تۇرۇپ چۈشۈپ كەتكەن چىشىمنى كۆرسەتتىم. دادام:

— ياسىن قارىم ئەۋلىيادەرىجىگە يەتكەن ئادەم، ئۇ سېنىڭ ئۇستازىڭ، جان دەپ خىزمىتىنى قىلىشىڭ كېرەك، زېھىن قويۇپ قىرائەتنى ئاڭلىماي كۈلسەڭ كۇپۇرلۇق بولىدۇ، ئوبدان بوپتۇ، ئۇستازىڭنىڭ قولى تەگكەن يەردىن گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ، — دېدى ماڭا ئالىيىپ.

مەن دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ جىم تۇردۇم. كۆڭلۈمدە دادامدىن قاتتىق رەنجىدىم…

مۇئەللىم، دادامنىڭ ئېيتىشىچە، سىز مېنى سۇرۇشتۇرۇپ ئائىلىمىزگە بىر قانچە قېتىم كەپسىز. لېكىن دادام سىزنىمۇ ئالداپ يورۇپتۇ. بۇگۈن ئۇمازارلىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن مېنىڭ مۇشۇ يەردە ئوقۇۋاتقانلىقىم توغرۇلۇق يالغان خەت ئېلىپ كەتتى. بۇ ساختا ئىسپات خېتىنى دادام قانداق ھەل قىلدىكىن، بۇنى بىلمىدىم. دادام ئۇ خەتنى ئەتىگەنچە سىزگە بېرىپ، دوپپىڭىزغا جىگدە سالماقچى. مەن شۇتاپتا ناھايىتى بىئارام، تىت ــ تىت بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. شۇڭا، ئالدىراشچىلىقتا سىزگە بۇ خەتنى يازدىم؛ بازارغا بارىدىغان

(ئاخىري 125 ــ بەتتە)

ئابلىكىم روزى

# ئىككى شېئىر

## توغرىمۇ؟

كېلىپ ئۇستاز ئالدىغا،
سالام بەردى گۇلئايىم.
دېدى: ئاڭلاپ باقسىڭىز،
بار ئەمدى بىر سوئالىم.

— سۆزلەڭ، — دېدى ئۇستازى،
شاگىرتىدىن زوقلىنىپ.
سۆز باشلىدى گۇلئايىم،
تېتىكلىشىپ، روھلىنىپ:

«ئۆيىمىزگە كەلگەنتى،
ئانامنىڭ بىر سىڭلىسى.
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى،
ئانام بىلەن ئىككىسى.

ھامما ئاچام شۇ كۈنى،
بەكمۇ قىزغىن كۈتۈلدى.
ئاۋۋال شورپا سېلىنىپ،
كېيىن پولۇ ئېتىلدى.

ئۆي ئىچىنى قاپلىدى،
خوشال كۈلكە — سۆھبەتلەر.
كۆڭلىمىزگە ئورنىدى،
كۆيۈنۈشلەر، ھۆرمەتلەر.

كۆردۈم شۇ كۈن دادامنىڭ،
چىرايىدا خوشلۇقنى.
ھەرىكىتىدە، سۆزىدە،
كۆرمىدىم ھېچ سۇسلۇقنى...»

كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى،
بۇ سۆزلەرنى مۇئەللىم.
يەنە سۆزگە كىرىشتى،
تىنىۋېلىپ گۇلئايىم:

« ئۆيىمىزگە ئاكىسى
كەلگەن ئەمدى دادامنىڭ.
نېمىشقىدۇر قاپىقى،
ئېچىلمىدى ئانامنىڭ.

ئولتۇرغاندا تاغامغا،
سېلىنمىدى كۆرپىمۇ.
ئېتىلمىدى يە پولۇ،
قاينىمىدى شورپىمۇ.

تاغام بۇردا نان يېمەي،
قۇرۇق چاينى ئوتلىدى.
ئانام كىرىپ يان ئۆيگە،
يانپاشلىدى، ئۇخلىدى.

ئۆيىمىزنىڭ ئىچىدە،
ھۆكۈم سۈردى جىمجىتلىق.
ئورنىۋالدى كۆڭلۈمنى،
ھەيرانچىلىق، تىت — تىتلىق.

شۇندا نوقۇپ ئانامنى،
دېدىم: غىزا ئەتمەسەن؟
تاغامنىمۇ ھاممامدەك،
چىراي ئېچىپ كۈتمەسەن؟

ئانام دېدى: ئۇ، تاغاڭ
پات - پات كېلىپ تۇردۇ.
ساقلىقىم يوق بۈگۈنچە،
چاي ئىچىشمۇ بولدۇ.

بىلىۋالغىن گۈل قىزىم،
تاغار ياخشى تاغاڭدىن.
كېلەر بىزگە ياخشىلىق،
شۇ قەدىرلىك ھامماڭدىن.

جاۋاب بېرىڭ ئۇستازىم،
مۇنداق دېيىش توغرىمۇ؟
رەنجىمەمدۇ بۇ ئىشتىن،
جان دادامنىڭ كۆڭلىمۇ؟»

دېدى ئۇستاز: گۈلئايىم،
سوئاللىڭىز جايىدا.
مۇنداق ئىشلار يوق ئەمەس،
بەزى ئۆيدە گاھىدا.

ئانىڭىزنىڭ قىلغىنى،
ھەرگىز توغرا بولماپتۇ.
بىرنى بىلىپ ئەتىۋا،
بىرنى كۆزگە ئىلماپتۇ.

ئانا بىلەن دادىڭىڭ،
تۇققانلىرى باراۋەر.
ئۇلار ئوخشاش ھۆرمەتكە،
بولۇش لازىم سازاۋەر...

بىرنى دېسە «پىلاستىر»،
بىرنى دېدى: ئۇرۇشقاق.
بىرنى دېسە: شەيتانچاق،
بىرنى دېدى: بۇدۇشقاق.

بىرنى دېسە: خاپىلىق،
بىرنى دېدى: ئۆدەكچان.
بىرنى دېسە: رېزىنكە،
بىرنى دېدى: پالەكچان...

لەقەم قويۇپ ئۇ شۇنداق،
بالىلارنى كەمسىتتى.
لەقەم بىلەن چاقىرىپ،
نەچچە يىلەننى رەنجىتتى.

ساقى دېدى ۋە لېكىن:
«مەن قىزىقچى، چاقچاقچى.
كۈلكە بىلەن گەپ بىلەن،
كۆڭۈللەرنى ئاچماقچى...»

— تاشلاڭ، — دېدۇق ساقىغا، —
لەقەم قويۇش ئىشىنى.
بۇ ئىشىڭىز راستىنلا،
بېزار قىلدى كىشىنى.

ئىنا قىلىققا پايدىسىز،
لەقەم قويۇش ئادىتى.
تۇرسا گۈزەل ئىسمىمىز،
لەقەمنىڭ نە ھاجىتى؟!

## ئىنا قىلىققا پايدىسىز

باردۇر بىزنىڭ سىنىپتا،
ساقى ئاتلىق بىر بالا.
باشقىلارغا شۇ ساقى،
لەقەم قويىدى بەك تولا،

## چوپانى

### قىزىمغا

جېنىم قىزىم، «گۈزەل» دېگەن،
ئېتىمىڭ چىرايلىق.
ئېتىڭدىنمۇ بولسۇن يازغان
خېتىڭ چىرايلىق.

AltunOq

بۇلاق كەبى ئويناپ تۇرغان،
كۆزۈڭ چىرايلىق.
كۆزۈڭدىنمۇ بولسۇن قىلغان،
سۆزۈڭ چىرايلىق.

ئۈنچە - ئۈنچە سەدەپ كەبى،
چىشىڭ چىرايلىق.
چىشىڭدىنمۇ بولسۇن قىلغان،
ئىشىڭ چىرايلىق.

ھەممە ئىشقا كېلىدىغان،
قولۇڭ چىرايلىق.
قولۇڭدىنمۇ بولسۇن تۇتقان
يولۇڭ چىرايلىق.

دوستلىرىڭغا بىلگىنىڭنى
دەپ بەر چىرايلىق.
ئامالىڭنىڭ يېتىشىچە،
نەپ بەر چىرايلىق.

ئەگرى، تۈيۈق يولغا ماڭماس،
پۈتۈڭ چىرايلىق.

پۈتۈڭدىنمۇ سەن چوڭ بولغان
يۇرتۇڭ چىرايلىق.

پەنگە پۈتكۈل قۇۋۋىتىڭنى
قارات چىرايلىق.
يۇرتۇڭ ئۈچۈن مۆجىزىلەر
يارات چىرايلىق.

مۈشكۈللەرگە ئېگىلمەس چىڭ
بېلىڭ چىرايلىق.
بېلىڭدىنمۇ سېنى باققان،
ئېلىڭ چىرايلىق.

جېنىم قىزىم پەرىزاتتەك،
چېھرىڭ چىرايلىق.
چېھرىڭدىنمۇ بولسۇن ئەلگە
مېھرىڭ چىرايلىق.

تىكىپ كۆچەت، ئەلگە مېۋە
تۇتقىن چىرايلىق.
يۇرت، خەلقىڭنىڭ كۆڭلىنى راسا
ئۇتقىن چىرايلىق.

**ھاپىزجان مۇھەممەت**

## شوخ ئۇكامنى باقىمەن

مەكتەپتىن قايتقاندا،
يولدا بىكار ئوينىماي.
ئۆيگە ئالدام كېلىمەن،
باشقىلارغا قارىماي.

ئانام قايتسا ئىشتىن،
بىزگە تاماق ئېتىدۇ.
مەن ئۇكامنى باققاندا،
مۇرادىغا يېتىدۇ.

ئىشى كۆپكەن ئانامنىڭ،
ئەتىگەندىن كەچكىچە.
تېخى بەزى ئۇخلىماس،
كىرپىك قاقماي تۈنگىچە.

ۋاقىت تاپسام، ئانامغا،
دائىم ياردەم قىلىمەن.
شوخ ئۇكامنى بېقىشنى،
خۇشاللىق دەپ بىلىمەن.

× ×

ئانا مېھرى ھەرگىزمۇ،
ئۈزۈلمەستۇر بىزلەردىن.
رازى بولسۇن ئانىلار
ئۆسمۈر، ئوغۇل-قىزلاردىن.

سەپەر ھۈسيىن

# « دولان مۇقامى » ۋە ئۇنىڭ فورمانىيەلىك مۇزىكا ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو — بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك، سوتسىيالىستىك مەملىكەت، بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمكى ئەل. ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئېلىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. قېرىنداش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە سەنئەت مىراسلىرى بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتىنىڭ تەشكىلىي قىسمىدۇر.

ئۇيغۇرلار — مەملىكىتىمىزدە ياشىغۇچى ئەڭ قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرسى. شۇنداقلا شىنجاڭدا ھازىرقى تارىم ۋادىسى ۋە جەنۇبىي ھەم شىمالىي تارماق يىپەك يولى بويلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى مەدەنىيەتنى يارىتىشتا ئىشتىراك قىلىپ تۆھپە قوشقان ھەمدە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ بىرسى، شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن ۋە ئەھمىيەتلىك بىر تارىخنىڭ ئىگىسى بولغىنىدەك، قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە گۈزەل، باي خەلق سەنئىتىنىڭ ئىگىسى بولۇشقىمۇ مۇناسىپ. كۇئېنلۇندىن تا ئالتاي تاغلىرىغىچە، تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئىلى ۋادىسىغىچە بولغان بۇ كەڭ زېمىندا ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياندىن بۇيان باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئۆز ئەمگىكى، پېشانە تەرى بىلەن كۆپلىگەن ماددىي بايلىق يارىتىپ، بۇ ماكاننى گۈللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، خەلقىمىز ئەقىل-ئىدرىكىنىڭ كۈچىنى جارى قىلىپ، ئارزۇ ئارمانلىرى، گۈزەل ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىپ، بۇ ماكاننى باي مەزمۇن، گۈزەل مىللىي شەكىلگە ئىگە خەلق سەنئىتىنىڭ ماكانىغا ئايلاندۇردى.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن، ھازىرقى شىنجاڭ رايونى ۋەتىنىمىز تارىخىدا خەلق سەنئىتىنىڭ كانى سۈپىتىدە مەشھۇر بولۇپ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ناھايىتى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان «غەربىي دىيار» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ كەڭ زېمىندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» بىلەن بىر قاتاردا، يەنە بىر قەدەر قەدىمكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان «دولان مۇقامى» ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئېيتىلىپ، چېلىنىپ كەلمەكتە.

مەن بۇ ماقالەمدە، پەقەت ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ يەنە بىر تۈرى بولغان ۋە بىر قەدەر قەدىمكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان «دولان مۇقامى» ۋە ئۇنىڭ فورمانىيەلىك مۇزىكا ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ھاسىل قىلغان قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## «دولان مۇقامى»

«دولان مۇقامى»—«ئون ئىككى مۇقام» بىلەن بىر قاتاردا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مۇزىكا خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراسلارنىڭ يەنە بىرسىدۇر.

«دولان مۇقامى» پەقەت دولان رايونىدا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ بىر قەدەر قەدىمكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «دولان مۇقامى» نىڭ ئاتىلىشى ھەر قايسى جايلاردا ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەرتىپى، كۈي شەكلى، ئاھاڭ رېتىمى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ چوڭ پەرق يوق.

دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرىنى خەلق ئەدەبىياتىمىزنىڭ زور بىر قوشاق بايلىقى دېسەك بولىدۇ.

ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەسلىدە «دولان مۇقامى» مۇ ئون ئىككى بولۇپ، ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ مۇقامىنىڭ يوقالغانلىقى، ئۇنتۇلغانلىقى مەلۇم بولدى.

«دولان مۇقامى»، «دولان ئۇسسۇلى» توغرىسىدا تەتقىقاتچىلىرىمىز كۆپلىگەن ماقالىلارنى يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. يولداش ئىبادۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە دولان مۇقاملىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «دولان مۇقاملىرى—‹ئون ئىككى مۇقام› نىڭ كونا مەنبەسى ۋە ئاساسىي گەۋدىسى» دەپ يازدى. خەنزۇ مۇزىكاشۇناس يولداش گۈەن يۈۋى ئۆزىنىڭ «مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى» دېگەن ئەسىرىدە «دولان مۇقام» لىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «دولانلىقلارنىڭ مۇزىكىلىرى، پۈتۈنلەي ئۇسسۇل، سەنەملەردىن تەركىب تاپقان، يۈرۈشلەشكەن كۈيلەر بولۇپ، يەرلىك خەلق ئۇنى ‹دولان مۇقامى› ياكى ‹دولان سەنىمى› دەپ ئاتايدۇ» دەپ يازدى.

ياش مۇزىكا تەتقىقاتچىسى يولداش جۇ جىڭباۋ ئۆزىنىڭ دولان ئۇسسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالىسىدا: «قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان دولان خەلقىنىڭ ھازىرقى ئۇسسۇلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇسسۇل شەكلى ۋە مەزمۇنى ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ يازدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى ئابدۇشۇكۇر تۇردى ئۆزىنىڭ «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى—ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى» دېگەن ماقالىسىدا: مەشرەپلەر ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا بىر خىل «سەنئەت ۋە ئۆرپ - ئادەت مەكتىپى» رولىنى ئويناپ كەلمەكتە، دەپ يازدى.

ھەر قانداق سورۇندا دولان مۇقامى چېلىنىدىكەن، ئۇنىڭدا دولان ئۇسسۇلىنىڭ بولماسلىقى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. دولان مۇقامى چېلىنغان ھامان سورۇندا ئولتۇرغان كىشىلەر دەرھال دولان ئۇسسۇلىغا چۈشىدۇ. دولانلىقلاردا بۇ ئادەت قەدىمدىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

دولان مۇقامى ۋە دولان ئۇسسۇلى ناھايىتى ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەدرى-

جى ھالدا بېيىپ، تەرەققىي قىلىپ ئاخىرى بۈگۈنكى يۇرۇشلەشكەن دولان مۇقامىغا، قېلىپلاشقان دولان ئۇسسۇلىغا ئايلانغان.

بىر يۇرۇشلەشكەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان دولان مۇقامى ۋە دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئىپادىلەش مەزمۇنى توغرىسىدا ھەر خىل كۆز قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن، دولان خەلقى ئىچىدە بىر قەدەر كۆپ تارقالغان ۋە بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز بىردەك ئېتىراپ قىلغان قاراش— «دولان مۇقام مۇزىكىلىرى، ئۇسسۇللىرى بىر قېتىملىق كەسكىن كۆرەش قىلىش جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

بۇ قاراش تارىخىي پاكىت ۋە ھازىرقى دولان مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە بىر قەدەر مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ دولان ئۇسسۇلى باشلىنىشتىن بۇرۇن يۇقىرى ئاۋازدا «ئاللا» توۋلاپ ئادەم يىغىش، ئاندىن ئاياللارنىڭ مەشئەل كۆتۈرۈشى، ئەرلەرنىڭ ئوك ۋە سولىنى ئاقتۇرۇشى، كېيىن جىددىي ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ۋە ئۇرۇقيا ئېتىشنى ئەسلەتتىدىغان، ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىش بىلەن ئاخىرىدا بىر قورشاۋ ھاسىل قىلىشى، ھەقىقەتەن بىر قېتىملىق قەدىمكى زاماندىكى ئوۋ ئوۋلاشنى ياكى تاجاۋۇزچىلىقنا قارشى جىددىي كۆرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇسسۇل خاتىمىسىدىكى ساما ئۇسسۇلى ئەلۋەتتە غەلىبىگە قىلىنغان تەنتەنىدۇر.

ھەممىگە ئايانكى، ھەر قانداق مىللەت ۋە قەبىلىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت شۇ مىللەت، شۇ قەبىلىنىڭ ياشاش شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي كۆرەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. دولان مۇقامى ۋە دولان ئۇسسۇلىمۇ مانا شۇنداق ئىجتىمائىي كۆرەش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇ دولانلىقلارنىڭ كۆرەش تارىخىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

## «دولان مۇقامى» نىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى

دولان مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاساسەن ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى— «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ بىرىنچى قىسمىدىكى «چوڭ نەغمە» نىڭ ئەڭ ئاددىي تۈزۈلۈش ئۇسلۇبىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇدار، رېتىم جەھەتلەردىن ئوخشىغان بىلەن، ئۇنىڭ ھەر بىر ئاھاڭىنىڭ تۈزۈلۈشىدە چوڭ پەرقلەر بار.

دولان مۇقامىدا «داستان»، «مەشرەپ» دېگەن نەغمىلەر يوق، ئۇ پەقەتلا «چوڭ نەغمە» تۈسىنى ئالغان يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن بىر پۈتۈن «دولان مەشرەپ مۇقامى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «دولان مۇقامى» نىڭ كۆزي شەكلى، 5 ـ 6 (دۇ، سۇ) تاۋۇشلۇق ئاۋاز ياسىغۇچ قۇرۇلمىسى (ئاۋاز رېتىمى) نى ئاساس، يەتتە تاۋۇشلۇق (شى) ئاۋاز باسقۇچى قۇرۇلمىسى (ئاۋاز رېتىمى) نى قوشۇمچە قىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش. توپلاش. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېنىقلانغان قولىمىزدىكى نەق دولان مۇقامى توققۇز بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

1 . باش باياۋان (دولان راك مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
2 . زىل باياۋان (موغال مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
3 . چۆل باياۋان (دولان مۇشاۋىرەك مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
4 . بوم باياۋان

5 . سىم باياۋان
6 . ئۈز هال باياۋان (سامۇق مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
7 . خورەك باياۋان (خورەك مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
8 . جۇلا (جۇلا مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
9 . دوگامەت (دۇگاھ مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

هەر بىر دولان مۇقامىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بەش نەغمە ئاھاڭنىڭ ئىسىملىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) مۇقەددىمە — (باشلىنىش مۇقامى ئۇدارسىز بولىدۇ).

(2) چىكىتمە — ( ئاستا $\frac{3}{4}$ ئۇدارلىق نەزمىلىك ئاھاڭ)

(3) سەنەم — ( ئوتتۇرا $\frac{4}{4}$ ئۇدارلىق نەزمىلىك ئاھاڭ)

(4) سەنەقەس — ( تېز $\frac{2}{4}$ ئۇدارلىق نەزمىلىك ئاھاڭ)

(5) سېرىلما — (ناھايىتى تېز $\frac{2}{4}$ ئۇدارلىق نەزمىلىك ئاھاڭ)

«دولان مۇقامى» دىكى بىر مۇقامنى ئوقۇپ تۈگىتىش ۋاقتى 30 مىنۇتتىن ئاشمايدۇ. دولاننىڭ توققۇز مۇقامىنى ئوقۇپ بولۇش ئۈچۈن جەمئىي 4 يېرىم سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. دولان مۇقامىنىڭ هەر بىرسىگە بەش ئاھاڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ. هازىرقى توققۇز مۇقامنىڭ پۈتكۈل ئاھاڭلىرى 45 نەغمە ئاھاڭلىرىدىن ئىبارەت.

دولان مۇقامىنىڭ تېكىستى ۋە ئۇسسۇل-ھەرىكەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، هەر بىر مۇقامدىكى بەش ئۆزگىرىشلىك ئاھاڭلارنىڭ مەزمۇنى بەش باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، هەر بىر باسقۇچنىڭ مەزمۇنى دولانلىقلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش جەريانىدىكى جەڭدىكى كۆرىشىنى ئىپادىلەيدۇ. «دولان مۇقامى» دىكى بىرىنچى باسقۇچ— مۇقام مۇقەددىمىسى (ئۇدارسىز، ئىختىيارسىز ئېيتىلىدۇ) نىڭ ئاھاڭى ئادەم قىچقىرىش، ئادەم يىغىش كەيپىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

دولان مۇقامىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ — چىكىتمە ( ئاستا $\frac{3}{4}$ ئۇدارلىق ئاھاڭ) ئاھاڭى ئۇسسۇل ئاھاڭى بولۇپ . مۇزىكىنىڭ ساداسى بىلەن ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، رازۋېدكا قىلىش، ئىز ئىزدەش كەيپىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

دولان مۇقامىدىكى ئۈچىنچى باسقۇچ—سەنەم تېزراق ئۇسسۇل ئاھاڭى بولۇپ. بۇ ئاساسەن تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئېلىشىش، توقۇنۇش كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ، $\frac{4}{4}$ ئۇدارلىق ئاھاڭ.

دولان مۇقامىدىكى تۆتىنچى باسقۇچ — سەنەقەس (سەلىقە) جەڭدىكى ئۇسسۇل ئاھاڭى بولۇپ ($\frac{2}{4}$ ئۇدارلىق)، بۇ ئاساسەن تاجاۋۇزچىلار بىلەن جەڭدە تىركىشىش. ئۇلارنى يوقىتىش سېگنالىنى بېرىشنى ئىپادىلەيدۇ.

AltunOq

دولان مۇقامىدىكى بەشىنچى باسقۇچ — «سېرىلما» خۇشاللىق ئىچىدە تەنتەنە قىلىش، غەلىبىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ $\frac{2}{4}$ ئۇدارلىق تېز ساما ئاھاڭىدۇر.

«دولان مۇقامى»غا تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ قوراللىرى ئاساسەن قالۇن. ئۇنىڭدا ئىككى دانە خەرەك بار، ھەر بىر خەرەككە ئىككى تالدىن پولات سىم تارتىلىدۇ. دولان راۋابى (بەش ئاۋاز رېتىمىگە تەڭشەلگەن، ئون دانە ئاۋاز قايتۇرۇش سىمى بولغان راۋاب)، دولان قىل غىجەككى (بەش ئاۋاز رېتىمىگە تەڭشەلگەن، ئون دانە ئاۋاز قايتۇرۇش سىمى بولغان غىجەك)، دولان دېپى (كىچىك نەغمە دېپى) دىن ئىبارەت تۆت دانە يەرلىك چالغۇ قوراللىرىدىن تەركىب تاپقان.

دولان مۇقامىغا تەڭكەش قىلىنىدىغان بۇ چالغۇ قوراللىرى مۇقامنىڭ بىرىنچى باسقۇچى — مۇقەددىمىسى باشلانغاندا، ئوخشاش تەكشى چېلىش ئۇسۇلى بىلەن مۇقەددىمىگە تەڭكەش قىلىدۇ. مۇقامنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى — چېكىتمە باشلانغاندىن كېيىن تارتىپ تاكى بىر مۇقام تۈگىگىچە، ھەر قايسى چالغۇ قورالى ئۆز ئالدىغا ئاساسىي ئاھاڭغا ماسلاشقان ھالدا باشقا - باشقا ئاۋاز بۆلەكچىلىرىنى چالىدۇ. چېلىنۋاتقان ئاھاڭلارنى مۇزىكا بۆلەكچىلىرىگە بۆلۈپ قويغاندەك، ھەر قايسىسى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تەڭكەشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دولان مۇقامىنىڭ ئاھاڭلىرى ناھايىتى رېتىملىك، ناھايىتى قېلىپلاشقان ۋە مۇزىكىلاشتۇرۇلغان قىياپەتتە بىزنىڭ قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىدۇ. لېكىن دولان مۇقامىغا تەڭكەش قىلىنۋاتقان سازەندىلەرنىڭ ھېچ قايسىسى نوتا دېگەننى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۆلۈپ قويغان ئايرىم - ئايرىم نوتىلارمۇ يوق. ئۇلار پەقەت ئۆز قۇلىقى ۋە زېھنىگە تايىنىپلا ئۆزلىرى چالغان مۇزىكا قوراللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئاساسلىق مېلودىيىدىن قاچماسلىق شەرتى ئاستىدا، ئىختىيارىي ھالدا قوشۇمچە مېلودىيىلەرنى تەڭكەش قىلىپ چېلىش ئارقىلىق، دولان مۇقامىنىڭ تەڭكەش قىلىش سۈپىتىنى (سەۋىيىسىنى) تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. مانا بۇ، دولان مۇقامىغا تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ قوراللىرىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىدۇر.

## «دولان مۇقامى» ۋە ئۇنىڭ فورمانىيىلىك مۇزىكا شەكلى

دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، يەر شارائىتى ۋە باشقا نۇرغۇن ئۆزگىچىلىكلىرى بار. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر شۇ مىللەت مۇزىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە مەلۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە شۇ مىللەت مۇزىكىسىدا، فورمانىيىلىك مۇزىكىنىڭ يارىلىشىغا كۈچلۈك ئاساس سالىدۇ.

مۇزىكا تەشكىللەنگەن ئاۋازلار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيە - ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، جەمئىيەت تۇرمۇشىنى، ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم مۇزىكىلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىدۇ.

مۇزىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى — مېلودىيە، رېتىم، ئاھاڭ تۈسى، ئۇدار،

ئاھاڭ كۆچى، شۇنىڭدەك ئاكورت، فورما نېمىسە، ئاھاڭ شەكلى، ئوركېستىر مۇزىكا قائىدىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مۇزىكا تىلى، ناخشا - مۇزىكا ئورۇنلاش ۋە ئىجاد قىلىش ئۇسلۇبلىرى بار. خەلقىنىڭ مول تۇرمۇشى، ئوتتەك قىزغىن كۆرەش ئەمەلىيىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى، كەسىپ ۋە كەسىپ سىرتىدىكى مۇزىكانتلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە فورما نېمىسە شەكلىدىكى مۇزىكىلارنى شەكىللەندۈرگەن.

مۇزىكا — «ۋاقىت سەنئىتى» بولۇپ، ئۇ ناخشا ئوقۇش، مۇزىكا چېلىش جەريانىدا ئۆز ئەسىرىنىڭ سەنئەت ئۇنۇمىنى ھاسىل قىلىدۇ.

مۇزىكا ئەسەرلىرى — ۋاكاللىق (ناخشىلىق مۇزىكا) ۋە چالغۇ مۇزىكىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. «دولان مۇقامى» ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراس بولۇپ، «چوڭ نەغمە» تۈسىنى ئالغان چوڭ تىپتىكى «ۋاكاللىق مۇزىكا» ئەسەرلىرىنىڭ بىر ژانىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە «دولان مۇقامى» نى مىللىي ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى «فورما نېمىلىك مۇزىكا» دەپ جەزمەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇنداقتا «فورما نېمىلىك مۇزىكا» دېگەن نېمە؟

«فورما نېمىلىك مۇزىكا» شەكلى خەلقئارا ئورتاق ھالدا قوللىنىلىدىغان مۇزىكا ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇ كۆي ئاساسى بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان كۆپ ئاكورتلۇق مۇزىكىلارنىڭ بىر خىلى. فورما نېمىسە شەكلىدىكى مۇزىكىلار بىر - بىرىگە ماسلاشقان ھالدا مۇزىكا ئەسەرلىرىنى قارىمۇ قارشى بېجىرىدۇ. ئۇلار ئىككى ئاكورت، ئۈچ ئاكورت ياكى تۆت ئاكورت بولۇپ، سەنئەتلىكى جەھەتتە مەزمۇنى ئوخشاش بولغان، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان مۇزىكا كۆيىگە ئىگە.

ئىككىلىك مۇناسىۋەتنى جەھەتتىكى فورما نېمىسە — (بەش سىزىق نوتىنىڭ ئىككىلىك مۇناسىۋەتنى) ھەر قايسى ئاكورتلارنىڭ رېتىمى، ئاھاڭ كۈچلۈكلۈكى، ئاۋازنىڭ قاتتىق - يۇمشاقلىقى، ئاھاڭنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى، ئۇنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى ھەممە مېلودىيە سىزىقىنىڭ دولقۇنسىمان كۆتۈرۈلۈشىگە قەدەر ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىققا ئىگە.

ئۈزۈرۈنلۈق مۇناسىۋەتتى جەھەتتىكى فورما نېمىسە (بەش سىزىق نوتىنىڭ ئۈزۈرۈنلۈق قىغا قارىتىلغان) ھەر قايسى ئاكورتلار يەنىلا بىر - بىرىدىن قېلىشماستىن، ئەڭ ياخشى بولغان ئاكورت مۇناسىۋەتلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

فورما نېمىلىك مۇزىكىلار يەنە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) سېلىشتۇرما شەكلىدىكى فورما نېمىسە؛

2) تەقلىد شەكلىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان فورما نېمىسە؛

3) گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىدا يېزىلغان فورما نېمىسە (شەكلى تېخىمۇ روشەن بولغان فورما نېمىسە)، يەنى تارماق ئاۋازلىق فورما نېمىسە، ئۇ يەنە گۈزەل تۈسكە ئىگە فورما نېمىسە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەمدى بىز تۆۋەندە دولان مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ قايسى خىلدىكى فورما نېمىلىك مۇزىكا شەكلىگە كىرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

دولان مۇقام مۇزىكىلىرى گەرچە تىكلىك ۋە ئۇزۇنلۇق مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى فورما نېمىلىك مۇزىكا شەكلىگە كىرمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى فورما نېمىلىك مۇزىكىلارنىڭ بىر قانچە خىل شەكىللىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، دولان مۇقام مۇزىكىلىرى فورما نېمىلىك مۇزىكا تۈرلىرىنىڭ ئۈچىنچى خىلى بولغان «گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىدا يېزىلغان»، يەنى «تارماق ئاۋازلىق فورما نېمىلىك» مۇزىكا شەكلىگە كىرىدۇ.

ئەمدى بىز بۇ نۇقتىنى دولان مۇقامىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە توختالغاندا شەرھەلەپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى بىر قانچە مىساللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۈرىمىز:

بىز يۇقىرىدا دولان مۇقامىغا تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ قوراللىرى مۇقامىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى — مۇقەددىمىسى باشلانغاندا، ئوخشاش تەكشى چېلىش ئۇسۇلى بىلەن مۇقەددىمىگە تەڭكەش قىلىدۇ؛ مۇقامىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى چىكىتمىسى باشلانغاندىن تارتىپ تاكى بىر مۇقام تۈگىگىچە ھەر قايسى چالغۇ قورالى، ئۆز ئالدىغا ئاساسىي مېلودىيىگە ماسلاشقان ھالدا باشقا-باشقا ئاھاڭ بۆلەكچىلىرىنى چالىدۇ، بۇ خۇددى ئۇلار چېلىۋاتقان ئاھاڭلارنى مۇزىكىلارغا بۆلۈپ قويغاندەك ھەر قايسىسى تەبىئىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تەڭكىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار مۇزىكا قوراللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئاساسلىق مېلودىيىدىن قاچماسلىق شەرتى ئاستىدا، ئىختىيارىي ھالدا قوشۇمچە مېلودىيىلەرنى تەڭكەش قىلىپ چېلىش ئارقىلىق دولان مۇقامىنىڭ سۈپىتىنى — سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. مانا بۇ، دولان مۇقامىغا تەڭكەش قىلىنىدىغان مۇزىكا قوراللىرىنىڭ ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيىتى، دەپ ئېيتقانىدۇق.

مانا بۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسلانغاندا، دولان مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ خەلقئارا مۇزىكا ساھەسىدە ئورتاق ھالدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان فورما نېمىلىك مۇزىكا تۈرلىرىنىڭ بىرى بولغان گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىدا يېزىلغان «تارماق ئاۋازلىق فورما نېمە» شەكلىدىكى مۇزىكا ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«تارماق ئاۋازلىق فورما نېمە» شەكلىدىكى مۇزىكىنىڭ رولى شۇكى، ئۇ خەلق مىللىي ناخشا - مۇزىكىلىرىنى دائىم گەۋدىلەندۈرۈش، بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ تولۇقلاش بىلەن ناخشا - مۇزىكىلارنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە ئۇنى خىلمۇخىللاشتۇرۇپ تېخىمۇ گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ يەنە «گۈزەل تۈسكە ئىگە فورما نېمە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

دولان مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ تەڭكەش قىسمىدا ئاساسىي مېلودىيىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ۋە تەبىئىي ھالدا شەكىللەنگەن تارماق ئاۋازلىق فورما نېمىلىك مۇزىكا شەكلى، دولان مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن سېلىشتۇرما ئاساسىدا ماسلاشتۇرۇپ تولۇقلاش، گۈل ئۈستىگە گۈل قويۇش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە دولان مۇقام مۇزىكىلىرىنى بېيىتىپ، تېخىمۇ خىلمۇخىللاشتۇرۇپ، مۇزىكىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان. بىز ئىخلاسمەنلىك بىلەن پۈتۈن زېھنىمىزنى دولان مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاشقا قاراتقاندا، ئاندىن دولان چالغۇ قوراللىرىنىڭ تەڭكەش قىسمىدىكى چىكىتمىدىن باشلاپ سېرىلمىغىچە بولغان ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرىدە،

بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۇراقلىق ئاۋاز سېستېمىسىنى ھاسىل قىلىپ، ئاساسىي ناخشىلارنى ئېيتقۇچىلارغا ئەگىشىپ مۇزىكا تەڭكەش قىسمىدا تەكرار - تەكرار چېلىنىۋاتقان مۇزىكىلارنى ئاڭلايمىز. مانا مۇشۇ قوشۇمچە مېلودىيە. مانا مۇشۇ تارماق ئاۋازلىق فورمانىيە شەكلىدىكى مۇزىكىدىن ئىبارەت.

دولان مۇقام مۇزىكىلىرى ئۆزگىچە، بەلگىلىك ئاھاڭ تىپىغا (ئاھاڭ شەكلىگە) ئىگە مۇزىكا بولۇپ، ئۇ ھەر بىر مۇقامدا، باشتىن - ئاخىرى مۇزىكا رىتىمىنى ۋە مۇزىكا تەڭكەش قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھالدا، ئۇنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرۇشىنى پۈتۈن مۇزىكىغا ئىزچىل ھالدا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، دولان خەلقىنىڭ ئەينى زامانىدىكى روھىي كەيپىياتىنى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى، مۇزىكا ئوبرازىدا ئىپادىلىگەن ۋە ئەكس ئەتتۈرگەن.

دولان چالغۇ قوراللىرىدىن قالۇن، غىجەك، راۋابنىڭ باشقا مۇقاملاردا تەڭكەش قىلغۇچى چالغۇلارغا ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتلىرى شۇكى، چالغۇلار مۇقامغا تەڭكەش قىلغاندا ھەر قايسى چالغۇلار ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا ئۈچ خىل ۋارىيانت بىلەن مۇستەقىل تەڭكەش قىلىپ، ئاخىرىدا بىرلەشتۈرىدۇ. بۇ خىل تەڭكەش قىلىش ئۇسۇلى قەدىمدىن تارتىپ مۇزىكانتلارغا ئادەت بولۇپ كەلگەن. ياۋروپا مۇزىكا نەزەرىيىسىدە بۇ خىل تەڭكەش قىلىش ئۇسۇلىنى فورمانىيە، دەپ ئاتايدۇ. فورمانىيە شەكلىنى دەسلەپتە گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق كومپوزىتور باخ ( 1685 - 1750 ) قوللانغان بولسا، دولانلىقلار دولان مۇقام مۇزىكىلىرىدا فورمانىيە شەكلىنى باختىن خېلى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى قوللانغان.

دولان مۇقامىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە كۈي شەكلىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ قەدىمكى زامان ئىپتىدائىي مۇزىكا شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسى ساقلىنىپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ. مۇقامنىڭ ئاھاڭلىرى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، ناخشا تېكىستلىرى ئانچە تەرەققىي قىلالمىغان. ئەمما دولان مۇقام مۇزىكىلىرى تېما جەھەتتە مۇكەممەل، مۇستەقىل مەزمۇنغا ئىگە مۇزىكا مېلودىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۆزىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئۇنىڭ ئىدىيە ھېسسىياتىنى ۋە ئۇنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سۈرئەت جەھەتتە ئاستا ۋە ئىتتىكلىك، كۈچ جەھەتتە قاتتىق ۋە يۇمشاقلىق، رىتىم جەھەتتە قىسقا ۋە ئۇزۇنلۇق، مېلودىيە جەھەتتە بىر پەسىيىپ، بىر ئۆرلەپ دولقۇنسىمان بولۇشى، ئاھاڭ تۈسى جەھەتتە رەڭدارلىقى سۇس ۋە قېنىق بولۇشى، ئاۋاز رايونى جەھەتتە پەس ۋە ئېگىز، قۇرۇلما جەھەتتە رەتلىك ۋە تارقاق بولۇشتەك مۇزىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، مۇزىكىنى بىر-بىرىگە ھالقىسىمان باغلاپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى تەدرىجىي ھالدا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقتا، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتەرگەن. شۇڭا دولان مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى يېقىملىق ھەم ھەيۋەتلىك، تەنتەنىلىك، جۇشقۇن، روھلۇق خاراكتېرىگە ئىگە.

دولان مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئۆز دەۋرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن، مۇكەممەل كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشى ۋە يۈكسەك بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە بولغانلىقى بىلەن تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مانا بۇ، قىممەتلىك بەدىئىي مىراس — دولان خەلقىنىڭ ئەقىل — پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. بۇنداق

ئېسىل قىممەتلىك مۇزىكا مىراسىنىڭ بولغانلىقى بىلەن بىز چەكسىز ئېپتىخارلىق ھېس قىلىمىز. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا بۇ مۇزىكىلىق بايلىق «دولان توققۇز مۇقامى» يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. بولۇپمۇ، پارتىيە 11- قۇرۇلتاي 13- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دولان مۇقامى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش، توپلاش، تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ ناخشا - مۇزىكا ئۇسلۇبلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىش، ئۇنىڭ بەزى تېكىستلىرىنى مەزمۇنىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەش، ئۇنى سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرگە خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە كىشىنى روھلاندۇرىدىغان بىر قاتار نەتىجىلەر قولغا كەلدى. لېكىن بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بىز «ناخشا - ئۇسسۇللۇق ماكان» دەپ ئاتالغان بۇ جايدا ياشاۋاتىمىز. بۇ زېمىندا قېزىپ تۈگەتكىلى، ئۆگىنىپ تۈگەتكىلى، ئىشلىتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇن مۇزىكا بايلىقلىرىمىز بار. بىز بۇ بايلىقلىرىمىزنى قېزىش، توپلاش، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن مىللىي مۇزىكا ئىلمىنى تىرىشىپ پۇختا ئۆگىنىپ، مۇزىكا بايلىقلىرىمىزنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، قەشقەر سەنئىتىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاساسىي بولغان «ئون ئىككى مۇقام»، «دولان توققۇز مۇقام» ۋە قەشقەر خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيىنى، خەلقنى، ئەمگەك قەھرىمانلىرىنى، مىللىي دوستلۇقنى، سوتسىيالىستىك يېڭى كەيپىياتنى كۆيلەيدىغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ.

(بېشى 120 - بەتتە)

مېنىڭچە، ئاياللىرىمىز ئىككى ياكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. مەن ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بۇ ئىشنى قىلىپ قويسىڭىز، ئۇنىڭغا ساۋاتسىزلىقنىڭ بەك يامان ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز. ھازىر دۆلىتىمىزدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن بارلىق ۋاسىتىلار ئارقىلىق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلىۋاتسا، ئۆزىمىزنىڭ تۇغقىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق قانداق بولىدۇ؟

ئىۋان نىكولايېۋىچ، سىزدىن بۇ ئىشنى قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. سىزگە كوممۇنىستلارچە سالام يوللاپ:

مارىيا بىلوفنا.»

پېلاگىيا خەتنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى - دە، يەنە يىغلاپ تاشلىدى. ئاندىن نىكولايېۋىچ بىلەن ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنىڭ ئادەتتىكىدەك ئۆتكەنلىكىنى ئەسلەپ خاتىرجەم بولۇپ، خەت بىلەن ئېلىپبەنى تىقىپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ پېلاگىيارىمىز مۇھەببەت ۋە كۈندەشلىكنىڭ تۈرتكىسىدە قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا ساۋاتىنى چىقىرىۋالدى.

مانا بۇ، دۆلىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىدە يۈز بەرگەن ئەڭ قىزىقارلىق، بىر كىچىك ۋەقە.

(رۇسچىدىن مۇرات مەتنىياز تەرجىمىسى)

ئاتىكەم زەمىرى ( تاجىك )

# يامان ئاقىۋەت

(ھېكايە)

ئەخمەت ئاكىلارنىڭ ئۆيىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىۋېتەتتى. ئۇلارنىڭ كىچىك ئوغلى بەختىيار ۋېلىسىپىت مىنىپ كېتىۋاتقىنىدا ماشىنا ھادىسىسىگە يولۇققانىدى.

بەختىيار ئەخمەت ئاكىلارنىڭ ئەڭ كىچىك بالىسى، شۇنداقلا بىردىنبىر ئوغۇل بالىسى. ئەخمەت ئاكىنىڭ ئايالى ئۈچ قىز تۇغقاندىن كېيىن، بۇ ئارزۇلۇق ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئوغۇلنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ باقتى. ئاچىلىرى مەكتەپتىن كېلىپلا قولىدىن چۈشۈرمەي كۆتۈرۈپ يۈرۈشەتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ھارغىنلىقىنى چىقىرىدىغان بىردىنبىر ئەرمىكى بۇدۇرۇققىنا كەلگەن مۇشۇ ئوغۇل ئىدى... بالا مەكتەپ يېشىغا توشقاندا، دادىسى ئۇنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ مەكتەپكە ئېلىپ باراتتى. ئەتىسى چۈشۈپلا يەنە مەكتەپتىن بالىنى ۋېلىسىپىتكە مىندۈرۈپ ئېلىپ كېلەتتى. كۈنلەر ئايلارنى قوغلاپ، ئايلار يىللارنى يېڭىلىتىپ بەختىيار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىق سىنىپىغا كۆچكەندە ئۆزى ۋېلىسىپىت بىلەن ماڭالايدىغان بولدى. بالا ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىق بولۇپ ئۆستى. ئەخمەت ئاكا بالىسىنىڭ ياخشى نەتىجە بىلەن سىنىپ كۆچكەنلىكىگە خوشال بولۇپ، ئۇنىڭغا «كەپتەر» ماركىلىق كىچىكرەك ۋېلىسىپىتتىن بىرنى ئېلىپ بەردى. پارقىراپ تۇرغان ۋېلىسىپىتنى كۆرگەن بەختىيار يۈگۈرەپ بېرىپ دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋالدى - دە:

— سىزگە رەھمەت، ئوبدان دادا! - دېگىنىچە ئۆزىنىڭ يۇمران يۈزلىرىنى دادىسىنىڭ ساقاللىق يۈزلىرىگە سۈركەپ كەتتى.

— جېنىم بالام، رەھمىتىڭنى قوي، ۋېلىسىپىتنى پەخەس بولۇپ مىنگىن جۇمۇ، - دەپ ئۆتۈندى دادا.

— گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن، - دەپ چۇرقىرىدى بەختىيار.

مانا ئەمدى بەختىيار «كەپتەر» گە مىنىپ مەكتەپكە بارىدۇ، ئۆيگە قايتىدۇ، ئۇ شۇنچە خوشال. بەختىيار دەرستە ئەلا ئوقۇش بىلەن بىللە ئىنتىزام، ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتىمۇ ياخشى بولۇپ، «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇۋاتاتتى. ئەخمەت ئاكىلارنىڭ ئۆيى چوڭ ئاسفالىت يول بويىدا بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ چوڭ - كىچىك ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي، ئاسفالىت يولغا چىقىپ ۋېلىسىپىت مىنىپ

قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

يۈرۈشكە تېخىمۇ ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋېلسىپىتنى يالغۇز ئۆزلا مىنىپ يۈرمەستىن ئاداشلىرىدىن بىرىنى ئارقىغا، يەنە بىرىنى ئالدىغا مىندۈرۈپ مېڭىشقا ھېرىسمەن ئىدى. سىنىپ مەسئۇلى ئامىنەم بىر كۈنى بەختىيارنى چاقىرىپ دېدى:

— بەختىيار سىز ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى، بىر ئاز ۋېلسىپىتكە ئىككىساۋاقداشنى مىندۈرۈۋېلىشىڭىز تازا ياخشى بولمىدى. چۈنكى چوڭ يولدا ماشىنىلار ئۇچقاندەك مېڭىپ يۈرىدۇ، ئەگەر ۋېلسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشسەڭلار تېز كېلىۋاتقان ماشىنا سوقۇۋېتىشى ۋە ياكى...

— مۇئەللىم، بۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلمايمەن،— دېدى بەختىيار. لېكىن ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، مەكتەپ بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتردىن كۆپرەك ئۇزاردى. بۇ ئارىلىقنى ۋېلسىپىت بىلەن ماڭمىسا، دەرسكە كېچىكمەدىغان گەپ. ئۇ كۈندە ئەتىگەندە ۋېلسىپىت بىلەن مەكتەپكە ماڭغىنىدا، ئۇنىڭ ئانىسى زورىخان ئاچا:

— جېنىم بالام، يولنىڭ چېتى بىلەن ماڭغىن، ئوڭ قولۇڭنى بېسىپ ئاستىراق ماڭغىن، دوستلۇرۇڭنى ئالدى - ئارقاڭغا مىندۈرۈۋالما، - دەپ جېكىلەيتتى. ئەخمەت:

— ماقۇل ئانا، ئەنسىرىمە!- دەيتتى-دە، غۇيۇلداپ چاپاتتى.

ھايانا نېمە ئىشلار بولمايدۇ دەيسىز، «كوزا كۈندە سۇنماپتۇ» دېگەندەك ئەنسەرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى.

بىر كۈنى مەكتەپتىن يانغىنىدا ئىككى دوستى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ بىللە ماڭدى. ئۇنىڭ ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمەي ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ بىللە ماڭدى-يۇ، خۇددى شەيتان ئازدۇرغاندەك:

— كېلىڭلار ئاداشلىرىم، بىرسىڭلار ئارقامغا، بىرسىڭلار ئالدىمغا مىنىڭلار،— دېدى. دوستلىرىمۇ ئاران تۇرغاندەك «لەببەيكەمدە» ئالدى - ئارقىسىغا قونۇدى. ۋېلسىپىتنى مىنگەن بۇ ئۈچ دوست خۇشاللىق بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ماڭىدىغان بۇ كەڭ ئاسفالىت يول خېلى كەڭ بولسىمۇ، ئىككى ماشىنا پاراللېل ماڭغاندا ئىككى تەرىپىدە ۋېلسىپىت مېڭىش تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. يولنىڭ بىر تەرىپىدە بىر سېمونت ئۆستەڭ بولۇپ، ناھايىتى تېز ئاقاتتى. ئۆستەڭ بويىدا ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەر كۆك بىلەن بويتالاشقاندەك قەدكۆتۈرۈپ تۇراتتى. بالىلار ۋېلسىپىتنى چاپتۇرۇپ ئۆستەڭنىڭ ئەگىمىدىغان زاكو بېشىدىكى كۆۋرۈككە كەلگىنىدە ناھايىتى تېز ماڭغان بىر «ئازاد» ماركىلىق ماشىنا بىلەن ئۈستىگە پەۋەس يۈك بېسىلغان چەتتىن ئىمپورت قىلىنغان چوڭ ماشىنا سىگنال بېرىپ كېلىپ قالدى. بالىلار ۋېلسىپىت ئۈستىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى ۋە يىقىلىپ چۈشتى. ئارقىدىن تېز كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ تورمۇزى تۇتماي بەختىيارنىڭ پۇتىنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئاسفالىت يولنىڭ قىرىغا يىقىلدى ۋە ھوشىدىن كەتتى. ئەتراپتىن يۈگرەپ كەلگەن كىشىلەر ۋە ماشىنا شوپۇرلىرى ئۇلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى. بەختىيارنىڭ تىزىنىڭ تۆۋىنى ئېغىر زەخىملەنگەنلىكى ئۈچۈن يېرىم يىلدا ئاران ئەسلىگە كەلدى. بىرسىنىڭ مېڭىسى خېلىلا زەخىملەنگەنىدى.

بەختىيار شۇ ئىشتىن كېيىن، ۋېلسىپىتكە مىنگەندە دىققەت قىلىدىغان، ئالدى - ئارقىسىغا ئادەم ئالمايدىغان، بوش ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي قېتىرقىنىپ دەرس ئۆگىنىدىغان بولدى.

قۇربانجان ئاخۇنباي (تاجىك)

# تاغلارنىڭ قۇدرىتى سىڭگەن تېنىمگە

## تاغ سۆيگۈسى

ئىشقىم چىڭ باغلانغان تاغلارغا مېنىڭ،
مەن لاچىن، ئېگىز تاغ مېنىڭ ماكانىم.
تاغلارنىڭ قۇدرىتى سىڭگەن تېنىمگە،
تاغلاردۇر ئۆمۈرلۈك ھىمات بايلىقىم.

ئىشقىم چىڭ باغلانغان تاغلارغا مېنىڭ.
تاغلارنىڭ سىماسى خەلقىم چېھرىدە.
تاغلاردا ئۆسىدۇ قارىغايلار جەسۇر،
مەن قارىغاي ئەۋلادى مەردلىك قەلبىمدە.

ئىشقىم چىڭ باغلانغان تاغلارغا مېنىڭ.
تاغلاردىن كۆرىمەن ئەجدادلىرىمنى.
بىرىدە رۇداكى، بىرىدە جامى①
بىرىدە لۇنجىك ② نىڭ پەرھادلىرىنى.

ئىشقىم چىڭ باغلانغان تاغلارغا مېنىڭ.
كۆز تىكسەم قەددىگە تاشار ئىلھامىم.
شۇ تاغلار بەرگەچكە ماڭا پۈتمەس كۈچ.
سۆيگۈدە چاپما قتا ئالماس قەلىمىم.

## باھار شامىلى

ئېخ! باھار شامىلى گۈلمەيلىس③. غەمسىز.
ئويناقلاپ، ئەركىلەپ سۆيدۈك مەكىزىمنى.
ھارارەت جۇشقۇنى تاراپ جىسمىمغا،
خۇشخەندە④ شاۋقۇنى باستى قەلبىمنى.

شوخ تاجىك قىزلىرى كۆرۈشكىنىدەك،
شىۋىرلاپ لېۋىمگە لېۋىڭنى ياقتىڭ.
ئاھ! ئويناپ پەرىدەك زەپلەرزانە ققاس،
مۇز تاغنىڭ كۆكسىگە باغرىڭنى تاڭدىڭ.

قاھ-قاھلاپ خوشلۇقتىن كۈلدى تاغ-دالا،
ئاڭلىغاچ سېنىڭدىن نەۋ باھار كۈيى.
ياپلاققا قونتاندەك چاچرىتىپ ئۈنچە.
سىرغىدى بۇلاقتىن شانباربا⑤ سۈيى.

سۆيۈنۈپ دېدىمەن: توختا ئەي شامال،
باخشلاپ قوينۇڭغا ئەپكەتكىن مېنى.
ھەر قۇرغا ئىجادتىن تىزىپ زەر ئۈنچە،
مارجان قىپ بوينۇڭغا قۇتلۇقلاي سېنى.

## شەپەق ئەكسىدە پارلىغان ياپلاق

كۆك ياپلاق يۈزىدە چىمىرلار شەپەق،
ئالەمچە گۈزەللىك ئۈندا پارلايدۇ.
قىيا تاش كۆكسىگە ياماشسا دولقۇن،
مەجنۇنتال زوقلىنىپ ئاڭا قارايدۇ.

شەپەقتىن تون كىيگەن جىمى كائىنات.
قىزغۇچ نۇر ئەكسىدە چاقنايدۇ تاغلار.
ئىزغىرىن شامالدا شىۋىرلاپ ئوتلاق،
شاد-خورام ئۆتىدۇ دىلرابا چاغلار.

چىمەنزار قوينىدا قاتار ئاق ئۆيلەر،
قىزىللىق تەپتىدىن ئېلىپتۇ ھالرەڭ.
چوغسىمان كۆرۈنەر ھەتتا ئۆستەڭمۇ،
بە ئەينى ياقۇت ئۇ،
ئەمەس تۇر نەيرەڭ.

---

① رۇداكى، جامى - 18-، 19- ئەسىرلەردە ئۆتكەن تاجىك شائىرلىرى.

② لۇنجىك - تاجىك خەلقىنىڭ مەشھۇر قوشاقچىسى.

③ گۈلمەيلىس - شوخ. ④ خۇشخەندە - شادلىق كۈلكىسى. ⑤ شانباربا - پامىردىكى داڭلىق مىنېرال سۇ بۇلىقى.

گۈزەللىك ئىچىدە ياڭرايدۇ ناخشا.
جۇر ئاڭا يىگىتنىڭ خۇش ئاۋاز نېيى.
مانا بۇ، مەن ئۆسكەن — تۇغۇلغان يايلاق،
ئاقىدۇ باغرىدا قەلبىمنىڭ كۈيى!

## تاغ سۈيى

ئاق تۇماندىن لىباس كىيگەن كۆركەم تاغ،
ئۇپۇق بىلەن لەۋ يېقىپتۇ چوققىسى.
قۇياش سۆيگەن زۇمرەت قارنىڭ ئىشقىدىن،
قۇيۇلماقتا كەڭلىكلەرگە تاغ سۈيى.

سوزۇپ-سوزۇپ «ئەركە تىلو»① ئوقۇيدۇ،
كۈمۈش سۇدا تاراپ چېچىن چوپان قىز.

قوي-قوزىلار سەكرەپ-تاخلاپ ئوينايدۇ،
سۇ يۈزىگە توزاڭلاردىن چېكىپ ئىز.

ئاق ئۆيلەردىن چۇقان سېلىپ چىقىدۇ،
تايچاقلاردەك ئەركىن ئۆسكەن ئۆسمۈرلەر.
ئۆستەڭلەردە ئۆزلىرىدەك شوخ ئاققان،
زىلال سۇغا قېنىپ - قېنىپ چۆمىلەر.

ئۆستەڭ بويى چېچەكلىكتە ئولتۇرۇپ،
سۇ ھۆسنىگە قاراپ خىيال سۈرىمەن.
يايلىقىمنىڭ كىملەچىكى — بەختىمنى،
ياقۇتسىمان بۈژغۈنلاردىن كۆرىمەن.

**قەدەم دىربىنزادە** (تاجىك)

# شېئىرلار

## قاناتپەرۋەر - بۈركۈت مىللىتى

ئاق پامىرنىڭ كۆھەر ئەۋجىدىن،
ئۇچۇپ كەلدى بۈركۈتۈم ئەنە.
قولۇمدىكى دۇنيانى كۆرۈپ،
ياش كۆكسىنى قىلدى نىشانە.

زەرىن خاككە كۆمۈلدى بۈركۈت.
تاجىك ئۇچۇن تۇغۇلدى سەنئەت.
چالسام گۈزەل سۆڭەك نەي② نى شوخ،
پەرۋاز قىلار قاناتلىق سۈرەت.

## رۇبائىيلار

قاقىدۇ ئۇل دۇنيا بۈركۈتى قانات.
بولۇشقا يارىماس ئۇ قىيا ھېسسىيات،
بىز تېخى تۇرىمىز چىملىق كەپىدە،
پەرىنلەر③ بولۇتنى ئەيلىدى رابات④

× ×

غەلۋە بار شارسىمان ھاياتدان ئىچرە،
بولغاچقا شارسىمان بېشىمىز خىرە.
سۇنسىمۇ تىنچلىقنىڭ بىر تال ياغىچى،
چۈشمەيدۇ ھەقىقەت كەبوت پەنەركە⑤

---

① ئەركە تىلو — تاجىك خەلقىنىڭ كلاسسىك ناخشىسى.

② سۆڭەك نەي - تاجىكلارنىڭ بۈركۈت قانىتىدىن ياسالىدىغان ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابى

③ پەرىن - قاناتلىق. ④ رابات - قونالغۇ.

⑤ كەبوت (كۆك) پەنەركە - ئاسمان دېمەكچى.

ئارسلان تالىپ

# ماھارەت

(ھېكايە)

ۋېلىسىپىت مىنىشتە شۆھرەتنىڭ خېلىلا داڭقى بار. ئەگەر شەھەر بويىچە ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان بولسا، چېمپىيونلۇقنى ئېلىشى تۇرغان گەپ. ئۇ ۋېلىسىپىتتا يانچە ئولتۇرۇش، بىر پۇتى بىلەن پىدالنى تېپىپ، بىر پۇتىدا رولنى باشقۇرۇش، رولنى تۇتماي تېز سۈرئەتتە مېڭىش... قاتارلىق جەھەتلەردە كامالەتكە يېتىپلا قالماي، مەيلى جامائەت سورۇنلىرى، مەيلى قىستا - قىستاڭ تار كوچىلار ۋە مەيلى قايناق بازارنىڭ ئادەم مىغىلدىغان كوچىلىرى بولسۇن ئوخشاشلا بىر خىل تېزلىكتە ئۆزىنىڭ چەبدەس ۋە ئەپچىل ماھارىتى بىلەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشمەي ماڭالايدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ماھارىتىگە تولۇق ئىشەنگەچكە، گەرچە ئۆيى بىلەن زاۋۇت ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان بولسىمۇ، ئىشقا چۈشۈشكە بەش مىنۇت قالغاندا ئۆيىدىن چىقىشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە ئىلىپەتلىرى بىلەن تاماشا قىلاتتى، ئەتىگەندە ئانىسىنىڭ قانچە قېتىملاپ چاقىرىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، بېشىنى يوتقانغا ئوراپ ئۇخلاۋېرەتتى، ئىشقا چىقىشقا 15 مىنۇت قالغاندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىنى چالا - پۇلا يۇيۇپلا ئانىسى تەييارلاپ قويغان چېينى ئىچەتتى - دە، ئىشقا ماڭاتتى. بىراق بۈگۈن شۆھرەت ئۈچۈن تازا نەس باسقان كۈن بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا، تام سائىتىنىڭ مىنۇت ستىرېلكىسى سەككىزگە ئون مىنۇت قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ كىيىمىنى كىيىپ، يۈزىنى يۇيۇپ، چېيىنى ئىچىپ بولغىچە بەش مىنۇتلا ۋاقىت قالدى، لېكىن قىرىشقاندەك ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىچاقىنىڭ يېلى بىرىش تۇراتتى.

— مانا كېچىكتى دېگەن، تويە ئەمدى، ئاخىرقى بەش مىنۇتقا! - شۆھرەت ئۆز-ئۆزىگە ئاچچىقلانغان ھالدا ناسوسنى ئېلىپ چىقىپ يەل بەردى. ئۇ ۋېلىسىپىتنى يولغا ئېلىپ چىقىپ سائەتكە قارىۋىدى، ئۈچ مىنۇت قالغانلىقىنى كۆردى. «ئۈچ مىنۇت — ھەل قىلغۇچ ئۈچ مىنۇت. قېنى شۆھرەت، بۈگۈن پۈتۈن ماھارىتىڭنى ئىشقا سال. بىر كىلومېتىر يول ئۈچۈن بىر مىنۇتتىن ۋاقىت بار. بۇنىڭغا غەيرەت ۋە ماھارەت كېرەك.» شۆھرەت ئۆزىگە - ئۆزى شۇنداق خىتاب قىلغاندىن كېيىن، شۇنداق ماڭدىكى، توختىماي جىرىڭلاۋاتقان قوڭغۇراق ئاۋازىدىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۆزلۈكسىز يول بېرەتتى. بىراق، ماتورلۇق ۋە ماتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن زور توسالغۇ بولۇۋاتاتتى، ئۇ، بۇ قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن يانداپ ئۆتۈش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم تورمۇز قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئاپلا، چاتاق!...

ۋېلىسىپىت قايرىمىغا كىرىپ قالغان شۆھ-

رەت پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، 40 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئايالنى سوقۇۋەتتى. ئۇ ئايال يول ياقىسىغا قاتتىق يىقىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ، شۆھرەت يىقىلمىدى. ئۇ، بىر پۇتى بىلەن يەرنى دەسسەپ ۋېلسىپىتتىن چۈشمەيلا كەينىگە قارىدى. بىر نەچچە ۋېلسىپىتلىك كىشى توختىدى، كىشىلەر ئۇ ئايالغا ئېچىناتتى، ئايال بولسا ناھايىتى قېيىنالغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېرىلغان پېشانىسىدىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى. شۆھرەت بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپلا، ئەرگە چۆمۈلدى ۋە: «قېچىش كېرەك، بۇ ئۆلەرمەن قېرى ئۆلۈكىنى ئارتىمسۇن يەنە...» دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈردى-دە، پىدالنى قاتتىق تەپتى، ۋېلسىپىت ئالغا قاراپ ئۇچتى، كەينىدىن ۋارقىرىغان ھەمدە تىللىغان ئاۋازلار كەلمەكتە ئىدى. شۆھرەتنىڭ ئۇلارنى ئاڭلاشقا رايى بارمۇ؟ ئۇ «ئۆلۈكىنى ئارتىدىغان ھېلىقى قېرى» نىڭ ئاچچىق تىلىنى ئاڭلاشنىمۇ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئىشقا كېچىكىشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى، بىر قېتىم كېچىكىش مۇكاپات سوممىسىغا بىۋاسىتە تاقىلىدىغان ئىش-تە!

پىدال كۈچەپ تېپىلمەكتە، قوڭغۇراق توختىماي جىرىڭلىماقتا، سائەت ستىرېلكىسى خۇددى ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشكەندەك ئىشقا چۈشۈشنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگە چاپماقتا.

— ئوھ، يېتىپ كەلدىم! — يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان زاۋۇت بىناسى ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇ سائىتىگە قارىدى، سائەت ستىرېلكىسى دەل سەككىزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئۆزىگە — ئۆزى مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان شۆھرەت پىدالنى تېخىمۇ كۈچەپ تېپەتتى.

زاۋۇتنىڭ يېنىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسى تەرەپتىن بىر ۋېلسىپىتلىك كىشى چىقىپ قالدى، بىراق شۆھرەت تورمۇز قىلىپ ئۈلگۈرەلمىدى-دە، ئۇنىڭغا بېرىپ قاتتىق سوقۇلدى. ۋېلسىپىت ئىگىسىدىن قاڭقىپ چىققان شۆھرەت ئۆزى بىر ياققا، ۋېلسىپىتى بىر ياققا يىقىلدى، لېكىن ۋېلسىپىتتىن يىقىلىش ماھارىتىنىمۇ ئاز-تولا ئۆگىنىپ قويغان شۆھرەت ئانچە قاتتىق يىقىلمىدى. قاتتىق سوقۇلۇشتىن دەسلەپتىلا ھودۇققان ھېلىقى كىشى بولسا ۋېلسىپىتى بىر ياققا، ئۆزى بىر ياققا ئاغدۇرۇلدى.

شۆھرەت ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋېتىپ تۇساتتىن ھېلىقى كىشىگە نەزەرى ئاغدۇرۇلدى-دە، چۆچۈپ كەتتى. 45 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئادەم دەل ئۆز زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاسىم ئاكا ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىدىن ناھايىتى ئاۋايلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ ئالدى چاقى مايماق كەتكەنلىكى شۆھرەتنى كۈزدىكى يوپۇرماقتەك تىترەتتى. «ئەمدى تۈگەشتىم! كېچىككەننى ئاز دەپ زاۋۇت باشلىقىنى سوقۇۋەتتىم، ئەمدى بۇ قاپىقى يامان چاڭجاڭ مېنى كەچۈرمەيدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ توغرا، يېتىۋېلىش كېرەك. بەلكى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ زەھەرلىك سۆزلىرىدىن ئازراق قۇتۇلارمەن.» شۆھرەت ئورنىدا قىمىرلىماي يېتىپ، ۋاي-ۋايلاشقا باشلىدى. قاسىم چاڭجاڭ ئورنىدىن تەستە تۇردى-دە، شۆھرەتنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ۋوي، بۇ بىزنىڭ شۆھرەتقۇ؟! — قاسىم چاڭجاڭ ئۇنى يۆلىدى، — ئۇكام، قاتتىق يىقىلىپ كەتتىڭ، بىرەر يېرىڭ يارىلاندىمۇ قانداق؟

( ئاخىرى 126- بەتتە )

**مىخائىل زوشچېنكو**

# بىر پارچە خەت ۋە ساۋاتسىز ئايال توغرىسىدا ھېكايە

لېنىنگرادتا بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ياشايتتى. ئەر بىر رەھبەرىي كادىر بولۇپ، ئوتتۇرا ياش، ساغلام، كۈچ-قۇۋۋەتتى تولۇپ-تاشقان، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا سادىق كىشى ئىدى. ئۇ گەرچە ئادەتتىكى يېزىدىن كەلگەن، ھېچقانداق ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىگە ئىگە بولالمىغان كىشى بولسىمۇ، ئەمما شەھەرگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىۋالدى. شۇڭا ئۇ ھەر خىل سورۇنلاردا لېكسىيە سۆزلىيەلەيتتى، ھەتتا ھەر قايسى كەسىپلەردىكى ئۆلىمالار بىلەن مۇنازىرىلىشىپمۇ قوياتتى.

لېكىن ئۇنىڭ ئايالى پېلاگىيا ساۋاتسىز ئىدى. گەرچە ئۇمۇ يولدىشى بىلەن يېزىدىن كەلگەن بولسىمۇ، ھېچنېمىنى ئۆگەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ساۋاتسىز قېلىۋېرىپ، ئاددىيسى ئۆزىنىڭ فامىلىسىنىمۇ يازالمايتتى. شۇڭا پېلاگىيانىڭ يولدىشى بۇنىڭدىن بەكمۇ قايغۇراتتى، ئەمما بۇ خىل كۆڭۈلسىزلىكتىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ خىزمىتى تولىمۇ ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايالىنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالمايتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئايالىغا: «سەن ئوقۇش بىلەن يېزىشنى ئۆگەنگىن. ھازىر ۋەتىنىمىز دەۋرىنىڭ نادانلىق ۋە مەدەنىيەتسىزلىك ھالىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. بىراق، سەن بولساڭ زاۋۇتنىڭ دىرېكتورىنىڭ ئايالى تۇرۇقلۇق ياكى يېزىشنى بىلمەيسەن ياكى ئوقۇشنى... مەن بۇنى ئويلىسام بەك ئازابلىنىمەن!» دېدى. پېلاگىيا ئۇنىڭغا: «ھەي...ي، ئىۋان نىكولايېۋىچ! نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز؟ مەن ياش ۋاقتىمدا ئۆگىنەلمىگەن تۇرسام، ئەمدى ياشلىقىم ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا-زە، ئۆگىنىمەن دېسەم، قولۇم قەلەم تۇتالمىسا قانداقمۇ ئۆگىنىمەن؟ بولدى قويۇڭ، ياشلار ئۆگەنسۇن، مەن ساۋاتسىز بولۇپ قېرىپ كېتەي» دەپ جاۋاب بەردى.

بىر كۈنى ئىۋان نىكولايېۋىچ ئۆيگە ئېلىپبەدىن بىرنى ئالغاچ كېلىپ: «مانا قارا، - دېدى ئايالىغا، - پېلاگىيا، بۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدىغانلار ئۈچۈن يېڭىدىن نەشىر قىلىنغان، يېڭى پەننىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن ئوقۇشلۇق، بۇنى ئۆگەنگىن. ئەمدى سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن بىلەن تاكاللاشمىغىن.»

پېلاگىيا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئېلىپبەنى ئېلىپلا تاشلاپ قويدى. بىر كۈنى ئۇ، يولدىشىنىڭ پىنجەكىنىڭ يىرتىلغان يېرىنى ياماپ قويۇش ئۈچۈن پىنجەكنى ئېلىشىغا، تۇيۇقسىز بىر نەرسىنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى سەزدى. شۇنداق قارىسا، يەردە بىر پارچە خەت ياتاتتى. ئادرېسى چىرايلىق پۆچىركىلار بىلەن يېزىلغان، ئاپئاق كونۋېرتتىن ئەتىرنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. پېلاگىيانىڭ يۈ-



ردىكى سىقىلدى. «شۇندا قىلدۇ؟ — ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئىۋان نىكولايېۋىچ مېنى ئالداۋاتامدىغاندۇ؟... ئۇ مېنىڭ ساۋاتسىزلىقىمدىن پايدىلىنىپ باشقا ئاياللارغا مۇھەببەت خېتى يېزىپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە؟» پېلاگېيا كونۋېرتقا قارىدى، خەتنى ئېچىپ كۆردى. ئەمما ئۇنىڭ خەتنى ئوقۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پېلاگېيا ھاياتىدا تۇنجى قېتىم خەت ئوقۇيالماسلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سېزىپ يەتتى! «چوقۇم، — ئويلىدى ئۇ يەنە، — بۇ، باشقا ئايالنىڭ خېتى. شۇڭا بۇ خەتتە نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى چوقۇم بىلىشىم كېرەك. بەلكىم مۇشۇ خەت تۈپەيلىدىن تۇرمۇشۇمدا ئۆزگىرىش بولۇپ، يېزىغا قايتىپ كېتىشىم مۇمكىن...» ئۇ خورلۇق ھېس قىلىپ بەكمۇ ئازابلاندى. «مەن، — ئويلىدى پېلاگېيا، — يولدىشىمنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۇ بىر پارچە خەت ئۈچۈن بۇنچىلىك ئازابلانمىغان بولاتتىم. خەت ئوقۇيالماسلىق نېمە دېگەن ئازابلىنارلىق ئىش — ھە؟! بۇ خەتتە نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن چوقۇم ساۋاتىمنى چىقىرىشىم كېرەك!» ئۇ يىغلىغىنىچە ئىۋان نىكولايېۋىچنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ھەر بىر كىچىك ھەرىكەتلىرىگىچە ئويلاشقا باشلىدى. «توغرا، ئۇ يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان ئۆزگىرىپ كەتتى، كىچىك بۇرۇتىنى دائىم قىرقىلاپ ياسايدىغان بولۇۋالدى. تېخى يېقىندىن بىر شلەپە سېتىۋالدى!»

پېلاگېيا ئولتۇرغىنىچە ئويلىغاچ يىغلىدى. ئۇ خەتنى ئوقۇشى كېرەك. بىراق ئۇ ھەرپلەرنىمۇ تونىمىغاچقا ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خەتنى باشقىلارغا ئوقۇتۇشقا تېخىمۇ بولمايتتى. ئۇ يىغلىغان پېتى خەتنى ئېلىپ قويۇپ پىنجەكنى ياماغاچ ئىۋان نىكولايېۋىچنى ساقلىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغدا، پېلاگېيا ئۇنىڭغا خەت توغرۇلۇق بىر نېمە دېمىدى، چاندۇرماستىن ئادەتتىكىدەك پاراڭلاشتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىۋېلىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئەمدى ساۋاتسىز قېلىۋېرىشنى راستىنلا خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى نىكولايېۋىچ خۇشال بولۇپ، — مەن ئۆزۈم ساڭا ئۆگىتەي.

— ئۆگەنمەيمەن! — جاۋاب قايتۇردى پېلاگېيا، ھەم چاندۇرماستىن ئىۋان نىكولايېۋىچنىڭ رەتلىك تارالغان بۇرۇتىغا مەنىلىك قاراپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى قايتىدىن سىقىلىپ كەتتى.

ئىككى ئاي جەريانىدا پېلاگېيا ھەركۈنى ئوقۇش بىلەن يېزىشنى مەشىق قىلدى. ھەرپلەرنى يازدى، سۆزلەرنى ئوقىدى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ھېلىقى ئىقىپ قويغان خەتنى ئېلىپ، مەنىسىنى چۈشەنمەكچى بولدى. ئەمما خەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەك ئۇنداق ئاسانغا توختىمىدى. پەقەت ئۈچ ئاي تىرىشىپ ئۆگەنگەندىن كېيىنلا. پېلاگېيا خەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئىۋان نىكولايېۋىچ ئىشقا كەتكەن چاغدا، پېلاگېيا خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ خەتتىكى پۆچەركىلارنى ناھايىتى تەستە ئوقىدى. ئەمما كونۋېرتتىن دېمىقىغا ئۇرۇلغان ئەتىرنىڭ پۇرىقى ئۇنى تېز ئوقۇشقا ئۈندەيتتى، خەت ئىۋان نىكولايېۋىچقا يېزىلغان بولۇپ، تۆۋەندىكى مەزمۇندا ئىدى:

«ھۆرمەتلىك كۆچمەن:

سىزگە ئېلىپبەدىن بىرنى ئەۋەتتىم.

(ئاخىرى 112 — بەتتە)

# ئوخشاش

( چۆچەك )

زامانى ئەۋۋەلدە بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ كۈنگە يەتمىش ئىككى ۋاق، يەتمىش ئىككى ياڭزا تاماق يەيدىكەن. مەخسۇس تاماق توشۇيدىغان مۇلازىمى بار ئىكەن، مۇلازىم ھەر قېتىم تاماق ئېلىپ كىرگەندە، پادىشاھ كۆرەڭلەپ:

— مەن يېگەن سەن يېگەن ئوخشاش. يولۇڭغا ماڭ. — دەيدىكەن — دە. ئىككى قوللاپ لىڭگىنىگە ئېتىلىدىكەن.

مۇلازىم گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى شوراپ، تامغا قىلىرىنى تاشلىتىپ قەسىرىدىن ئايرىلىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىپتۇ، تاماق توشۇيدىغان مۇلازىمىمۇ بىللە مېڭىپتۇ، پادىشاھ ئاتلىق. مۇلازىم پىيادە ئىكەن. ئۇ ئات بىلەن تەڭ ماڭالماي، پۇتلىرى ئاغرىپ بولالماي پادىشاھقا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ.

— ھەي چاكار نېمىگە قارايسەن؟ مەن مىنگەن سەن مىنگەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ مېڭىۋەر، — دەپتۇ پادىشاھقا قاھلاپ كۈلۈپ. مۇلازىم ھارغىن ئاياغلىرىنى ئاران يۆتكەپ، ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، يىغلامسىراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، پادىشاھ كېيىكلىك تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئاتلىرىنى تاغ باغرىدا مۇلازىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ۋەزىر — كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقما قچى بوپتۇ. مۇلازىمنىڭمۇ بىللە چىقىپ كىيىك ئوۋلىغۇسى كەپتۇ — دە، تىزلىنىپ دەپتۇ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، پېقىرنىڭ ھەزرەتلىرى بىلەن شىكارغا چىقىشى تۇنجى ئىش. مەنمۇ كۆڭلى — قارنىمنى ئېچىپ چۇشەي، باشقىلار سىغقان تاغقا مەنمۇ سىغارمەن، قۇيرۇقلىرىغا سېلىۋالسىلا، رەھىم قىلىپ ئېلىۋالسىلا ئىكەن.

پادىشاھ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ:

— ھوي ئەخمەق، ماڭا بەس سېلىۋاتقىنىڭنى قارا. مەن ئوۋلىغان سەن ئوۋلىغان ئوخشاشقۇ، — دەپلا كېتىپ قاپتۇ. مۇلازىم يالغۇز ئولتۇرۇپ ھەسرەت چېكىپتۇ. «خەپ، ماڭىمۇ مۆرىتى كېلەر» دەپتۇ. پادىشاھ تاغدىن چۈشۈپتۇ ۋە تاغنى ئايلىنىپ سەيلە قىلغاچ ئوردىغا قايتىپتۇ. يولدا سۈيى مول بىر دەرياغا ئۇچراپتۇ. پادىشاھ «بۇنچىلىك قانچىلىكتى» دەپتۇ — دە، ئالدى — ئارقىسىغا باقماي ئات سېپتۇ، ۋەزىرلەر ئەگىشىپتۇ، مۇلازىم قىرغاقتا قاپتۇ. ئات دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، دولقۇن سوقۇپ پادىشاھنى ئىگەردىن ئاجرىتىۋېتىپتۇ. پادىشاھ سۇغا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ۋارقىراپتۇ:

— قېنى سەن مۇلازىم، مېنى چاققان قۇتقۇزۇۋال.

مۇلازىم جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى، سىلە ئاققان. مەن ئاققان ئوخشاش. خاتىرجەم ئېقىۋەرسىلە. ياتقان يەرلىرى جەننەتتە بولسۇن!

خەزنە

ئېيتىپ بەرگۈچى: يېڭىشەھەر ناھىيە ياماناياربېزا 9 — كەنتتىن ھەسەن موللا

رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيىت

ئۆمەر ئىسمائىل

## بەدئىيەتىنىڭ ئاقىۋىتى

( خەلق چۆچەكلىرى ئىزىدىن )

بۇرۇن ئۆتكەن زاماندا.
گۈزەل پامىر تامىندا.
ياشار ئىكەن ئىككى دوست.
قوينى گۈلشەن ماكاندا.
سۆۋەت توقۇپ بىرلىكتە،
مال باقاركەن يايلاقتا.
چىن دىلىدىن كۆيۈنۈپ،
ھەر بىر قوزا - تايچاقتا.
× ×
يىللار ئۆتۈپ ھەسەننىڭ،
ئۆزگىرىپتۇ خۇي - پەيلى.
يۈز ئۆرۈپتۇ دوستلۇقتىن،
ئاداۋەتلەر تۈپەيلى.
چۈنكى ھۇسەن ئەزەلدىن،
بولغاچقا بەك ئاق كۆڭۈل؛
ئىشلەپ يۈرۈپ جاپالىق،
كىرىم قىپتۇ نۇرغۇن پۇل.
تەۋرىنىمۇ يەر - زېمىن،
تۇرغاچ ھالال لەۋزىدە؛
ئورۇن ئاپتۇ، مەردلىكى،
بۇرادەرلەر قەلبىدە.
قىلمايدىكەن ساختىلىق.
ھۈنىرىگە قىلچىمۇ.
توغراق - يۇلغۇن تاللىرى.
قوللىرىنى تىلىسىمۇ.
بولغاچ سۆۋەت ياراملىق،
ئاپتۇ ھەممە تالىشىپ.
«راستىن قولۇڭ گۈل ئىكەن»،
دەپتۇ خەقلەر ماختىشىپ.
ئادىل بولۇپ سودىدا،
تالىشىپتۇ باھانى.
ئېسىل خىسلەت نۇر چېچىپ،
ئىگىلەپتۇ بازارنى.
دەيدىكەن ئۇ دائىما:
«قولىنىڭ كىرى پۇل دېگەن.
ئەلنى رازى قىلىمەن،
مېنىڭ توغرا يول بىلەن...»
× ×
ئامراق ئىكەن ھەسەنجان،
قول ئۇچىدا ئىشلەشكە.
چېكىسىنى تەرلەتمەي،
قەن - ناۋاتلار چىشلەشكە.
ساتار ئىكەن بەزىدە،
گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكىنى.
ھىيلە - مىكىر، قۇۋلۇقتا،
يېڭىپ ھەتتا تۈلكىنى.
دەيدىكەن ئۇ ئۆزىچە:
«خېرىدارنىڭ كۆزى كور.
پەرق ئەتمەيدۇ ياخشىنى،
ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر...»
سېتىپ ئالار بەس - بەستە.
نەرقى ئەرزان بولسىلا.
نېمە ئارمان ھەسەندە،
يانچۇق پۇلغا تولسىلا...
كۆپرەك سۆۋەت توقۇي دەپ.
تۇتمىغاچقا سۈپەتنى؛
چۆچۈرىنى خام ساناپ.
قاچۇرۇپتۇ چۆپقەتنى.
تۇرسا گۇناھ ئۆزىدە،
ھۇسەنجاننى قاغاپتۇ.
دەپتۇ «توسقاچ يولنى سەن،
سۆۋەتىمنى ئالماپتۇ.
چىقار ئىدىم پۇخادىن،
باسار سېنى پالاكەت.
تۈگەپ كەتسە دۇنيادىن،
ساڭا ئوخشاش ھاماقەت...»
تولغىنىپتۇ ھەسەنجان
يۈزىنىڭ چايان چاققاندەك.

لاخشىگەرنى قىز دىتىپ،
كۆكرىدىكىگە ياقا ئىدەك.
«كۆيۈپ ھەسەت ئوتىدا.
چوڭقۇر غەمگە چۆكۈپتۇ.
تار كۆڭلىگە شۇ ھامان،
شۇم غەرەزنى پۈكۈپتۇ.

× ×

قوي با قىسمۇ ھۇسەنجان،
ئەتىگىنىدىن كەچكىچە؛
يەنە سۆۋەت توقۇپتۇ،
ئەل ئۇيقۇغا كەتكىچە.
ئۇنىڭ ئىشچانلىقىغا،
زوقلىنىپتۇ تولۇنئاي.
پەرۋانىدەك ئايلىنىپ،
نۇر چېچىپتۇ توختىماي.
توقۇپ چىققان سۆۋەتنى،
رەتلىك تىزىپ ھويلىغا.
ياستۇقىغا باش قويۇپ،
غەرق بولۇپتۇ ئۇيقۇغا.
ئۇخلاپ تۇرسۇن ھۇسەنجان،
گەپ ئاڭلايىمىز ھەسەندىن.
ئۆچ ئېلىشنىڭ پەيتىنى،
كۈتكەن ئىدى ئەزەلدىن.
ھۇسەنجاننىڭ ئۆيىگە،
كەپتۇ ھەسەن ئالدىراپ.
كۆرۈپ نۇرغۇن سۆۋەتنى،
قاپتۇ بىردىن گاڭگىراپ.
ئېلىپ چىقىپ تالاغا،
سۆۋەتلەرنى تۇيدۇرماي؛
كۆيدۈرۈپتۇ ياغ چېچىپ،
بىر تالىنىمۇ قالدۇرماي.
ھۇسەن قوپسا سۆۋەت يوق،
ئىشەنمەپتۇ كۆزىگە.
ئىزدەپ تېپىپ كۈللەرنى،
سۇر تېپىپتۇ يۈزىگە.
ئاپتۇ كۈلنى دەرھاللا،
خالتىسىغا ئاۋايلاپ.
ئۇخلاپ قاپتۇ ھايالسىز،
ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ.
تاڭغا يېقىن چۈشىدە،
كۆرۈپتۇ بىر كارامەت.
«خىزىر» سىلاپ بېشىنى،
ياغدۇرغانمىش شاپائەت.
دەيمىش: «ھازىر ئالتۇنغا،
ئايلاندۇراي كۈلۈڭنى.
ئېچىلدۇرۇپ قايتىدىن،
سولغان مېھنەت گۈلۈڭنى...»
راس دېگەندەك ئويغانسا،
كۈللەر ئالتۇن بولۇپتۇ.
بۇ تۇيۇقسىز ئامەتتىن،
خوشاللىقى تولۇپتۇ.
بۇ خوشخەۋەر چاقماقتەك،
يۇرت ئەھلىگە تارقاپتۇ.
دەپتۇ ھەممە: «ھۇسەننىڭ.
ئەجرى يەردە قالماپتۇ».

× ×


ھەسەن ئاڭلاپ چىدالماي،
نالە قىپتۇ خۇداغا.
دەپتۇ: «مېھرى - شەپقەتنى،
تەڭ چاچ ھەممە پۇقراغا.
ئوڭ كۆزۈڭدە نەزەر سال.
مەندەك ئاجىز بەندەڭگە.
كەملەپ كەتمەس خەزىنەڭ،
ماڭا ئازراق بەرگەنگە...»
كۆيدۈرۈپتۇ شۇنداق دەپ،
سۆۋەتلەرنىڭ ھەممىنى.
كۈلنى سۆيۈپ يىغلاپتۇ،
تىلەپ ھەر كۈن بەختىنى.
ئۇچرىتالماي «خىزىر» نى،
تالاي كېچە ئۆتۈپتۇ.
ئۇخلىيالماي تامادا،
كۆزىدە قان تولۇپتۇ.
زىيان دېگەن ئاچچىقكەن،
ساپتۇ ھەسەن ھازىنى.
تۆشۈك ئىكەن ئەزەلدىن،
بەدنىيەتنىڭ قازىنى.

## ۋىلايىتىمىز تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر خۇشخەۋەر

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن «ئەدەبىيات – سەنئەت گېزىتى» نىڭ خەۋەرگە قارىغاندا، يېقىندا ئېلىپ بېرىلغان 3 – نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدا يېزىلغان تېلېۋىزىيە سەنئىتى بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى» نى باھالاشتا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات – سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچى يولداش جۇگۇاڭخۇا نىڭ شۇ نامىلىق ھېكايىسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ھەمدە ئەسلى ئەسەر ئاپتورىمۇ تىياتىر قىلىپ ئىشلەشكە قاتناشتۇرۇلغان سەككىز قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «تۇتقۇن قىلىنغان قاچقۇن» شەرەپ بىلەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى بويىچە 3 – دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ تىياتىرنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي – قانۇن كومىتېتى بىرلىكتە ئىشلىگەن، يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دېكتورى يولداش خەيرىنگۈل فىلىمدە جەئىملىك سېھىرگەر خوجا يىمىننىڭ ئايال كاتىپىنىڭ رولىنى ئالغان. بۇ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى 1989 – يىلى 6 – ئايدىن بۇيان شىنجاڭ ئۈن – سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىشلىنىپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەرلەردىكى سىنئالغۇ قويۇش ئورۇنلىرىغا 500 يۈرۈشتىن ئارتۇق سىنئالغۇ لىنتىسىنى تارقاتتى. بۇ يىل، يىل بېشىدىن باشلاپ ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ مەملىكەتتىكى بىر قىسىم ئۆلكە، رايونلاردىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى تارقاتتى. شۇنداقلا، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يازغۇچى جۇگۇاڭخۇا يېزىشقا قاتناشتۇرۇلغان، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قەشقەردە سۈرەتكە ئالغان «سالام، قۇربان ھېيت» بۇ قېتىملىق باھالاشتا بالىلار سەنئەت فىلىمى بويىچە 3 – دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئېزىز خۇدابەردى



## قەشقەر شەھىرى ئابلىمىت سابىرنى كەسپىي يازغۇچىلىققا ئاجراتتى

قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېقىندا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابلىمىت سابىرنى كەسپىي يازغۇچىلىققا ئاجراتتى.

كومپارتىيە ئەزاسى ئابلىمىت سابىر بۇ يىل 53 ياشقا كىرگەن بولۇپ، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى. ئۇ، 35 يىلدىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، 200 پارچىدىن كۆپرەك ھېكايە يازغان؛ ئۇنىڭ 120 پارچىدىن كۆپرەك ھېكايىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان؛ «ئۇنىڭ ماكانى» قاتارلىق 21 پارچە ئەسىرى خەنزۇ ۋە چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان؛ تۆت پارچە ئەسىري ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلگەن؛ «دەرۋازىۋەن» قاتارلىق بەش پارچە ئەسىرى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «بىخ»، «نوتا» ناملىق ئىككى ھېكايىلەر توپلىمى نەشىر قىلىنغان.

قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ يولداش ئابلىمىت سابىر بىلەن تۈزگەن توختامىدا، يىلدا بىر پارچە پوۋېست ياكى تۆت پارچە ھېكايە يېزىش ۋە ياكى ئۈچ يىلدا بىر پارچە رومان يېزىپ نەشىر قىلدۇرۇش قاتارلىق شەرتلەر بېكىتىلگەن.

ئەركىن ئەبەيدۇللا

(«قەشقەر گېزىتى» دىن ئېلىندى).

---

(بېشى 190 - بەتتە)

مەھەللىدىكى بىرەيلەنگە مۇشۇ خەتنى پوچتىدا سېلىۋېتىشنى ئۆتۈندۈم.

مۇئەللىم، مەن ئوقۇيمەن! مەكتىپىمنى، سىزنى، ساۋاقداشلىرىمنى بەك سېغىنىپ كەتتىم.

مۇئەللىم. مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!

سىزنى سېغىنىپ ۋە سىزگە ئىشىنىپ: ئوقۇغۇچىڭىز **مۇھەممەت ئەلى.**

**1989- يىلى 9- ئاينىڭ 20- كۈنى.»**

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ قاتتىق ئازابلاندىم. جەمئىيىتىمىزدىكى مۇھەممەت ئەلىنىڭ دادىسىدەك نادان ئادەملەرگە غەزەپلەندىم ھەم ئېچىندىم. ئوقۇغۇچۇم مۇھەممەت ئەلىنى جاھالەت ۋە خۇراپاتلىقنىڭ قاراڭغۇ غارىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش ئىستىكى قەلبىمدە لاۋۇلداپ ياندى. مەن بۇ خەتنى ئاۋۋال مەكتەپ مۇدىرىغا تاپشۇردىمەن؛ ئاندىن تەشكىل ۋە قانۇن **ئورۇنلىرى ئارقىلىق مۇھەممەت ئەلىنى قۇتقۇزدىمەن، ئۇنى جەمئىيەتكە ياراملىق ئا**دەم قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن!

## ئاپتور ۋە كىتابخانلار دىققىتىگە:

### —«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز — «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1972 - يىلى 5 - ئايدا يولۇقتىن بارلىققا كېلىپ نەشر قىلىنغان 19 يىلدىن بۇيان، كىچىككىلىكتىن چوڭىيىپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىشتىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئوچۇق - ئاشكارا تارقىتىشقا قەدەر بولغان شەرەپلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 1991 - يىلى 6 - ئايدا ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىغا 20 يىل ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي نەشرى سانى 100 سانغا توشىدۇ. بۇ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى بىر چوڭ نامايەندە. بىز بۇ ياخشى پۇرسەتتە ژۇرنىلىمىزنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى مۇۋاپىق شەكىلدە خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ ئاپتورلار ۋە كىتابخانلارنىڭ، بولۇپمۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ ياخشى چىقىرىلىشى ئۈچۈن بىۋاسىتە يار - يۆلەك بولغان، ئىلھام بەرگەن پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ، پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياشلىق ياش يازغۇچى، شائىرلارنىڭ، تەھرىر خادىملارنىڭ ھەم ژۇرنىلىمىزنى ئىجادىيەت سەھنىسى قىلىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ياش قەلەمكەشلەرنىڭ مۇشۇ ھەقتە مەخسۇس ماقالە، بېغىشلىما، ئەسلىمە ۋە باشقا تۈرلۈك شەكىلدىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ تەھرىر بۆلۈمگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

بۇ مەزمۇندىكى ماقالىلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1991 - يىللىق 1 - سانىدىن باشلاپ مەخسۇس سەھىپە ئاستىدا ئېلان قىلىنىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن:

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

( بېشى 118 - بەتتە )


— ئۇقمايمەن، لېكىن پۈتۈن بەدىنىم ئۆرۈپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتىدۇ، - دېدى ئۇ ئىنجىقلىغان ھالدا.

— ھەممە ئەيىب مەندە، ئۇكام، مەن ئارا يولدىن چىققاندىن كېيىن ئالدى - كەينىمگە قارىماي مېڭىشىم كېرەك ئىدى. بۇ سەۋەنلىكىمنى كەچۈر، سېنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي، ئەگەر ماڭالمىساڭ مەن زاۋۇتقا بېرىپ ماشىنا ئەكېلەي.

— ياق، ياق! - شۆھرەت ئورنىدىن دەس تۇردى، - مەن بىر نەرسە بولمىدىم، دوختۇرغا ئاپىرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

قاسىم ئاكا ئۇنىڭدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ سەل ھەيران قالدى ۋە بىردەم تۇرۇۋېتىپ شۆھرەتنىڭ مۈرىسىگە يېنىككىنە ئۇردى - دە، «ۋۇ شەيتان!» دەپ قويدى. بىراق قاسىم چاكىچاكىغا سىر بولۇپ قالغىنى سەۋەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن قىلماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە ئىككى ۋەقەنىڭ سىرلىق باغلىنىشى ئىدى.







↑ پۈتۈن ئېسىيادى كىتابتا

→ بۆشۈك بازىرىدا

→ بوۋاي ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى

(ئادىل ئابدۇراخمان فوتوسى)





↑ كىچىك كۈنلۈك (مۇھەممەت ئابدۇللا فوتوسى)

← بوستان چاچ



خىيال ئىلكىدە

(ئادىل ئىسمايىل فوتوسى)


قەشقەر ئەدەبىياتى (19-يىل نەشرى)

«喀什噶尔文学»（双月刊）

KASHGAR LITERATURE
IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

1990 - يىل 6 - سان (قوش ئايلىق ژۇرنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژۇرنال سودىسى باش شىركىتى
(بېيجىڭ 2820 - خەت ساندۇقى)
(O.P. BOX 2820 BIEJING CHINA )
فورماتى 787 × 1092 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق
دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

پوچتا ۋاكالىتەن نومۇرى: 62 — 58
باھاسى 1.00 يۈەن
تېلېفون نومۇرى: 23196